غ. ئو. زۇلپىقار

# ھارغىن ھىسلار

## مۇندەرىجە


بىر ئايالنىڭ ھەسرىتى ........................................................................ 3
تېلېفون سېھرى ............................................................................. 23
ئاجايىپ دېموكراتىيە ........................................................................ 38
«سىلەرمۇ ئىنسان» ......................................................................... 41
ھال سوراش ................................................................................ 77
*بىرىنچى باب خەلقنىڭ غەمگۇزارلىرى ...................................... 77*
*ئىككىنچى باب يېزىلىق ھۆكۈمەت بوغالتىرىنىڭ ھېسابات خاتىرىسى .81*
*ئۈچىنچى باب يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىۋىنىڭ خىزمەت خاتىرىسى ........83*
ئادالەتنىڭ ھامىيلىرى ...................................................................... 87
كۆڭۈل شادلىق ئىزدەيدۇ ................................................................. 94
«غايەت زور ئىلھام» ...................................................................... 115
بېزەلگەن قەبرە ............................................................................ 138

# بىر ئايالنىڭ ھەسرىتى

ئەتراپتىن دىماقنى يارغۇدەك قارالاي ۋە چېرىگەن كۆكتاتلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. سازلىقتا بولىدىغان ئاساسىي ئۆسۈملۈك — سېرىققۇمۇش، ۋە ھىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا كۆك رەڭلىك، ئىنچىكە بەللىك — سازلىقنىڭ ئۆزىگە خاس يىڭناغۇچلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. قوزا چۈش مەھەلىدىكى قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشىغا باشلىغان نۇرىدا سازلىقتىكى بۇلاقلاردىن چىقىپ تۇرىدىغان تارام-تارام سۇلار ۋە خۇددى شاللىقتەك چىلىقلاپ تۇرىدىغان ئويمانىراق جايلاردىكى سۇلار پارقىرايتتى.

بەزى بۇلاقلارنىڭ بويىدا بىرەر تۈپ قېرى سۆگەت غولىنىڭ بىر تەرىپى پۇرلاشقان ھالدا، ئومۇمى كۆرۈنۈشىدىنمۇ قېرىلىق ئالامەتلىرىنى بىلىندۈرۈپ بۇلاق تەرەپكە ئېگىلىپ تۇراتتى. بەزى قويۇق پاتقاقلىق بۇلاقلار پادىچىلار تەرىپىدىن پەخشى تام بىلەن دائىرىگە ئېلىپ قويۇلغانىدى، بۇ ئۇلاقلارنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىنغان مۇداپىئە ئىدى، بەزى بۇلاقلارنىڭ چۆرىسىدە يېڭى تىكىلگەن قويۇق سۆگەت ۋە مەجنۇنتاللار بۇلاق يۈزىگە شاخلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

بۇلاقلارنىڭ دۆڭ جايلىرى ھىكەن ۋە قومۇشلار بىلەن قاپلانغان.

بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بۇلتۇردىن قالغان قۇرۇق غوللىرى بىلەن بۇ يىلقى كۆكىرىپ تۇرغان غوللىرى چېگىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىكلىتىلگەن ئىپتىدائى ئورماننىڭ ئۆزىلا ئىدى. ھىكەن، قومۇش غوللىرى ئارىسىدا ئالقاندەك-ئالقاندەك يېشىل لەش يېپىلىپ مىدىرلاپ تۇراتتى. پەقەت بۇلاقنىڭ كۆزىلا ھېچنەرسە ئۈنمىگەن، لەشلەرمۇ بولمىغان، ئوچۇق ھالدا چەكسىز چوڭقۇرلۇقنى نامايەن قىلىپ، كۆك زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇلاق كۆزىنىڭ ئاسمان رەڭگىدىكى قېنىق سەتھى ھەقىقەتەنمۇ غايەت چوڭ كۆك كۆزگە ئوخشايتتى.



ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇرغان كىشىدە ۋەھىمە پەيدا بولۇپ، شۇ يەردىن ھېلىلا بىر ئەجدەرھا بېشىنى چىقىرىپ دەم تارتىدىغاندەك سۈر بېسىپ كېتەتتى. بىراق، بۇلاقتا ئەجدەرھا يوق، پەقەت بارماق چوڭلۇقىدىكى يوغان باش بېلىقلار گاھ ئەڭ چوڭقۇر يەرگە شۇڭغۇپ، گاھ سۇ يۈزىگە ئۇخچۇپ ئۈزۈپ يۈرەتتى.

كۈن پېتىش تەرەپتە شالاڭراق قاغا جىگدىلىك، ئۇنىڭ نېرىسىدا يېزىنىڭ دەرەخلىرى گىرىمسەن كۆرۈنەتتى.

لۆمشىپ تۇرىدىغان سازلىقتىكى بىردىن-بىر داق يول بويىدىكى يېڭى كۆچەتلەر بىلەن چۆمكىلىپ تۇرغان بولاق تۆۋىدە چىرايلىق ياسانغان ياش بىر ئايال بۇلاق سۈيىگە تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ سۈزۈك سۇدا ئۆزىنىڭ سەھرالىقلارغا خاس ساددا ۋە گۈزەل ھۆسنىنى تاماشا قىلماقچىمىدۇر؟ ياكى بۇلاقنىڭ سۈزۈكلىكىگە ھەۋىسى كېلىپ ئولتۇرغانمىدۇر؟ ياق، ياق! ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدە ھەسرەتلىك نۇرلار پارقىراۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ چېھرىسىدە چەكسىز بىزارلىقنىڭ ئىزناسى تۇرىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئېغىر-ئېغىر تىنىشلىرىدىن ئېيتقۇسىز دەرت-ئەلەم بىلىنىپ تۇرىدىغۇ؟ لەۋلىرى نېمىنىدۇر دەپ پىچىرلاۋاتىدىغۇ؟ ئۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماقچى ئەمەستۇر؟ تەڭرىم، بۇ ئىزتىراپ چەككەن ئاجىزەنى پاناھىڭدا ساقلا!

---

ئۇ يېزىلىق ئايالدى، يېزىلىق بولغىنى بىلەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان ساددىلاردىن ئەمەس، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئايالدى، ئۇلارنىڭ يېزىسى شەھەر ئەتراپىدىلا بولغاچقا خېلى مەدەنىيەتلىك يېزا دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بولسا تولۇق ئوتتۇرىنى شەھەردە ئوقۇغان، شۇڭا ئۇنى تىپىك سەھرالىقلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

ئۇ مەكتەپتە خېلى يامان ئەمەس ئوقۇغان، مەكتەپتىكى چاغلىرىدا يۈكسەك غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك قىزىدى، بىراق، ئالى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنىڭ سان چەكلىمىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىپىك دېخان بولۇشى، «ئېيپى يوق» لىقى سەۋەپلىك ئائىلىسىگە قايتىشقا توغرا كەلگەنىدى، بۇنىڭ نېمە ئەجەپلەنگۈچىلىكى بار؟ ئۇنىڭدەك ئوقۇپ-ئوقۇپ ئاخىرىدا ئائىلىسىگە قايتىدىغانلار ئازمىدى؟ ھېلىغۇ ئالى مەكتەپ ئىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپتىن

تولۇقسىز ئوتتۇرىغا، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش ئارىلىقىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2/3 قىسمى، ھەتتا 3/4 قىسمى ئائىلىسىگە قايتىشقا توغرا كېلىۋاتسا، ئالى مەكتەپ بىلەن تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىش شۇنداق بولمامتى؟ چۈنكى، ھازىر مەكتەپ قەھەتچىلىكى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ، سىنىپلار يېتىشمەيۋاتسا بىر مۆنچە ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلغان بىلەن قەيەردە ئوقۇتۇش مەسىلىسى بار ـ دە!

مەكتەپتىن قايتۇرۇلغانلار ئىچىدىكى شەھەرلىكلەرغۇ بىر مەزگىل ئىشسىزلىقنىڭ «ئىش كۈتۈپ تۇرغان» دېگەن چىرايلىقراق نامى بىلەن ئاتىلىپ يۈرسە ئەپلەپ- سەپلەپ (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «يولى» بولسا) بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ، يېزىلىقلار بولسا «ئىش كۈتمەيدۇ» بەلكى ئائىلىسىنىڭ ھۆددە ئالغان يەرلىرىدىكى ئىش ئۆلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «تۆت بۇلۇڭ ۋە بىر كۇلۇڭ»نىڭ بەندىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ئارزۇ- ئارمانلىرى، شېرىن خىياللىرى چۆلدىكى ئالۋۇندەك تۇتۇق بەرمەي غايىپ بولىدۇ ھەم تەدرىجى ئەستىن چىقىدۇ، قىزلار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار بىر ئەرنىڭ قولىغا چۈشتىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى باشقىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ۋەسسالام.

ئۇمۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا نۇرغۇن- نۇرغۇن پىلانلارنى ئويلاپ، شېرىن ئارزۇ دەرياسىغا چۆمۈلۈپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ خېلى ئەقلى ھۇشى بولغاچقا، ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بېرىپ، ئۆزىنى پەرۋاز قىلىشقا تەييارلا تۇرغاندەك يېنىك ھىس قىلاتتى. بىراق، ئوقۇش پۇرستىگە ئىگە بولالمىدى

بىر قىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە رېسىدە بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم، ئۇمۇ ئۆيگە قايتقان كۈزدىن باشلاپلا ئۆزى ئۈچۈن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇئان ئۇنىڭ بالىلارچە تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنىڭ بولغۇسى تويى ۋە شۇندىن كېيىن ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلايدىغان كىشى پەيدا بولدى.

«ئاھ!... » دەۋەتتى ئۇ، چەكسىز خۇرسىنىپ، بىردىنلا قىزدىن ئايالغا ئايلىنىش، ئارقىدىنلا ئانا بولۇش ۋە بىر توپ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەم ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈن تىرىشىپ- تىرىشىپ، چۆمۈلىلەردەك ئالدىراشلىق بىلەن رۇزغار تۇپلاش... نېمە دېگەن مەنىسىزلىك ـ ھە!



مىڭلاپ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، قانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، ئالدىنقىلارغا ئوخشاشلا ئۆز قورسىقى ئۈچۈن ئىشلەش، ئەمگەك مېۋىسى بىلەن ئۆزىنى بېقىش ۋە بۇ بېقىلىشتىن ئالغان قۇۋۋەت بىلەن يەنە ئىشلەش... «ھايۋانلارمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ياشايدىغۇ؟ مېنىڭ ئادەملىكىم قېنى؟!» ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، مەكتەپتىكى چاغدا كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلىرى، غايىلىرى ئۈچۈن شۇ تاپ يەرلىك كولانماقتىدى. ئۇ توي قىلسىلا ئۇنىڭ قەلبىدىكى جىمىكى شېرىن تۇيغۇلار ئەنە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ كېتەتتى.

توي، توي! قانچىلارنى ئىنتىزار قىلىدىغان زارىقىشتىن ھەتتا ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان شۇ توي ئۇنىڭدىن ئەڭ- ئەڭ قىممەتلىك ئالىلىنېمىنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىغا ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان مۇشۇ نازۇك تەرەپنى ھەربىر ئويلىغىنىدا تېنى شۈركۈنۈپ، پىشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتەتتى...

بىراق كىم ئۇنىڭ ھەسرىتى بىلەن ئورتاقلىشىپ يۈرسۇن؟ كىم ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان جۇدۇن- چاپقۇن ھەققىدە سوراپ ئولتۇرسۇن؟ بۇرۇندىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان رەسىم بويىچە ئاتا- ئانىسى ئۆز قەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىشاتتى. ئۇلارمۇ توي قىلىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانىسى خۇددى مۇشۇنداق قىلغان، بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشى ـ دە!

«ھېچ بولمىسا رەسمىي ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتىن ئاۋال مېنىڭ رايىمنى سوراپ باقار...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن، بىراق شۇنداق سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەييارلىق يوقىدى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ قورقۇپ كەتتى، «توۋا، خالىمايدىغانلىقىم ئېنىق بولسا ـ يۇ، جاۋاپنىڭ تايىنى بولمىسا...» .

راست ئەمەسمۇ؟ ئۇ نېمە دېيەلەيتتى؟ «ياق، مەن ئۇ كىشىنى ياقتۇرمايمەن» دېسۇنمۇ؟ ئەمىسە كىمنى خالايدۇ؟ ئۇنىڭ سۆيگۈنى بولسىدى، ئاسانراق بولاتتى، يامىنىغا كەلسە قېچىپ كېتىپ قۇتۇلاتتى. بىراق ئۇ ھېچكىمشى بىلەن ۋەدىلىشىپ باقمىغان، گەرچە ئۇ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا شەھەرلىك بىر ساۋاقدىشى بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمدى

بىلدىكى، ئۇ ئىشلار بالىلارچە ئەخمەقلىق ئىكەن، ئۇنى قانداقمۇ مۇھەببەت دېگىلى بولسۇن؟ ئەمدى ئىككىسى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايتتى. خەق ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى ھەل قىلالامدۇ، ئۇنىڭ نۇپۇسىنى ھەل قىلالامدۇ؟ جان قىيناپ يۈرىدىغان ئەخمەق ئەمەس ـ تە!

ئەمسە، «ھازىرچە توي قىلغۇم يوق» دېسۇنمۇ؟ ھازىرچە توي قىلغۇڭ يوق بولۇپ، قاچان توي قىلغۇڭ بولىدۇ؟ يېزا دېگەندە سېنىڭ مەيلىڭنى كۈتۈپ ئولتۇرامدۇ؟ قاچاندا بولمىسۇن بولىدىغان ئىش بولىدىغان بولغاندىكىن بىردەم بولسىمۇ بالدۇرراق قەرزدىن قۇتۇلۇش كېرەك. تە! شەھەردە بولساڭغۇ ئاۋال خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەچكە «ئىش كۈتۈش» كە بولاتتى. بۇ يەردە نېمىنى كۈتىسەن؟ ئاغا تارتىدىغان نېمە ۋەجىڭ بار؟

ئاخىرى ئاپىسى ئۇنىڭ رايىنى سورايدىغان ۋاقتىمۇ كەلدى، ئاپىسى ئۇنىڭغا قايسى يىگىتتىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكلىرىنى، نېمە قىلىشىۋاتقىنىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىن سەن ماقۇل دېسەڭ. دېمىسەڭ بەرىبىر دېگەن مەنانى چۈشەندى.

ھېلىمۇ ياخشى جاھان مۇشۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپ، ئانىلار قىزلىرىنىڭ رازىلىقىنى سورايدىغان بوپتۇ، مۇشۇ ئانىلار توي قىلىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سوراپمۇ ئولتۇرمىغانىدى.

«مۇددەتلىك بومبا» ئاخىرى پارتلىدى، ئۇنىڭدا بومبا يېقىن ئارىدا پارتلايدۇ، دېگەن ئوي ــ روھى تەييارلىق بولسىمۇ، يەنىلا چۆچۈپ كەتتى، بىراق بوغۇزىدا بىر نېمە پۇتلاشقاندەك بولۇپ ھېچنەرسە دېيەلمىدى، كۆزىگە تىقىلىشقا باشلىغان ياشنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال نېرى كەتتى. خۇددا ھەممە ئادەمگە ئادەملىك قەلىب ئاتا قىلغان بىلەن، شۇ قەلبىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىلنى بەرمەيدىكەن ـ دە!

شۇنداق قىلىپ تويىمۇ بولدى.

تويدىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە ئوخشمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا بىرخىل چەكسىز يوقۇتۇش باردى، خۇددى ئۇزۇن يىل ئاللىكىم ئۈچۈن ساقلىغان گۆھەرنى تېگىشلىك بولمىغان بىرسىگە تارتتۇرۇپ قويغاندەك ئەلەملىك ھېسسىيات چۇلغىۋالدى. بىراق ئۇ كىمنى



كۈتىۋاتقانلىقىنى ياخشىلاپ ئويلىغىنىدا ھېچكىمنى تاپالمايتتى، بۇنىسى تېخىمۇ پاجىئەلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭ بىلەن «بوپتىلا، بەرىبىر خەققە تېگىشلىك نەرسىكەنغۇ...» دېگەندەك بىر خىيال ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇپ، ئۆكۈنۈشلىرى ئاساسسىز ھەم تۇتامسىز بولۇپ چىقاتتى، ئۇنىڭ زىددىيەتلىك روھى ھالىتىدە يەنە ئاللىقانداق ياخشى بىر نەرسىگە ـ كۆپچىلىك ئاللىقاچان نائىل بولغان ۋە شۇ تۇيەيلى پەخىرلىنىپ يۈرگەن بىر نەرسىگە ئېرىشكەندەك غۇۋا خۇشاللىق تۇيغۇسىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

تۇرمۇش ئۇنىڭ بۇ چېگىش مەسىلە ھەققىدە ئوبدانىراق ئويلىنىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەيلا ئۆز يولىدا كېتىۋەردى.

ئۇنىڭدا ئېرىگە نىسبەتەن بىرخىل ئىللىق تۇيغۇ پەيدا بولدى، ئەمما بۇ مۇھەببەت ئەمەسىدى، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تەقدىرى چېتىلغان بۇ كىشىنى تەقدىرداشلار ياكى ئىشداش دوستلاردا بولىدىغان يېقىنلىق بىلەن كۈتەتتى، كەچ قالسا ئەنسىرەيتتى، كۆيىنەتتى، بۇ خىل مۇئامىلە يەنە ئەينى ۋاقىتتا «خوتۇنلۇق بۇرچ» نۇقتىسىدىن تۇغۇلغان بولاتتى. ئۇ پات- پات ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىغا قاراپ، چوڭلارنىڭ «نىكاھ دېگەن ئىسسىق، نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن ئاستا- ئاستا ئىسسىقچىلىق ئۆتىدۇ» دېگەنلىرى راست چىقىۋاتامدۇ قانداق؟ مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىنىۋاتامدۇ. قانداق؟ دېگەندەك ئويلارغا كېلەتتى، بىراق چوڭقۇرراق ئويلىغىنىدا بۇنىڭ مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى. بۇ خىل كۆيىنىشلەر بىلەن مۇھەببەت ئارىسىدا زادى قانداق پەرق بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە سۆز تاپالمىسىمۇ پەقەت يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە بۇنىڭ مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇراتتى.

بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە تەقدىرگە تەن بېرىش ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ، خۇيى تۇتۇپ كېتەتتى، ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ قايتا تۇغۇلمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئىلگىرىكى ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاخىرىقى ئىمكانىيەتلىرىگىچە يوققا چىققانلىقىنى، تەقدىرنىڭ ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىچىراق بولمايدىغانلىقىنى تەن ئالاتتى. ھەممە ئەلەم مانا شۇ تەن ئېلىشتىدى. ئاجرىشىش ھەققىدە زادى ئويلىمايتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئەلھۆكمىللا» دېيىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ئەمدى ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە بالىلارغا ئۈمىد باغلاپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدادىن ئەقلى- ھۇشى بار پەرزەنت تىلەشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىسمىتىنى «ھامىنى بولغاندىكىن چىققان يېرىدىن چىقسۇن» دەپ تېخىمۇ مۇستەھكەملەشنى، ئۆزىنى «بېقىۋاتقان» ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىشنى ھەم ئىستەيتتى.

... شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنتمۇ كۆردى. بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا ئىلگىرى بولمىغان بىر خىل ئىللىق سېزىم — ئانىلىق مېھرى پەيدا بولۇپ، قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەرخىل خام خىيال، ئەرلىك ئايال ئۈچۈن دۇرۇس بولمايدىغان ئوي، پىلانلارنى ئۆزىدىن يىراق قىلىشقا تىرىشىدىغان، بارغا شۈكرى قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئائىلىسىنى ۋە بالىسىنى ھەم بۇ ئىككىسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان بالىنىڭ ئاتىسىنى ئويلايدىغان بولدى، شۇ چاغدىلا ئۇ تەقدىرگە تەن بەرگەنلىكىنى ئاشكارە ھالدا ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن باھانە تېپىپ: «قانداق قىلاي، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق ئىكەن، ئۇنى مەن بىر ئادەم ئۆزگەرتەلەيتتىممۇ؟ ئەزەلدىنلا ئاياللارغا تاللاش ھوقۇقى بولماي كەلدى، ماڭا نېمىدى؟ نېمىلىكى بولمىسۇن ئۇمۇ ئانچە يامان ئادەملەردىن ئەمەس، بالامۇ چىرايلىق ... خۇدانىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۈكرى قىلمىسا بولامدۇ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

... بىراق، ئۇ تولىمۇ تەستە رازىلىق بىلدۈرۈپ تەن ئالغان تۇرمۇش ئۆز رىتىمى بىلەن ماڭمىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇمۇ ئۇشۇق كەلگەندەك بولدى، ئۇنىڭ «پىشانىسى تەتۈر» مۇ قانداق، ھەرھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلۇپ ئىزىدىن چىقتى؛ ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىدىغان بولۇپ قالدى!

ئەسلىدە بۇ ئانچىكى ئىش بولسىمۇ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۇنداق «ئانچىكى ئىشلار» بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايتتى، ماجرا بىر قېتىملىق ھېيتلىق كىيىم سەۋەبى بىلەن باشلاندى.

ئۇنىڭ ئېرى قولىنىڭ قىسقىلىقى، ئۆيدە ئائىلىنى چىقىمدار قىلىدىغان بىر قاتار ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن ئۇنىڭغا شۇ قېتىمقى ھېيتتا



«ھېيتلىق» ئېلىپ بېرەلمىدى. ئۇغۇ ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى، ئېرىنىڭ ئىش- ئوقىتى قاتارلىقلارنى بىلگەچكە بۇنداق تەلەپنى قويمىغان ۋە قويمايتتى، بىراق، ئاپىسى ئۇنىڭغا «كۆيۈنۈپ»، «قىزىمنىڭ ئابرويىنى قىلمىدىڭ، دوست- دۈشمەننىڭ ئالدىدا...» دەپ غەۋغا كۆتەردى، بۇنداق ئارىلىشىش ئەسلىدىغۇ توغرا بولمايتتى، ئەگەر كىيىم كەيگۈچى ئۆزى رازى بولغان بولسا باشقىلارنىڭ نېمە كارى؟ بىراق، كونىلاردا ئاشۇنداق بىر تۈرلۈك خۇي قانغا سىڭگەن ھالدا نەسلىدىن- نەسلىگە يۇقۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا نېمە ئامال؟ «تۆگىنىڭ مازار بىلەن كارى يوق» دېگەندەك ئۇلار خەقنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇراتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسى، ئائىلىۋى بەختى، بىر ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالى چوڭمۇ، ياكى بىر قېتىملىق «ھېيتلىقمۇ» مۇ؟ دېگەننى ئويلاپ كۆرگۈدەك ئېڭى بولمىسا نېمە چارە؟ بۇ بىرخىل ئىجتىمائى كېسەل- دە!

قىزنى ئاجراشتۇرۇۋېلىش گويا بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە يېڭىپ چىقىشتەك ئويغا — پەقەت ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنلا ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە روھى ھالەتكە كېلىپ قېلىشقان چوڭلار ئاخىرى تېنچ ئائىلىگە پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كەلدى، قىزنىڭ بۇ ئىشقا مەيلى بولمىسىمۇ ئامالسىز ئىدى. چۈنكى ئۇ ئايال سۈپىتىدە ھەم كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىيالمايتتى، ھەم ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى بۇزالمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن قۇدىلار ئارىسىدا ۋە كۈيئوغۇل بىلەن قېينئاتا، قېينئانا ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۈركۈنچىلىكتىن كېيىن ئەگەر ئۇ ئاجراشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ ، غۇرۇرى زەربە يېگەن ئەر ئۇنى بەرىبىر قويۇۋەتتى. ئاخىرقى قىسمەت ھەقىقەتەنمۇ ئاجرىشىش بولدى.

ئاجراشقاندىن كېيىن ئۇ دەسلەپكى يېرىم ئاي ئىچىدە گاڭسا بولغاندەك ھېچقانداق روھى ئىنكاسسىز گاڭگىراپ يۈردى، ئېھتىمال بۇ مەزگىلدە ئۇ تۇرمۇشىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ پاجىئەنى بىر قېتىملىق يامان چۈشتەك ئۆتكۈنچى ھېس قىلىپ، بۇ چۈشتىن ئويغانساملا ھەممە يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ ئويلىغاندۇر. ھەرھالدا ياخشى بولغىنى ياكى يامان بولغىنىنى ئاڭقىرالماي يۈرۋەردى، يېرىم ئايدىن كېيىن ئۇ بولغان ئىشلارنىڭ چۈش ئەمەس ھەقىقى رىياللىق ئىكەنلىكىنى ئۇزۇل- كېسىل تونۇپ يەتكەندەك يۈرىكى مۇجۇشۇلۇشقا

باشلىدى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا، بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، بۇنىڭ مىلىسىز يوقۇتۇش ئىكەنلىكىگە ھەقىقى ئىشەندى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقېتىملىق بالىسىغا قارىغاندا ئۇزاق تۇرمۇش يولى نوقتىسىدىن بىر خىل ئەلەم، ھەسرەت يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتسە؛ ياشلىق ۋە ئىنساندا (ئومۇمەن پۈتكۈل جانلىقلاردا) بولىدىغان تەبىئى فىزىئولوگىيىلىك ئىنتىلىش نوقتىسىدىن ئىچ پۇشقى، ئالىلىنىمىنى ئىستەش تۇيغۇسى ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

گاھ ئالدىنقى ھەسرەت ئۇنى ئېزىپ مۇمايغا ئوخشاش غەمكىن ۋە مۇڭلۇق ھالغا كەلتۈرۈپ قويسا؛ گاھ كېيىنكى كەملىك (ئىنتىلىش) ئۇنىڭدا بىر خىل يوشۇرۇنلۇقتىن ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا ئۇرىنىدىغان كۈچ بولۇپ مەۋج ئۇراتتى. بەزىدە بۇنداق تۇيغۇغا بەس كېلىشمۇ تەس بولاتتى. بۇ ـــ ئەسەبىيلىك، مەستانىلىك ئىدى. مانا شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئەرلەرگە ھەۋەس قىلاتتى؛ ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى ئىستىگەن نەرسىگە ئېرىشىش يولىدا ھەرىكەت قىلالايتتى، ئۇ بولسا ئايالىلىق نازاكىتى تۈپەيلى ھەرقانداق ئەسەبىي ئىنتىلىشىنىمۇ بېسىشقا مەجبۇرىدى.

ئۇ مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئىلگىرى ئۆزى سىرتتىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئۆي بۇزۇلۇش، ئاجرىشىشقا دائىر ئىشلارنىڭ ئاز بولمىغان يۈرەكلەرنى زېدە قىلىپ تاشلىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزىگە ۋە ئۆزىگە ئوخشاش بىردەملىك مەنمەنلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن سانسىز ئەر ـ ئاياللارغا ئىچى ئاغرىدى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچكى ئازاپ بىلەن يېرىم گاراڭ، يېرىم «ساراڭ» بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىلگىرىكى ئېرى بىلەن خالىدا ئۇچرىشىپ قالدى، بۇ قوناق ئورمىسى يېقىنلاشقان باش كۈز كۈنلىرىنىڭ ئىللىق بىر كەچقۇرۇنى بولۇپ، ئەر سۇ تۇتۇپ قۇناقلىقنىڭ قىرى بىلەن جىگدىلىك تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى، ئۇ بولسا قۇناقلىقتىن ئوت ئېلىپ، قايتىش ئۈچۈن ئەمدىلا قىرغا چىققانىدى، ئەرمۇ تېخى توي قىلمىغانىدى، شۇڭا ئۇمۇ ئاللىقانداق ئىچكى كۈچنىڭ قىستىشى بىلەن بوغۇلۇپ، بەڭۋاشلىقى تۇتۇپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئىلگىرىكى ئايالى قۇناقلىقتىن ئالدىغىلا چىقىپ قالغىنىدا ئۆزىنى زادىلا كونترۇل قىلالمىدى.



ئۇلار سالام قىلىشمىدى، دېيىشىغان گەپ ـ سۆزنىڭمۇ تايىنى يوقتەك قىلاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىرلا قېتىم ئۇچرىشىش بىلەنلا ھەرئىككى كۆزنىڭ ئىچىدە ئاللاھىدە بىر خىل ئوت يېنىپ، ئاللاھىدە بىرخىل شولا چېچىلىپ كەتكەندەك بولدى، گەرچە بۇنداق كۆز ئۇچرىشىشى ئۈچۈن بىر سىكونتلا ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار ئۆز ـ ئارا كۆرۈپ ئۆلگۈردى ھەم چۈشىنىشتى. ئەر كەتمىنىنى قىردا قويۇپ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتتى...

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قىزىق تەپ ئارىلاش تىترەك يۈگرەپ، تىلى كالۋالىشىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئوي غىل ـ پال كۆڭلىدىن كەچتى ـ يۇ، شۇئان غايىپ بولدى، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە: قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈپ كېتىپ قېلىش كېرەك! ئۆزىنى تۇتتۇرىۋەتكەن يامان!... دېگەن سادا ياڭراپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر يېرىدە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن، ئەمدى تاسادىپى قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان مۇھىم بىر نەرسىدىن قۇرۇق قېلىش تەشۋىشىمۇ كۈچلۈك پارتلىماقتىدى. قارشىلىق قىلىش خىيالىنىڭ ئورنىنى بىردەمدىلا كۈچلۈك ئىنتىلىش ئىگىلىدى. ئىلگىرى ئانچە قەدىرلەپ كەتمىگەن مۇشۇ ئەر بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ۋە تۈنلەر كومپيۇتېر تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتتى، بۇ ھال ئۇنىڭدىكى ئەسەبىي ئوتنى لاۋۇلدىۋەتتى!

بۇنداق ئاللاھىدە مىنۇتتا كۆڭۈللەر قېتىدا تۇغۇلىدىغان پىكىرلەر تىل بىلەن ئىپادىلەنمىسىمۇ ئىنساننىڭ بىر خىل ئاللاھىدە سەزگۈسى ئارقىلىق ئۆز ئارا مەلۇم بولۇپ بولاتتى. ئەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە يانغان بىردەملىك شەھۋانى ئوتنى پەملىدى ۋە ئۇنىڭ دەرھال ئۆزىگە كېلىپ يالتىيىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەي قۇناقلىقنىڭ ئىچىگە تارتتى. شۇ چاغدا ئەر ئۆزىنى جۈرئەتلىك كۆرستىش ۋە ئىلگىرىكى ئىشتا گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن:

ـــ مەندە نېمە گۇنا؟ ئۆزەڭمۇ بىلىدىغانسەن؟... ھەممە ئەيىپ... دېگەندەك بىرنەرسىلەرنى غۇدۇڭشىدى، بۇ چاغدا ئۇلار قۇناقلىققا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ قارشىلىق تەرىپىگە مەنسۇپ پىكىرلەرنىڭ ھەرخىل باھانىلار بىلەن غۇۋۋا ۋە ئاجىز ھالدا باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى، لېكىن كۈچلۈك بىر ئىنتىلىش ئۇنى ئاللىقاچان كونىلىقتا (غۇۋۋا چۈشتەك ئەسلىمىگە) ئايلىنىپ كەتكەن، ئەمدى ئەسلى مەزمۇنى ۋە ئەينەن شەكلى بىلەن ئەسكە كەلمەس بولۇپ تۇتۇقلىشىپ كەتكەن لەززەت تۇيغۇسىنى يېڭىلاپ، قايتىدىن باشتىن كەچۈرۈپ

بىقىشقا كۆشكۈرتۈپ، ئاۋالقى پىكىرنىڭ يىپىنى چىقىشنى چەكلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى...

...ئەر قوناقلىقتىن ئاۋال چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭدا بىرخىل روھىي قانائەت-كۆتكەن نەرسىسىگە ئېرىشىشتىن تۇغۇلغان مەمنۇنلۇق باردى. ئەرنىڭ قوناق شاخلىرىنى شاراقلىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا يەر ئاستىدىن بىردەم قاراپ تۇرغان ئايال تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە بىر ھازا جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەم پىشانىسىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئاللا نېمىنى ئويلاپ كۆرمەكچى بولدى، بىراق خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى، بۇنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى ئويلاشقا ھەپىلىسى يار بەرمىدى. گۈگۈم قوينىغا پېتىۋاتقان قوناقلارنىڭ ئاسمان سەتھىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىۋاتقان باشاقلىرىغا بىردەم قاراپ، ئاندىن يەنە تىزىغا پىشانىسىنى قويۇپ ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە كىرىشتى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى كۆچلۈك ئىنتىلىش، ئەسەبىيلىك ئارىلاشقان تۇيغۇ، ئېرىقتۇرغۇچى ۋەسۋەسىلەر نەگىدۇر غايىپ بولغان بولۇپ، بايا ئۇنى توسۇپ قېلىشقا قادىر بولالمىغان ئىككىنچى خىل سىزىم كۈچىيىپ ئوتتۇرىغا چىققانىدى، بۇ سېزىم گويا سانسىز قىز- ئوغۇللارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دىۋەيلىشىپ: «گېپىمىزگە كىرمىدىڭ، بىز دېگەندەك قىلمىدىڭ، ئازدىڭ، ئازدىڭ...» دېيىشىۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭغا كۈچلۈك نومۇس تۇيغۇسى ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى...

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بىر ھەپتە غەمكىن يۈردى، ھەتتا ئاۋالقى ئېرى يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ:

— كۆرۈشۈپ تۇرايلى... — دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىنىدا ئۇنى سىلكىۋەتتى.

ئۇ ئۆزىدىن يىركەندى، پۇشايمان قىلدى، كېيىنكى تەقدىرى بىلەن باغلاپ قارىغاندا قورقۇپمۇ كەتتى. چۈنكى ئىلگىرىكى ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈمىدى ھەم شۇنداق ئېھتىمال باردى، ئۇ ئەمدى «ئۇنىڭ ئالدىدا ئىشەنچىسىز بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى، ئەر كىشى دېگەننىڭ بۇنداق ئىشقا كەلگەندە كۆڭلى بەك زىل بولىدۇ، ئۇ ئەمدى مېنى ئۆزىنى تۇتالمايدىكەن



دەپ، ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ...» دېگەندەك ئويلار بىلەن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى.

بۇنداق جان قىينىغۇچى سوئال- سوراقلارنىڭ ئاخىرى بىرەر ئايغىچە داۋام قىلدى. پەقەت نۇمۇس تۇيغۇسىنىڭ غەزەپلىك سوتى توختاپ، تەدرىجى باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان «ئېزىقتۇرغۇچى ۋەسۋەسە» لەرنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئۇنىڭدىكى پۇشايمان بارا - بارا كۆمۈلۈپ قالدى، ئەسەبىي ئىنتىلىش يەنە ئۆز ئويۇنىنى ئوينىغىلى تۇردى. ئۇ ئەمدى قوناقلىقتا بولغان ئىشنى يىركىنىش تۇيغۇسىدا ئەمەس، سېغىنىش تۇيغۇسىدا ئەسلەيدىغان، روھەن قايتا باشتىن كەچۈرۈپ ئازراق بولسىمۇ لەززەت تېپىشقا ئۇرىنىدىغان بولدى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم «شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىش» ى ئاۋالقىغا قارىغاندا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ھالدا بولدى. ئۇنىڭدا روھىي تەييارلىق باردەك، ئۆزىمۇ بۇ ئىشقا راسلىنىپلا تۇرغاندەك قىلاتتى (ئەمما ئۇ ئاشۇ قېتىمدىن كېيىن ئاۋالقى ئېرىنىڭ تەلەپلىرىگە زادىلا ئۇنىمىدى).

بۇ قېتىممۇ ئىنتىلىشلىرى قانائەت تاپقاندىن كېيىنلا چەكسىز خورلۇق، سەسكىنىش ھېس قىلدى، لېكىن ۋاقتى ئاۋالقىسىدىن قىسقىراق بولدى، كېيىنكى قېتىملاردا بولسا خۇشاللىق بىلەن باشلاپ، خۇشاللىق بىلەن تاماملاۋەردى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئۇمۇ مۇھەببەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، تەقدىرگە تەن بەرگەن بولۇپ، ئۇمۇ باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەلسەپەسىگە ئايلانغان: «تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، بۇنىڭدىن باشقا نېمە خۇۋلۇق بار...» دەيدىغان بولدى، بىراق كۆپچىلىككە مەلۇملۇق بولغان («قاشقىسى بار») دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتمىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىنتىلىشلىرى مەلۇم چەككە يەتكەندە، شۇندىمۇ پەقەت ئۆزى ياتقۇرىدىغان ئادەملەر بىلەن چەكلەندى. ئۇ خالىمايدىغان كىشىلەر بولسا بايلىق بىلەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھېسسىياتتىن تاشقىرى كۈچ بىلەن ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى، ئۇ بۇنداقلارغا ماقۇل بولۇشنى ئىنتايىن يىركىنىشلىك ئىش دەپ ئويلايتتى، ئادەمدىن تاۋارغا ئايلىنىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

... ھەش- پەش دېگۈچە بويتاقلىقنىڭ ئىككىنچى كۈزىمۇ كېلىپ قالدى، ئۇ ئۆزىگە يەنە ئەلچى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ئۇنى خۇشال قىلدى، گويا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ئىش ئاخىرى روي بەرگەندەك ئۇنى ئۈمىد

مۇلايىم قوللىرى بىلەن پەپىلىدى. ئۇ خۇددى مۈشكۈل بىر ئىشنى ئۆمۈرۋايەت قىلىپ زىڭلى بولغان، ئەمدىلىكتە بۇ ئىشنىڭ ئاياقلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاشۇ «ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاردۇق» ئۇگە- ئۇگىلىرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ خىيال بىلەن ئۇيقۇسىز تولغۇشۇپ ياتىدىغان تەنھا ئاخشاملارنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، قوناقلىقتا ياكى جىگدىلىكتە قىلىپ يۈرگەن ناشايان ئىشلىرىنىڭمۇ خاتىسىمى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئالدىرىغىنىدىن ئولتۇرالمايلا قالدى، تويى قىلغاندىن كېيىن ئېرىگە سادىق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارا سانىماسلىققا كۆڭلىدە ۋەدە قىلدى.

ئۇنىڭ پاكلانغان قەلبى خۇدانى تەسىرلەندۈردىمۇ قانداق، ئىشلارمۇ مۇقىملىشىپ توينىڭ ۋاقتى بېكىتىلدى.

ئېنىق ۋاقتى بېكىتىلگەن ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەلۋىلەرچە ئېغىش يۈز بەردى! بىردىنلا ئۇنىڭ ئەرگە تېگىش، ئائىلىلىك بولۇش دېگەندەك ئىشلارغا كۆلگىسى كېلىپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك بىمەنە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلدىكى، بۇلار رەسمى ئىش ئەمەس، غەلىتە ئويۇندەكلا. بۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمامدىغاندۇ؟

قىيغىتىپ، ئويناقلاپ يۈرگەن غەمسىز ئوغلىغا قارىغىنىدا نېمىدۇر بىر نەرسە يۈرىكىنى تاتىلاپ ئۆتكەندەك بولدى، بالىسىغا مەسلىكى كەلدى، ئۇنىڭ غەمسىزلىكى ھەۋىسىنى كەلتۈردى، بالا ھازىر دۇنيانىڭ خىلمۇ- خىل ئازاپقا تولغانلىقىنى بىلمەي ئويناپ- كۈلۈپ يۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن غىزالىنىش، ئۇخلاش، ئويناشتىن باشقا ئىش يوقتەكلا؛ ئۇنىڭ سەبى قارىشىدا دۇنيا، ھايات ئەنە شۇنىڭدىنلا تەركىپ تاپقان؛ چوڭ بولغاندا ئۇمۇ ئالدىنقىلارغا ئوخشاشلا ھەسرەتلىنىدۇ، غەمگە چۆمىدۇ، يىغلايدۇ ۋە باشقىلارنى يىغلىتىدۇ... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئۆزىنىڭ يېقىن ئارىدا باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ـ بالىسىغا يات بولغان بىركىشىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ- ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كەتتى.

بۇ ئىش ئۇنىڭدا مۇنداق ئاجايىپ غەلىتە خىيالنى تۇغدۇردى، ئائىلە ھايۋانلىرىنى بىر مەزگىل بىرسى باقىدۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنى ئىشلىتىدۇ، تۇغدۇرىدۇ؟ ئەتە تۇرمۇشىنىڭ يەنە بىر ئېھتىياجى بىلەن ئۇنى سېتىۋېتىدۇ، بۇ



جانىۋارلاردا تاللاش ھوقۇقى بولمىغاچقا ئىككىنچى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئوخشاشلا كۆنىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋېرىدۇ... ئۇمۇ ئىلگىرى ئۆزى ئىختىيار قىلمىغان بىر ئادەمنىڭ ئىلكىگە چۈشكەن، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇنىڭغا كۆنگەن، خىزمەت قىلغانىدى؛ ئەمدى ئىككىنچى بىر ئادەمگىمۇ ئوخشاشلا كۆنمەكچى... نېمە دېگەن مەنىسىزلىك! قېنى ئۇنىڭ ئادەملىكى؟!...

ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ خىل قارشىلىقنى ئاشكارا قىلماي ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۈپرىنىپ يۈرىۋەردى، توي بولسا يېقىنلىشىپ كېلىۋەردى، ئۇ بالىسى ئۈچۈن يات بولغان ئەرگە خوتۇن، ئۆزى ئۈچۈن يات بولغان بىر بالىغا ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. باشقىلار ئۈچۈن بۇ ئىش تەبىئى ۋە ئادەتكە ئايلانغان ئىش بولغاچقا بۇنىڭدىكى مەنىسىزلىك، ئىنساننىڭ ئەسلى سۈپىتى ئۈچۈن يات تەرەپلىرى ھەققىدە ئويلاپمۇ كۆرۈشمەي تەييارلىقىغا كىرىشكەنىدى. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى لەززەت دەپ بىلىدىغىنى فىزىئولوگىيىلىك لەززەت بولۇپ، ئۇ روھتىن مەھرۇم ھالدىكى مىخانىك لەززەت ياكى ماددى لەززەتىدى. ئۇلار روھى لەززەت ھەققىدە ئويلاپمۇ كۆرۈشمەيتتى، شۇڭا جىسمانى جەھەتتىكى مىخانىك لەززەت، روھى لەززەت بىلەن بىرلەشكەندىلا تېخىمۇ چەكسىزلىككە، چوڭقۇرلۇققا، بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىق چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قالتىش بىسىپ ئادەتلەنگىنى (مىخانىك لەززەت) ھايۋانلارمۇ بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدىغان، ئىنسانغىلا مەخسۇس بولمىغان ئادەتتىكى نەرسىدى، ئەتراپتىكىلەر كۆنۈكۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشلار نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى. پەقەت ئۇ ئۆزىلا رازى بولۇپ، قايتا نىكالىنىشقا قارشى بولمىسىلا ھېچكىم ئۇنى مەسخىرە قىلمايتتى. چۈنكى بۇ ھەممە ئادەم قىلىپ كېلىۋاتقان، قانۇنمۇ يول قويىدىغان، ئىنسانلار قالتىس بىلىپ كېتىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشىدى، بىراق، ئادەم...

«ھەي  پاسكىنا! سەن بىر مۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلدىڭ، بۇ شۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشمىكەن؟ تولا ھەددىڭدىن ئاشماي، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلساڭچۇ... » ئۇ ئۆز ئۆزىنى شۇنداق جىملىدى، ئەيىپلىدى، ئاگاھلاندۇردى، بىراق، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانائەتلەندۈرۈپ قايىل قىلالمىدى، بۇنىڭدىكى پەرق- زىددىيەت زادى نەدە؟  ئۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى، ئۇ ئاۋالقى ئىشنى (گەرچە

ئومۇمى ئەخلاق، قانۇن توغرا كۆرمەيدىغان بولسىمۇ) ئادەم سۈپىتىدە، ھېچقانداق مەجبۇرلاشسىز، ئۆزى ئىختىيار قىلىپ قىلغانلىقىنى، شۇڭا جىسمانى جەھەتتىنلا ئەمەس، روھى جەھەتتىنمۇ قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى؛ نۆۋەتتىكى توي بولسا (ئەخلاق ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن بولسىمۇ) ئىختىيارىدىن تاشقىرى بولىۋاتقان ھەم بولىدىغان بولغاچقا مەنىۋى لەززەت بېرەلمەيدىغانلىقىنى، باشقىلار شۈكرى قىلغان، ئەمما ئۆزى ھەرگىزمۇ قانائەتلەنمەيدىغان بۇنداق «بەخت» تىن شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە يالتىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە چۈشەنچىسى ئازلىق قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرى تەنها ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقى سەۋەپلىكلا بىرسىگە سۈكۈت قىلغان، ئەمدى ھەممىسىگىمۇ ئوخشاشلا سۈكۈت قىلسا ئائىلە ھايۋانلىرىدىن پەرقى قالارمۇ؟...

تويىنىڭ ھارپا كۈنىسى ئۇنىڭ پىغانى ئەۋجىگە چىقتى، بىراق ئۇنىڭدىكى ئوي- خىياللار ئىزچىل ئەمەس، قارىمۇ- قارشىلىققا تولغانىدى، بىردە ئۇ : نېمە بېشىمنى قاتۇرۇپ ئاۋارە بولىمەن، چىققان يېرىدىن چىقار، ئەردىن- ئەرگە چىقىش مەندىن قالغانمىدى...ــ دەپمۇ ئويلايتتى؛ ئارقىدىنلا يەنە نېمىنىدۇر ئۇرۇپ سۇندۇرۇش، كىمنىدۇر بوغۇۋېلىش ئىستىكى بىلەن سوغۇرۇلغان جۇدۇنى تاغ قىيانىدەك شىددەت بىلەن بېسىپ كېلەتتى. ھەرپا كۈنى ئۇنىڭ دەردى، قارشىلىقى كۈچىيىش بىلەن بىللە، «بوپتۇ، تەقدىرىم شۇنداقكەن، نېمە ئامال»، دېگەندەك پاسسىپ، بويسۇنغۇچى پىكىرمۇ تەڭلا كۈچەيدى، چۈنكى ئۇ تېخى ياش ئىدى، ياشاشنى، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىشنى، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى خالايتتى، ئۇنىڭ ئارزۇ- ھەۋەسلىرى قىزغىن، تەبىئى بولغان جىنسى ئىنتىلىشلىرى ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغان مەزگىلى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەتە كەچكىچە قارشىلىق بىلدۈرمەي جىم تۇرسىلا ياشلىقنىڭ ئىستەك- ئىنتىلىشلىرىگە قېنىپ ھەم ئاللىقانداق سېھرى كۈچ تەرىپىدىن ئۈن- تىنسىز كۆندۈرۈۋېلىنىدىغانلىقىنى ھەربىر خىيالغا كەلتۈرگىنىدە ھاياجانلانغانلىغىنىدىن خۇددى ھېستېرىيە[①] بولغاندەك جاقىلداپ تىترەپ كېتەتتى، بۇ چاغدا تويىنىڭ چاپسانراق بولۇشىنى خالاپمۇ قالاتتى، ئارقىدىنلا

① بىر خىل نېرۋا كېسىلى ــ ئاپتۇر



بالىسىنى، بالىسىغا يات بولغان ئەرنى؛ ئىلگىرى بىر ئەرگە خالىماستىنلا چېتىلغانلىقىنى، ئەمدى يەنە بىرسىگىمۇ ئوخشاشلا رازى بولىۋاتقىنىنى ئويلاپ دەرھال تەتۈرلىكى ئۈستۈنلۈككە چىقاتتى.

ئۇ تالا- تۈزگە چىققۇسى كەلمەي پىشايۋاندىكى كارىۋاتتا خىيال سۈرۈپ ياتاتتى، كۆزلىرى بولسا تۇرۇۋستىكى قالىغاچ ئۇۋىسىغا غەرەزسىز تىكىلگەنىدى. قالىغاچلارنىڭ تېنىمسىز سايراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، گويا بۇ ئاۋازلارنى باشقا بىر دۇنيادا ئاڭلاپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى.

قالىغاچلار ئېھتىمال ئىككىنچى قېتىم چىقارغان بالىلىرىنى كەچ كۈز يېتىپ كېلىشتىن ئاۋال ئۇچۇرما قىلىپ جەنۇپقا بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقان بولسا كېرەك. بىر جۈپ چوڭ قارلىغاچ كۆيۈپ - پىشىپ، ئالدىراپ ھەم نۆۋەت بىلەن ئۇۋىدىكى كىچىك قالىغاچلارغا ئوزۇقلۇق توشۇيتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئىناق ئائىلە، ئامراق ئەر- خوتۇنلارنىڭ ئورتاقلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلاردا مال سودىسىغا ئوخشايدىغان مۇناسىۋەت، بىردەم بىر ئەركەك بىلەن، ئارقىدىنلا ئىككىنچى بىرى بىلەن بىللە بولىدىغان ئىشلار بولمايتتى... تووا، ئادەمدىنمۇ ياخشىراق ياشايدىكەنغۇ بۇلار؟ قۇش بولۇپ قالسامچۇ، كاشكى....

ئەتىسى توي باشلاندى، ئۇ تېخىچە گاڭگىرىغان، زىددىيەتلىك خىياللارغا پاتقان ھالەتتە بولۇپ، كاللىسى تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەتتا بولىۋاتقان ئىشلار ئۆزىنىڭ تويى ئىكەنلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدى.

جۇۋان تويى ئادەتتە قىز تويىدەك داغدۇغىلىق بولۇپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە قىز قولداشلىرىمۇ يوق، پەقەت قوشنا ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ قىزلىرى كىرىپ- چىقىپ بىردەم- يېرىمدەم ھەمرا بولۇپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، زېرىكىش ھەم بىزارلىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ گاھ باققا، گاھ ئۆيگە، گاھ دەرۋازا ئالدىغا موكىدەك قاتناپ يۈرەتتى، باشقىلار ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بالىلىرىنى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىرىشىپ يۈرگەن قالىغاچلارغا چۈشكەندە ئۇنىڭدىكى قارشىلىق تۇيغۇلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆز چاناقلىرىنى ياشقا تولدۇرۇپ، ئەلەم بىلەن ئېسەدىگەن ھالدا باققا كىردى، ئۇ شۇ يەردە ھەسرەتلىرىنى تاشلىۋېتىپ يېنىكلەپ چىقىدىغاندەك بىلىنگەنىدى، بىراق قەدەملىرى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنمىدىمۇ ياكى باشقا تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى

كۆچ شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ، باغدىن يان ئېشىك بىلەن ئارقىدىكى ئېتىزلىققا چىقتى، ئاندىن يەنە شۇنداق ئىختىيارسىز ھالەتتە ئېتىز قىرى بىلەن قۇناقلىقلارنىڭ دالدىسىدا تۆۋەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭدا قەيەرگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئوي يوقىدى، پەقەت تېزرەك مېڭىش كېرەك، ئازادىراق بىر جايغا بېرىپ ھەممىنى يېڭىۋاشتىن ئويلاپ، ئۆلچەپ بېقىشى كېرەك، دېگەن ئويلا بارئىدى، شۇ چاغ ئۇنىڭ كاللىسىدا مەيلى رومانتىك خىيال بولسۇن ياكى ئەسلىمە بولسۇن، ھېچقانداق سىستېمىلىق بىر نەرسە يوقىدى، پەقەت پارچە- پۇرات ئەپقاچتى خىياللار بىرىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا بىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان قارىمۇ- قارشى پىكىر، زىددىيەتلىك ئويلار بىلەن تولغانىدى، بۇ خۇددى زەنجىرسىمان رىئاكسىيىدەك مۇرەككەپ ھەم شۇنداق خەتەرلىكىدى، ۋاھالەنكى، رىئاكسىيىدىن ھاسىل بولغان غايەت زور ئېنېرگىيىدىن پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

«مەيلى، بىر يەرگە بېرىپ خالىراق ئولتۇرۇۋالاي، ئاندىن بىر باشتىن ئويلاپ كۆرىمەن، ھەممىنى ئويلاپ كۆرىمەن...» دېگەن تەسەللىنى تاپتى ئۇ مۇجمەل خىياللارنى كاللىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالغىنىغا تەن بەرگۈسى كەلمەي.

ئۇ يېزىنىڭ ئاخىرىدىكى سازلىققا چىقتى، ئەمدى ئۇنى قۇناقلىق ئەمەس، پاخماق قاغا جىگدىلەر يوشۇراتتى. بۇ جىم- جىت ئورمانغا ئېچكىرىلەپ بارغانسېرى تۇپراقنىڭ نەملىكى ئېشىپ باراتتى. ئاخىرىدا ئورمانلار شالاڭلىشىپ، ئۇ يەر، بۇ يەردىكى بۆلاقلاردىن چىققا ن سۇلاردىن ھاسىل بولغان ئېرىقچىلار ئەگرى- بۈگرى سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلغان گاھى يەرلىرىدە شور ئۆرلەپ، گاھى يەرلىرىدە سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلغان گاھ يەرلىرىدە شور ئۆرلەپ، گاھ يەرلىرىدە پاتقاقلىقلار چىلىقلاپ تۇرغان، يىراقتىن قومۇشزارلىق يېزىل مەخمەلدەك لەپەڭلەپ تۇرغان ئۇچۇقچىلىققا يېتىپ كەلدى، ئۇ كېلىۋاتقان يول سازلىقتىكى بىردىن- بىر داق يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى پاتقاقلىق ۋە قومۇشزارلىق ئىچىدە بۇزۇلۇپ تۈگەيتتى. ئۇ مۇشۇ يول بويىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ سۈزۈك بۇلاقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى- دە، يول ئۈستىدىلا بۇلاققا قاراپ ئولتۇردى، بۇ بۇلاققا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالغان بىر نەچچە ئايال، چۆمۈلۈپ ئويناۋېتىپ ئاستىدىكى پاتقاققا پېتىپ تەدرىجى چۆكۈپ كەتكەن ئىككى پادىچى بالا، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىر ئەر كىشى قاتارلىقلارنىڭ نام- نىشانى يادىدىن كېچىۋىدى، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا كۈرەش كەسكىنلەشمەكتە، كۈرەشنىڭ كۈچىيىشى شۇ سەۋەپتىن ئىدى، ئۇنىڭدىكى قارشىلىق تۇيغۇسىغا قارشى ھالدا، بويسۇنۇش، تەقدىرگە تېز پۈكۈش خاھىشىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن، بۇ «داشقايىقاق» ۋەسۋەسىلەر ئىچىدە بويتاقچىلىقتىن قۇتۇلۇش، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئاللىقانداق ھوزۇرلۇق تەرەپلىرىنى سېغىنىش تۇيغۇسىمۇ تەخىرسىز بېسىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭدا رىتسارلارچە مەردلىك تۇيغۇسى بىردىنلا كۈچەيدى. مەكتەپتىكى ھاياتى، غايە ئارزۇلىرى يادىغا يېتىش بىلەنلا ئۆز ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىغا ئارىلىشىپ كەتكەن قارشىلىق ھېسسىياتى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇنىڭدا جىم- جىمجىتلا مۇشۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇش ئىستىكى پەيدا بولدى، بۇ ئىستەك شۇنچىلىك كۈچەيتىدىكى، مېڭىسى قىزىپ كېتىپ، تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ھاياتتىن كېچىش قارارى يەڭگىللىك بىلەن توغۇلدى ھەم مۇستەھكەملىنىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئاخىرقى سەۋرى- تاقەتتىنمۇ ئايرىلىپ بۇلاقنىڭ ئاسمان رەڭگىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان كۆزىگە سەكرىدى!...

بىراق، بۇلاقنىڭ كۆزى سۇ تولۇپ تۇرغان گىرۋەكنىڭ تۈۋىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرىدىراق بولغاچقا ئۇنىڭ سەكرىگەن يېرى يوتىسىغا كېلىدىغان چوڭقۇرلۇق بولۇپ چىقتى. ئەمما بۇ يەر بۇلاق كۆزىنىڭ گىرۋىكىگە بەك يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېيىلغاق بولغاچقا ئۇ شۇدەمنىڭ ئۆزىدىلا چەكسىز چوڭقۇرلۇق ئىچىگە قاراپ سىيرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت بىر نەچچە سىكونتلا ۋاقىت كەتتى. ئۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ شۇمۇرۇلىۋاتقان (ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتتى) ئاشۇ بىر نەچچە سىكونت ئۇنىڭ كاللىسى ئەڭ تېز پىكىر قىلغان ۋاقىت بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئىلگىرى مۇشۇ بۇلاققا چۈشۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ روھى تارتىۋاتقاندەك ياكى بۇ يەردە مەخسۇس ئادەملەرنى دەم تارتىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ باردەك ھېس قىلىپ قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇندىلا ھايات شۇ قەدەر تاتلىق بىلىندىكى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىق قىلغانلىقىنى تونۇپ، پۇشايماندىن ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى،

ئۈنىڭغا كۆرىنىپ تۇرغان ئەتراپتىكى بارلىق ــ قۇياش، ئاسمان، ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار، بۇلاق بويىدىكى مەجنۇنتاللار، ھىكەن- قۇمۇشلار، يىڭناغۇچلار، بەدبۇي قارىلاي ۋە يېپىشقاق لەش،... ھەممە- ھەممە نەرسە شۇنچىلىك سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. توۋا، ئىلگىرى ئۇ ئەجەب بۇنى ئويلاپ كۆرمىگەن ئىكەنغۇ؟ ئۇ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ياشاپ قېلىۋېرەتتى. پەقەت ئۇلا مۇشۇ يورۇق دۇنيانى ئاشۇلارغا قالدۇرۇپ كېتەتتى. ئۈنىڭغا پەقەت كۆك رەڭ ئالغان بۇلاق كۆزىلا شۇنچە ۋەھىملىك، يىرگىنىشلىك، بەئەينى جاللاتنىڭ ئۆزى بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۈنىڭدا بارلىق جانلىقلاردا بولىدىغان تەبىئى خۇسۇسىيەت ــ ياشاشقا ئىنتىلىش كۈچلۈك پارتلىغان كۆيدۈرگۈچ بومبىدەك بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامرىدى. ئۇ قولىغا چىققان كۆكتاتنىمۇ، ئايىقى ئاستىدىكى قارا لايىنىمۇ ئاخىرقى قۇتقازغۇچ سۈپىتىدە ياردەمگە چاقىرىپ، تىرىشىپ- تىرىشىپ ئەڭ خەتەرلىك جايدىن ئۆزىنى قۇتقازدى. ئاخىرىدا تىرناقلىرىنى كىچىك يىرتقۇچلاردەك ئىشقا سېلىپ قىرغاققا ياماشتى... نەتىجىدە ئۇ جىمى يېرى قارالاي بىلەن ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە بۇلغانغان، سېسىق پۇرىغان ھالدا قىرغاققا چىقىۋېلىپ، دەممۇ- دەم چوڭقۇر تىنىدى. ئۇنىڭ تەلۋىلىكى پارتلىغاندىن تارتىپ قىرغاققا قايتىپ چىققۇچە كۆپ بولسا بىر يېرىم مىنۇت ۋاقىت كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭغا نەچچە ئون يىل ئەجەل بىلەن ئېلىشقاندەك تۇيۇلدى. ( ئۇ مانا شۇ چاغدا جاندىن كېچىش ئۈچۈن قانچىلىك جاسارەت بولۇشى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى).

ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن قورقۇنچلۇق ھال ئۇنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتقان، نېرۋىلىرىمۇ نورمال ئىزىدىن چىققاچقا بىر ھازاغىچە كاللىسىغا تۈزۈكرەك پىكىر كەلمىدى. ئۇ تېخىچە ئۆزىنىڭ ھايات قالغىنىغا ــ ئۇ دۇنيادا ياكى بۇ دۇنيادا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك دەممۇ - دەم ئۇھ - سولۇغا قارايتتى.

نىھايەت، ئۇ ئېسىگىمۇ كەلدى، كۆز ئالدىدىكى لېيىپ كەتكەن بۇلاق ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۈستى- بېشىدىكى رەسۋاچىلىق، چاچلىرىدىن ھېلىغىچە ساقىپ تۇرغان سۇ بۇنى دەلىللەيتتى. بۇ ھال ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋەتكەچكە شۇنچىۋالا مەينەت بولۇپ كەتكىنىگىمۇ ئۆكۈنۈش خىيالىغا كەلمىدى. سەزگۈرلىرى بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، مۇشۇ



رېيال دۇنياغا - ئۇنى بۇلاققا سەكرەشكە مەجبۇر قىلغان دۇنياغا قايتىپ كەلدى، شۇندىلا ئۆزىنىڭ تويى بولىۋاتقانلىقى يادىغا كەلدى. ئەمدى تېزراق كەتمىسە، بۇ رەسۋا تۇرقى بىلەن كىشىلەرگە كۆرۈنمەي كېتىپ، غىپپىدىلا جايىغا ئولتۇرىۋالمىسا ھەممە ئىش بەرباد بولاتتى! «ئاھ، ئەگەر قازارا قايتىپ چىقالماي پېتىپ كەتكەن بولسام بۇ كەمگىچە تىنىقىم ئۆچۈپ بولاتتى، ئۇ چاغدا ئوغلۇم،... ۋاي ئۆلەي! ئوغلۇمنى ئويلىماپتىكەنمەنا! ئۇ قانداقمۇ قىلارىدى؟....» بۇ خىياللار ئۇنى ھاياتقا مەھكەم باغلاپلا قالماي، ھاياتنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ تۈرتكە بولدى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشمەستە جىگدىلىككە يېتىۋېلىپ، ئاندىن غىمىسسىدە ئۆيگە كىرىپ، جايىغا ئولتۇرۇپ، قىسمىتىنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

# تېلېفون سېھرى

— ۋۇي...

ئۇ كۆز ئالدىدىكى تولۇق كەلگەن نەۋجۇۋانغا قاراپ شۇنداق دېدى. دە، تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى تونۇشمايتى، پەقەت يىراقتىن بىر. بىرىنىڭ كىملىكىنى بىلىشەتتى. يۈرتتىكى چاغدا ئەزەلدىن سالاملىشىپ باقمىغاچقا ئەمدى بىردىنلا كونا تونۇشلاردەك سالاملىشىپ كېتىش لاۋزىلىق بولامدۇ. قانداق دېگەن سوئال ئۇنى توختىتىپ قويدى. بىراق ئۇ كوماندىرۇپكىغا كەلگەندىن بۇيان بىجىرىدىغان ئىشلىرى ئەپلەشمەي بىر ئايدىن بىرى ياتقاننى ئاز دەپ، كۆڭلى خوشال بولغىدەك بىرەر ئەمەك تاپالماي تازىمۇ ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ كەڭ قوينىدا سانسىز گۈزەللەر ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئۇ پەقەت ئاغزىنى تامشىپ، «قارىساڭ كۆزگە پايدا» دېيىش بىلەنلا چەكلىنىپ يۈرەتتى. ياشلىقنىڭ بى تىنىم ئىستەك - تۇيغۇلىرى ئۇنى گاھ هاراقكەشلەرنىڭ سورۇنىغا، گاھ تانسا. ئۇسسۇل مەيدانلىرىغا ئاپىراتتى - يۇ، بىراق ئۇ دەرھال كۆڭۈلسىزلىنەتتى. چۈنكى ھەممە سورۇندا خەقلەر جۈپ - جۈپى بىلەن، ئۇ بولسا يەككە - يىگانە،

«ئۆيدىن چىقساڭ مۇساپىر» دېگەندەك نېمىلا دىگەن بىلەن بۇ چوڭ شەھەر ئۆز يېرىدە «سەن ئەمەس، مەن!» دەپ يۈرگەن نەۋقىرانلارنى ئۆز شاۋقۇنى، كەڭ قوينى، ئىلغا قىلىپ بولمايدىغان كەڭ كوچا، تار كوچىلىرىدا غايىپ قىلىۋەتكەندى. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە ھەمشەھەر ئايالنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز سالامغا تەمشەلگەن بولسىمۇ، يەنە توختاپ قالدى، بىراق، ئايالنىڭ ئاپئاق چىرايى تەبەسسۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا جۈرئەت ئاتا قىلدى، شۇنداقلا ئۇ سول مەڭزىدە ئاغزىغا يېقىنراق جايدا يارىشىپ تۇرغان كۆك مېڭى بارلىق گۈزەللىكىنىڭ ئەسلى مەنىسىدەك شۇنچىلىك جەلپ قىلدىكى، ئۇ «نېمە بولسا بولسۇن» دېگەن قارارغا كەلگەندەك، بىر نەچچە سىكونتلۇق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن بوغىزىغا يۇتىۋەتكەن سۆزلىرىنى قايتىدىن تېپىپ چىقىپ:



— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ — دېدى ۋە بۇ سوئالدىن يەنە دەرھال ئۇيۇلۇپ، قوپال كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ دەرھال،— كەلگىلى ئۇزاق بولدىمۇ؟ قاچان كېتىسىز؟— دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

— مەن كەلگىلى بىر يىل بولۇپ قالدى، ئۈرۈمچىلىك بولۇپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ،— ئايالمۇ «مۇساپىرچىلىق» تۈپەيلى تۇغۇلغان يۇرتقا تەلپۈنۈش تۇيغۇسىدىن ئىلگىرى تونۇشمايدىغان ئەركەكنى ئۆزىگە يېقىن كىشىدەك ھېس قىلدى. بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتى ۋە ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئاجايىپ بىر ھال ئىدى. ھەرقاچان سەن يۇرتتىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتقا چىققىنىڭدا يۇرتداشلىرىڭنى كۆرگىنىڭدە يېقىن كىشىڭدەك ھېس قىلىپ بىللە بولىسەن، قايتىپ كەلگەندە يا ئىلگىرىكىدەكلا تونۇشماي يۈرىسەن، ياكى بولمىسا شۇندىن كېيىن يېقىن مۇناسىۋىتىڭ داۋاملىشىدۇ.

— بىر يىل؟ يا ھەزرەت، بىر يىلنى قانداقمۇ ئۆتكۈزگەنسىز؟ مەن بىر ئايدىلا ئىتتىن زېرىككەندەك زېرىكتىم... نېمە سىز ئۇزۇن تۇرۇپ قاپسىز، يۆتكىلىپ چىقمىغانسىز؟

— ياق، بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققان، ئەمدى ئوقۇشۇم پۈتتى، كېتىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن بازار ئارىلاپ يۈردۈم.

— دېمەك، مەكتەپتىن خوشلىشىپ يېنىپ چىققان بولسىڭىز...

— ھە، مەكتەپتىن يېنىپ چىقتىم، ئەمدى ئايروپىلان بېلىتى ئالغىچە ئۆزىمىزنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا تۇرىمەن.

— ئەمسە بىر يەردىكەنمىز.

— شۇنداقمۇ...

— مەنمۇ شۇ يەردە تۇرىۋاتىمەن، ياتاق بېلىتى ئالغانمىدىڭىز؟

— كەچتىرەك ئالارمەن.

— بۈگۈن... باشقا ئىشىڭىز بولمىسا سىزنىڭ سوغا سالامىلىرىڭىزنى ئالغاچ بىللە ئايلىنامدۇق؟ يەنە قاچان كېلىمىز، قاچان ئەمەس، ئۇ يەر- بۇ يەرنى ئوبدانىراق كۆرىۋالمايمىزمۇ؟

— مەيلى،... — ئايال سۈس كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىگىمۇ غايەت جەلپ قىلىش كۈچى يوشۇرۇنغانىدى.

ئەمدى ئۇلار ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا ياندىشىپ، گاھىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بىللە كېلەتتى.

*****

ئۇلار شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن قىزىل تاقىقا چىقماقچى بولۇشتى. پەلەمپەيدىن چىققىچە ئەر گاھىدا ئالدىدا ماڭسا، گاھىدا كەينىدە قالاتتى. ئۇ ئايالنىڭ كەينىدە چىقىۋاتقىچە نېپىز پايپاقتىن بىلىنىپ تۇرغان ئاپئاق پاچاق ۋە بەزىدە قەدەم رېتىمى بىلەن كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئاق يوتىلارغا قاراپ ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنى ئاللىقانداق ئىستەك تەخىرسىز قىستايتتى.

ئايالنىڭ بويىغا قۇيۇپ قويغاندەك كەلگەن نېپىز ئاق كۆينىكى بىلىنىڭ سېپىرى كۆچىنى ئاشۇرۇپ سىقىپ تۇرسا، تولغان ساغرىلىرى ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «ئۇنىڭ بويتۇرىقىدىلا مىڭ گۈزەلنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى مۇجەسسەملەشكەن» ئىدى.

گۈزەل قىزىل تاغنىڭ ئۈستى، ئورمانلار، يىراقتا ـــ پەستە لېنتىلاردەك سوزۇلۇپ ياتقان يوللار، كىرىستاللاردەك دانە- دانە بىنالار... شەھەرنىڭ مەنزىرىسى ئۇلارنى رومانتىك ھېسلارغا چۆمدۈردى. تاغنىڭ شىمالى يانباغرىدىكى ئورمان ئارىسىدا سەگدەپ ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزگىچە نۇرلار چاقناپ، نېمىشكىدۇر پات- پاتلا ئۇنسىز قارىشىپ قوياتتى. بۇ يەردىن قايتىپ چىققۇچە ئەر، ئايالنىڭ قولىنى تارتىپ ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇشقىمۇ ئۈلگۈردى.

ئۇلارنىڭ بەش- ئالتە سائەتلىك ۋاقتىنى خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتتى دېيىشكە بولاتتى. چۈشتە بىللە غىزالاندى... ئەمدى كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ تۇرالغۇسىغا قايتماقچى بولۇپ تاغدىن چۈشتى.

ـــ ئاپتۇۋۇزدا قىستىلىپ يۈرگىچە تاكسىدا ئولتۇرايلى،ـــ دېدى مەرتلىكى تۇتقان ئەر.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلىكتە «مۇساپىرلارنىڭ ئائىلىسى» مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىشتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار ياتاقلىرىغا قايتىپ چىقىشتى. ئەر مەلۇم مەخسەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئالاھىدە ئاياقلارغا بىلەت



ئالغانىدى، بۇ قەۋەتتە ياتاقلار ئاساسەن بوش بولۇپ، جىم- جىت ئىدى. ئۇلار مېھمانخانا مۇلازىمى كۆزدىن نېرى بولغىچە ئايرىم ئۆز ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. كۆپ ئۆتمەي بىر يەرگە جەم بولىدىغانلىقى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ئاياندى.

سەلدىن كېيىن ئەر، ئايالنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئايال ئۇنى ئۆزىگە خاس ئىللىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن قارشى ئالدى. ئەرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن تىكىلگەنىدى. بۇ قاراشتا بىر خىل ياۋايىلىق، ئاچكۆزلۈك، بىھايالىق ئەكس ئېتىپ تۇرسىمۇ، بۇ مەپتۇنلۇقنىڭ تومتاق ئىپادىلىنىشى بولغاچقا ئايال ھار ئالمىدى. گۈزەللىك ھامان چوقۇنغۇچىلارنىڭ بولىشىنى ئىستىگەندەك، ئايالمۇ بۇ تىكىلىشتىن روھى قانائەتكە ئېرىشىپ، ئىپتىخارلىنىش ھېس قىلدى.

ـــ نېمانداق يەۋەتكۈدەك قارايسىز؟ـــ دېدى ئۇ ساختا ئاغرىنىش بىلەن.

ـــ ئەگەر يەۋەتكىلى بولىدىغان بولسا ھۆپ دەپلا يۇتۇۋەتسەم بۇنداق قىينىلىپ يۈرمەستىم...تەشنالىقىم بىراقلا قانارمىدىكىن...

ـــ ھاي، سەل ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مېنى كىملەرگە ئوخشىتىپ قالدىڭىز؟ـــ دېدى ئايال يالغان قېيداپ ۋە ئارقىدىن بارلىق ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنى پاك كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدىغان فورمۇلىلاشقان سۆزىنى قوشۇپ قويدى،ـــ مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس جۇما.

ئەرمۇ ئوبدانلا قاقۋاش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئايالنىڭ غۇرۇرىنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويىدىغان ئىبارىنى تاپتى:

ـــ مەنمۇ دەل شۇنداق بولغىنىڭىز ئۈچۈن شۇنچە مەپتۇن بولىۋاتىمەن- دە، مېنى كوچىدىكى لالمىلارغا قارايدۇ دېگەنمىدىڭىز؟

ئايال پىسسىڭىدە كۈلدىيۇ، دەرھال جىددى تۈسكە كىرىپ، ئارىلىققا مۇداپىئە لېنىيىسى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇندى، بىراق، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ «قورغان» مۇداپىئە قەلئەسى «ئىچىدىن بۇزۇلۇش» خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭدىنمۇ بىر خىل ئىچكى ئىنتىلىش ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

ئەرنىڭ تاقىتى پۈتتى، ئۇ ئۆزىمۇ تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىقسىزلا ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كەلدى ھەم:

— تىللىسىڭىزمۇ تىللارسىز، يۈرىكىمنىڭ تەشنالىقىنى باسالمىغاندىكىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن،— دېدى ۋە مۇشۇ سۆزنىڭ ئاخىرى چۈشكەندە كېلىشكەن قامەت ئۇنىڭ قۇچىقىدا، ئۇنىڭ ھېلىلا سۆزدىن توختىغان ئاغزى يارىشىملىق مەڭىنىڭ بېرىسىدىلا، ئوتتەك قىزىق لەۋلەرگە مەھكەم يېقىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— بىرسى كىرىپ قالدۇ، ساراڭ، قويىۋېتىڭ! كۈپ ـ كۈندۈزدە...

بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ئاھاڭى ئەرگە بارلىق جۈرئىتىنى، قارىملىقىنى باتۇرلۇقىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئەمدى ئۇ يالغان قارشىلىقتا پەرۋا قىلماي ئايالنى چۆجىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئېلىپ بېرىپ ئورۇن- كۆرپىگە يۆلىدى.

— هاي، ساراڭ! كۈپ- كۈندۈزدە... ئوش ... توختاپ تۇرىڭە...، بىرلا ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭ! ئاندىن، ئاندىن...

ئايالنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىڭ ئاھاڭى ھەقىقى نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەندەك قىلدى، ئەر توختىدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ چاپسان دەڭ!

ئايال قارماققا ئىلىنگەن بېلىقنى ئېلىشقا ئالدىرىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ پۈتۈنلەي ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تېزدىن، شۇنداقلا قاتتىق تېزگىنلىدى.

— چىقىپ كېتىڭ! قانداق دېگەن گەپ- بۇ! «كۈچۈكۈم- كۈچۈكۈم دېسە...»

ئۆزىنى خېلى ئەقىللىق سانايدىغان، ئاياللارنى بىر ئوبدان چۈشىنىمەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ئەر، «ئايال تىلسىمى» ئالدىدا يەنىلا ئازغىشىپ كەتتى «نېمە بولدى بۇنىڭغا؟ پەيلىنى بۇنىڭ، تىللاپ سالامدۇ نېمە؟ خۇدايا» ئىشنى بۇزۇپ قويماي، ئاچچىقى يانغىچە كۆزدىن يوقۇلاي» ئۇ تېپىك يېگەن ئىتتەك ئاستىلا چىقىپ كەتتى.

ياتىقىغا قايتىپ چىققان ئەر، ئىچ- ئىچىدىن ئۆكۈندى. ئۆز- ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى. «ھەي، نېمە شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىم، گېپىنى ئاڭلايمەن دەپ توختاپ قالغىنىم تازىمۇ لاۋزا ئىش بولدى، بولمىسا تەييارلا ئىشىدى، خەپ...».



ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئەتىگە قويغۇسى كەلمىدى، ئەتىگىچە تەڭ ئېتىدىن سىزىپ كېتىدىغانلىقىنى، كېچىنىڭ ئۇيقۇسىز، ئەتىنىڭ ئارامسىز ئۆتىشىنى مۆلچەرلىدى. لەۋلىرىدە ئىزناسى قالغان ھارارەت ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. كېلىشكەن ساغرا، بايىلا كۆكرىكى ئارقىلىق ھېس قىلغان «جۈپ چوققا»، چاچلارنىڭ غىدىقلاشلىرى، مەس قىلغۇچى خۇشبۇي ھىد، ئۇنىڭدا جاندىن كېچىشكىچە بارىدىغان ئەسەبىيلىكنى ئويغاتقانىدى، ئۇ ئۆزىنى راستىنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۇنىڭدىن گۈزەلراق ئايالنىڭ بولىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئايالغا مەيلى بارمايدىغاندەك تۇيۇلدى، ئۇنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۆلۈمگە تەڭ دەپ ھېسابلىدى. ئەمدى ئۇ ئايالنىڭ قېشىدىن ئاسانلا يېنىپ چىققىنى ئۈچۈنمۇ ئۆز- ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغان غەزەپكە كەلدى...

ئۇ تاكى شىرە ئۈستىدىكى تېلېفون ئاپپاراتىنى كۆرگىچە ئۈمىدسىزلىك، بىتاقەتلىك، چىدىماسلىق، ئىچى قارىلىق، ھەممىنى دوغا تىكىشكە تەييار تۇرۇشتەك ھېسسىياتتا قىينالدى، تېلېفوننى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۈمىدىنىڭ چىرىغى يورىغاندەك بولدى.

«خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى داغۋازلىق قىلىپ ئالاھىدە ياتاقلارغا بىلەت ئالغىنىم» دېدى ئۇ ۋە دەرھال تېلېفوننىڭ قېشىغا كەلدى . تامغا چاپلانغان نومۇرلار ئىچىدىن قوشنا ياتاقنىڭ نومۇرىنى تاپتى . كۆپ ئۆتمەيلا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغىنى ئاڭلاندى. بۇ جىرىڭلاش گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ زىرىلدىشىدەك ئۇنى تىترەك بېسىپ، بىردەم كۈتتى.

— ۋەي، ھە، سىزمۇ؟ تېخى ئۇخلىمانسىز؟ — ئۇ تەدرىجى ئىشەنچىلىكراق سۆزلەشكە باشلىدى. بىر- بىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ تۇرمىغاچقا ئوڭايسىزلىنىش ئازراق بولاتتى.

— سىزمۇ ئۇخلىماپسىزغۇ؟

— مېنى دەمسىز؟ مەن قانداقمۇ ئۇخلاي؟ ئۇخلىيالارمەنمۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭە، مەن بۈگۈن تۈن بويى ئۇخلىيالارمەنمۇ؟

— نېمىشكە ئۇخلىيالمايسىز؟ — ئايال خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى.

— ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك ئىشنى قىلىپ يەنە تېخى... — ئەمدى ئەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياللارغا ئىشلىتىدىغان بارلىق

سۆزلىرىنى بىر باشتىن سۆزلىگىلى، گاھ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغاشقا تىرىشىدىغان سۆزلەرنى قىلسا، گاھ ئۆزىنى قىينىلىۋاتقان بىچارە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا تىرىشاتتى. قەسەملەر، تەنتەنىلىك ۋەدىلەر، لاپلار ئاخىرى ئۆز رولىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

— مېھمانخانىدا ... بولماسمىكىن؟ — دېدى ئايال ئاخىرى.

— سىزلا خالىسىڭىز... ئەگەر... — ئەرنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن باشلانغان نۇتقى يەنە داۋاملاشتى.

— كېچىسى تەكشۈرۈپ قالسا... ۋىيەي، ئۇنداق ئىشنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، يائاللا...

— مەن بىر نەچچە كۈندىن بېرى دىققەت قىلدىم، كېچە سائەت 12 دە بىر قېتىم تەكشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن جاھان تىم ـ تاس... خاتىرجەم بولۇڭ.

— ۋىيەي، قورقۇۋاتىمەن... سىز قانداق كىرىسىز؟ مەن ئۇخلاپ قالسام...

— ئىشىكنى تاقىماي ئۇخلاۋېرىڭ، مەن ئاستىلا كىرىمەن، ئىسسىق نەپەسلىرىم سىزنى ئويغىتىدۇ...

— ئىشىكنى تاقىماي؟ ياق، ياق! قورقىمەن.

— .... — ئەر سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىردىنلا ئەقىل تېپىپ،— مەيلى ئىشىكنى تاقاپ يېتىڭ، مەن تېلېفون بېرىمەن، تېلېفون سىزنى ئويغىتىدۇ.

كۆپ ئاياللارغا ئوخشاش ئۇمۇ ئېنىق ماقۇللۇق بىلدۈرمەي، تىرۇپكىنى قويۇپ قويدى.

ئەر شۇئان سائەتكە قارىدى، سائەت 11 بولغان بولۇپ، يەنە بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن... ئۇنىڭ ۋۇجۇدى «ۋىژ» قىلىپ كۆيگەندەك بولدى، ئەمما بۇ بىر يېرىم سائەتنىڭ ئۆتمىكى!...

قانچىلارغا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ بىر يېرىم سائەت ئۇنىڭ دەرمانىنى قورۇتۇپ، نەپەستىن توختىتىپ قويغىدەك قىلدى، مىنۇت ستىرىلكىسى بىر يېرىم دەۋر قىلىش ئۈچۈن سىكونتنىڭ ئاۋازى ھەربىر چېكىلدىشىدا ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر قېتىم يىڭنە سانچىلىپ ئۆتمىگەن تۆتيۈز قېتىملىق سانجىقتىن كېيىن ئاخىر ۋاقتىمۇ توشتى ئۇ تېلېفوننى چۆرۈپ، قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئالغىچە ساقلىدى. ئۇيان تىرۇپكىنى ئېلىشىغىلا سۆزمۇ



قىلماي تىرۇپكىنى قويۇپ ئوغرىلاردەك ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كالتە ئىشتان بىلەنلا، پۇتىغا شىپ ـ شىپ كەشىنى سېپىۋېلىپ چىقىپ كەتتى، كارىدۇردا ئۇنىڭ ئاياق ئاۋازى گويا بازغان بىلەن قاڭالتىر ئۇرغاندەك دەھشەتلىك ئاڭلىنىپ، شۇ يەردىلا كەشىنى سالدى ـ دە يالىڭاچ يۈرۈپ كەتتى...

******

ھەر ئىككەيلەن 18 ياشلاردىكى تەنتەككە ئايلانغان بولۇپ، ئوتلۇق قاراشلىرىدىن بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۈدەك تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى. كۆزلىرىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي، گويا مۇشۇ بىپايان ئالەمدە ئىككىسىلا باردەك پۈتۈن كۈندۈزنى مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىللە ئۆتكۈزدى. ئازراق خالى جاي، بىر مىنۇتلۇق خاسلىقتا ئېرىشسىلا لەۋلەر جۈپلىشىپ تۇردى. پۈتكۈل ئۈرۈمچىدە مىليون نوپۇسلۇق شەھەردە ئۇ ئىككىسىدەك بەختلىك، خۇش كەيىپ ئادەم يوق ئىدى. ھەتتا ئۇلار باشقا ئادەملەرنىڭ قايسى خۇۋلۇق ئۈچۈن ئالدىرىشىپ يۈرگىنىگە چۈشىنەلمەي، ئېچىنىپمۇ كېتىشتى، ۋاقىت شۇنچە كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنىلا ئاستا ئۆتكەندەك قىلاتتى، چۈنكى كېچىگە ھېچنىمە يەتمەيدۇ ـ دە!

— ۋىييەي، راست، مەن بۈگۈن بىلەت ئېلىۋالسام بولاتتى،— دېدى ئايال ئەندىكىپ.

بۇ سۆز ئەرنىڭ يۈرىكىگە دەھشەتلىك زەربىدەك تېگىپ، خۇشال چېھرىسىدىن تەبەسسۇم ئۆچتى. «بېلەت، دېمەك ئايرىلىش!»

— نېمىگە ئالدىرايسىز، بۇ قېتىم كەتسىڭىز يەنە قاچان كېلەتتىڭىز؟ بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇۋالغىنىڭىز تۇرۇۋالغان.

— تۇرسامۇ تۇراي، بىلەت ئېلىۋېلىپ تۇراي، ھەقچان ھازىر بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىلەتنى ئاران ئالغىلى بولىدۇ.

ئەر ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىلەت ئالىدىغان جايغا باردى.

دېگەندەك ئۈچ كۈندىن كېيىنكى بېلەتنى سېتىۋېلىشتى، ئۈچ كۈن! خۇشاللىققا تولغان ئۈچ كۈن، ئۈچ مىنۇتتەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە!

ئۇلار ھېرىپ ئېچىپ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى. كۆڭۈللۈك ئاخشام ئۇلارنى كۈتمەكتىدى. ئۇلار بەڭۋاش ياش چاغلىرىدىمۇ قىلىپ باقمىغان شوخلۇقلارنى قىلىپ ئىككىنچى كېچىنىمۇ ئۆتكۈزدى.

ئارقىدىن يەنە بىر كۈندۈز- كۆڭۈللۈك، ئەمما يەنىلا كەچكە ئىنتىلدۇرۇپ تۇرىدىغان بىر كۈندۈز ئۆتتى.

تەبىئەتنىڭ قارا چۈمپەردىسى ئەتراپنى ياپقان ھامان تومۇرىدا بىر خىل جۇشقۇن قان ئۇرغىغاندەك بولاتتى. بۇ ئۇرغۇش كۈندۈزدىكىگە ئوخشىمايتى. كۈندۈزدە دەككە- دۈككە، خىجىللىق ۋە يەنە كۈندۈزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالدىراڭغۇلۇقتا ئاللىقانداق دىشۋارلىقى ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇشىدا ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قويسا، كېچىسى ھېسسىيات ئۆز رېڭى، ئۆز مەزمۇنى بويىچە جۇش ئۇراتتى.

يۈرەكنى چاشقان تاتىلىغاندەك كىتىرلاشلار بىلەن ئۆتىۋاتقان مىس- مىس سېكونتلار! سائەت ئون ئىككى...

ئاخىرقى يېرىم سائەت، خەۋپسىزلىك ئۈچۈن زېمىن قالدۇرۇش يۈزىسىدىن ئارتۇق ھېساپلانغان يېرىم سائەت 20 قېتىمچە قاراشتىن كېيىن ئاران دېگەندەك توشتى. يېقىملىق ئەلچى ـ تېلېفون ئىككى ئارىلىقتا كۆرۈنمەس كۆۋرۈكنى سالدى.

ـــ توختاڭ ! توختاڭ! ـــ قارشى تەرەپ تىرۇپكىنى ئېلىپلا ئەنسىز شىۋىرلىدى. ئۇ ئەرنىڭ دەرھال تىرۇپكىنى قويىۋېلا مېڭىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى.

ـــ نېمە گەپ، ئۇمىغىم؟

ـــ كىرمەڭ، بايىلا بىيجىڭدىن كىچىلىك ئايرۇپىلاندا كەلگەن بىر ئايال بۇ يەرگە كىردى... مەن يالغۇز ئەمەس!

ئاھ!... بىر نەچچە سائەتلىك تەخىرسىز كۈتۈشنىڭ نەتىجىسى شۇمۇ؟

بۇ كېچە، ھەي، بۇ كېچە قانداقمۇ ئۆتەر!؟

...

رەھىمسىز رىياللىق ئەر ئۈچۈن قانچە قىيىن بولىشى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمىدى. يەنىلا ۋاقىت شۇ بويىچە ئۆتتى. ئۇ ئەتىسى كۈندۈز ۋە ئاخىرقى بىر



كېچە بىلەن ئۆز ئۆزىگە تەسەللى ئېيتتى. «يوقۇتۇش» لىرىنى بىر كۈندۈز ۋە بىر كېچىدە تولۇغى بىلەن «تۆلىتىۋالماق» چى بولدى.

كۈندۈز خۇددى ئۇسسۇزنىڭ ئاغىزغا سۇ تېمىتقاندەك، ئانچە- مۇنچە «جانغا ئارام» بولۇش، ئەمما يەنىلا بىر خىل تەشنالىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

كەچتە ئەر ئايالنىڭ ياتىقىغا باشقا مېھمانلار بىلەت ئېلىپ قېلىپ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى ھارام قىلمىسۇن دەپ، ياتاقنى پۈتۈنلەي كۆتىرە ئېلىۋالدى، بۇ كېچە تەبىئىكى ئىشەنچىلىك ئىدى.

ئەرنىڭ ياتىقىدا بىر ياتاقدىشى باردى، ئۇ پاراڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇخلاش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمىسۇن ئۈچۈن، بالدۇرراق «ئۇخلاش» نىڭ ئۆلگۈسىنى ياراتماقچى بولۇپ پاتلا يېتىۋالدى. ئۇنىڭ پاراڭغا ھەپىلىسى يوقلىقىنى كۆرگەن ياتاقداش، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىقىقا مەجبۇر بولۇپ، تەبىئى ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئەمدى، ئەر ياتاقدىشىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ، ئۆزى گويا ئۇخلاپ قالغاندەك مىدىرلىماي جىم- جىت يېتىپ ئاڭلانغۇسى خورەككە ياكى پۇشۇلداشقا قۇلاق سالدى. ئۆزى بولسا « ئۇخلاپ قالغان» لىقىنى راست قىلىمەن دەپ، يا مىدىرلىيالماي، يا قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلىيالماي تازىمۇ قىينالدى.

كارىدۇردىكى ـــ مۇلازىمەت ئورنىدىكى ئۈچچى تېلېفون جىرىڭلىدى. خېلى ئۇزاققىچە ھېچكىم ئالمىدى. كۈتكۈچىلەرمۇ، باشقا ياتاقتىكىلەرمۇ بىر يەردە ئولتۇرۇشقا كەتكەن ياكى بارلىرىمۇ «سەن سالو، مەن سالو» بىلەن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشمىغانىدى. ئالاھىدە ياتاق تېلېفونغا يېقىن بولغاچقا بەلكىم باشقىلار ئۇنى ئېلىشنى شۇلارنىڭ ئىشى دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئاخىر بولماي ئەر «ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ» كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندەك بەك قىينىلىپ كەتكەچكە بۇ بىر ياخشى باھانە بولغانىدى.

ئۇ تېلېفوننى ئالدى. بۇ بىر ئەردىن كەلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىكەن.

ـــ ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟ ... گۈلنى دەمسىز؟ قانچىنچى ياتاقتا ئىدى؟ ئەر قەستەن بىلمەس بولۇپ سورىدى، قارشى تەرەپنىڭ ئىزدەيدىغىنى دەل ئۇنىڭ تونۇشى بولسىمۇ، تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەسلىكنى توغرا تاپتى،ـــ بىلمەمسىز؟ بىلمىسىڭىز قانداق تاپقىلى بولار؟ ھەممە ياتاققا كىرىپ يۈرگىلى

بولمايدۇ- دە، نېمە؟ ئالتىنچى قەۋەتتىلىكى ئېنىق دەمسىز؟ بولىدۇ. مەن ئىزدەپ باقاي.

ئۇ تېلىفوننى قويۇپ ئۇزۇن كارىدۇردا ئۇ باشتىن بۇ باشقا مېڭىپ «ئىزدىگەن» دىن كېيىن، ئۆزى تونۇيدىغان ئايالنىڭ ياتىقىغا كىردى.

— سىزگە تېلىفون... — دېدى ئۇ بىر خىل نارازىلىق بىلەن. قارىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىدە رەشىك ئوتى يانماقتىدى.

ئايال ئالدىراپ تېلىفون قېشىغا كەلدى. ئەرمۇ سوغدىشىپلا كېلىپ ساپادا — ئايالنىڭ بۇ تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— ... يامان ئەمەس، ھەئە، ھەممە ئىشىم پۈتتى. بىلەت ئېلىپ بولۇپ خەۋەر قىلارمەن دېگەن. بىلەتنى بۈگۈن كەچرەك ئالدىم. ئۇ چاغدا مەن تېلىفون بەرگىچە سىزنى ئىشتىن چۈشۈپ كەتسە پايدىسى يوق دەپ، تازىمۇ تىت- تىت بولدۇم،— ئايال يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى ۋە خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن،— شاتگۈل ساق تۇرغاندۇ؟ ۋىيەي بىچارە قىزىم، مېنى ئۇنتۇپمۇ قالغاندۇر ھەقىچان، نېمە، ئۆزى قېشىمدا باردەمسىز؟ ئاۋازىنى بىر ئاڭلاي، جېنىم بالامنىڭ،— ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ شوخ، بەڭۋاش ياش چوكاندىن، توختالغان ئايالغا، ئانىغا ئايلانغانىدى. ئەمدى ئۇ قىزىنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇزاققىچە ئەرزىمەس سۆزلەرنى قىلدى،— ساڭا بەك چىرايلىق بىر قونچاق ئالدىم، پىكاپ دەمسەن؟ قىز بالا دېگەنمۇ پىكاپ ئوينامدۇ، يەنە باشقا جىق نەرسىلەرنى ئالغاچ بارىمەن. كۆينەك، شارپا، ئاياق... بىر- بىرىدىن چىرايلىق... ئاداشلىرىڭ بىلەن ئۇرۇشماي ئويىنىغانسەن؟ ... ئەمدى داداڭغا بەر، داداڭغا گېپىم بار، مەن ئەتىلا قېشىڭغا بارىمەن، شۇ چاغدا سۆزلىشىمىز،— ئەمدى ئۇ ئېرى بىلەن سۆزلىشىدىغان چاغدا چىرايى جىددى تۈس ئالدى، ھەمدە گەپ باشلاشتىن بۇرۇن قېشىدا رەشىق بىلەن ئۆرتىنىپ تۇرسىمۇ قاملاشمىغان كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئەرگە سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدى. بۇ قاراشتا «كەتمەي نېمە ئولتۇرىسەن، ئىت!» دېگەندەك مەنا باردى،— ئەتە سائەت ئالتىدە بارىمەن، خۇدايىم ئامانچىلىقنى بەرسە. نېمە؟ ئايرودۇمغا ئالدىمغا كېلىمەن دېدىڭىزمۇ؟ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى. شاتگۈلنىمۇ ئېلىپ كېلەمسىز؟ ۋىيەي، تازىمۇ... نېمە؟ ئۇنىڭ شۇنچىلا كۆرگۈسى كەپ كېتىپتىمۇ؟ ۋاي، تاتلىق قىزىم، خۇدا مىڭ ياشقا كىرە... ماقۇل



ئەمسە، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، خۇدايىم ئامانچىلىقنى بىرە، بولسىغۇ ھازىرلا ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى بىر كېچىنى ئۆتكۈزسەك، جەم بولىمىز دەپ، ئۆزەمگە تەسەللى بېرىۋاتىمەن، ماقۇل ئەمسە...

تىرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن ئايال بىر ھازاغىچە جىم- جىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىنى «ئىسسىقتىن» ياكى «سوغۇقتىن» دەپ چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز...؟ ئەر ئاخىرىغا «ئامرىقىم، ئومىغىم» دېگەندەك كىنولاردىن ئاڭلىۋالغان ئەركىلىتىش سۆزلىرىنى قوشماقچى بولدىيۇ، ئايالنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئاخىرىنى ئېيتىمىدى.

ئۇنىڭ سوئالى جاۋاپسىز قالدى، ئايال شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئەرمۇ ئوڭايسىز ھالدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ياتىقىغا قايتتى.

«ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ كىرسەم نېمە دەر؟ كىرمىسەم بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت تۇرسا...» ئۇ ياتاقدىشىغا قارىغانىدى، ئۇ ئاللىقاچان ئۇيقىغا كەتكەنىدى.

ئۇ خېلى ئۇزاق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى. تولغان ساغرا، چىڭ كۆكرەك، بۇلاق كۆز، قىزىل لەۋلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قايتا نامايان بولغاندا ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىغانىدى.

ئۇ ئاستىلا سىپىلاپ مېڭىپ، ئۆزىدە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇرغان ياتاقنىڭ ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىك تاقالمىغانىدى، بۇ ھال ئۇنىڭدا ئۈمىد ۋە مەنمەنلىك ئويغاتقانىدى. ئۇ بەخىرامان ھالدا ئىشىكنى تاقاپ، تازىلىقخاتا ئالدىدىكى تارچۇقتىن ئۆتتۇدى، ئۈستەل چىرىغىنىلا يىقىپ قويۇپ، ئورۇن- كۆرپىگە يۆلىنىپ كىتاب كۆرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئايالغا كۆزى چۈشتى، ئۇ يېشىنمىگەن ھەم ھېلىغىچە ئۇخلايدىغاندەك ئەمەسمىدى.

ئايال گويا ئەمدىلا ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك يالت ئېتىپ ئەرگە تىكىلدى. مۇشۇ تىكىلىشتىن سەل ئاۋال « ئۇ ئەتىلا مەندىن ئايرىلىشنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىۋاتسا كېرەك، بىز دېگەن نى- نى ئايالالارنى كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە قارايدىغان قىلىپ قويغان ئوغۇلبالا- دە...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەر،

ئايالنىڭ قاراشلىرىغا دۇچ كېلىپلا ھەممە نېمىسىنى ئۇنتۇرۇۋەتكەندەك ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولدى.

ئايالنىڭ قەلبىدىمۇ مۇرەككەپ ھېسلار كېزەتتى. ئۇ بىردە ئەتىلا ئۆيگە بارىدىغانلىقىنى، ئوماق قىزىنى كۆرىدىغانلىقىنى، ئويلايتتى؛ بىردە بۇ ئاخىرقى كېچىدە ئۆزىنىڭ ھەم تەقەززالىق، ھەم نېمىدىنىدۇر ئايرىلىپ قېلىش تۇيغۇسى بىلەن قىيالماسلىق ئارىلاشقان بىئارام ۋاقىتلىرىنى بىردەم سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى «چىرايلىقچە» ئۇزىتىپ قويغانىنىڭ نېمە يامىنى دېگەنلەرنى ئويلايتتى، بىر تەرەپتىن يېڭى تونۇشىنى بىردىنلا رەنجىتىپ، مۇناسىۋەتنى كەسكىن ئۈزۈش بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ھەم بۇ غەزەپ نەتىجىسىدە يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن بۇ يەردىكى «ھېكايىلەر تارقىلىپ كېتىش خەۋپىنىمۇ ئويلىماي تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ رەڭگىگە زورمۇزور تەبەسسۇم بېرىپ، ئاۋالقى سۇرلۇك ئەپتىنى مۆتىلدىراق رەڭلەر بىلەن قايتا بويىدى.

— كېلىڭ،— دېدى ئۇ، ئەمما ئەرنىڭ قايتىدىن ئىشەنچكە ئېرىشىپ ئۆزىگە مالاللىق يەتكۈزىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوشۇپ قويدى،— ئۆيقۇڭىز كەلمىگەن بولسا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ.

— شۇلىما؟— ئەر نارازىلىق بىلەن سورىدى.

— نېمە دېمەكچىسىز؟ چۈشەنمىدىم...— ئايال شوخلۇقتىن زىنھار ئىزنا بولمىغان قاراشلىرى بىلەن ئەرگە تىكىلدى. بۇ قاراشتا جىددى، ئەستايىدىللىق، چوڭ سۈپەتلىك مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، چاخچاقنا ئورۇن يوق ئىدى. بۇ قاراش، كەپسىز ئوقۇغۇچىسىغا تەنبىھ ھەم ئۈمىد نەزىرىدە تىكىلىۋاتقان مۇئەللىمەنىڭ قارىشىغا ياكى ئانىنىڭ قارىشىغا ئوخشايتتى. بۇنىڭدىن مەڭدەپ قالغان ئەر بۇ ئايال بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا زادىلا ئىشىنەلمەي قالدى.

ئۇ ئىشەنچىسىزلىك بىلەن ئايالنىڭ كارۋىتىغا كېلىپ بۈرجىكىدىلا ئولتۇردى. ئۇنى قورۇنۇش، ياتسىراش چولغاپ ئالغانىدى. جىمجىتلىق يۈرەكنى سىقاتتى، سۈكۈت ئىچىدە چۈشكە ئايلانغان ئىشلارنى قايتا خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز- ئۆزىگە ئىلھام بەردى ۋە ئايالغا قارىدى. نەۋجۇۋان كارۋات بېشىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تومبۇچكا ئۈستىدىكى چىراقنا بېشىنى يېقىن تۇتۇپ كىتاب كۆرمەكتىدى. ئۈستەل چىرىغىنىڭ قىزغۇچ قالپىقىدىن رەڭ ئالغان نۇر ئۇنىڭ تولغان چېھرىسىنى قىزىل ئالمىدەك كۆرسەتتى. ئەر ئۇنىڭ راست ئوقۇۋاتقان



ياكى شەكلەن كىتاپقا قاراۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىسىز كۈزىتىشنى باشلىدى. ئەگەر ئۇ راستلا ئوقۇۋاتقان بولسا، دېمەك بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارغا ئاللىقاچان ئورۇن قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بىراق، ئايالنىڭ كۆز ھەرىكىتى ۋە شۇنچە ئۇزاققىچە ۋاراق ئۆرىمەسلىكى، ئۇنىڭ ساراسىملىك ھالىتىنى بىلدۈرۈپ، ئەرگە تېخىمۇ ئىلھام بەخش ئەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىدىكى كىتاپنى ئېلىپ، تومبوچكا ئۈستىگە تاشلاپ قويدى ۋە قاملاشمىغان كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. بۇ كۈلۈمسىرەش يىغا ئالدىدىكى ئۆمچىيىشكىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

— ...؟— ئايال ئۇنىڭغا «نېمە قىلماقچىسەن؟» دېگەندەك قارىدى.

— بۇ ئاخىرقى كېچە... —ئەسكەرتتى ئەر.

— شۇنداق، ئەتە بۇ مەزگىلدە بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئولتۇرىمەن،— دېدى ئايال كۆزلىرى پارلىغان ھالدا،— خۇدا بۇيرىسا،—دېگەننى قوشۇپ قويدى بوش ئاۋازدا.

— شۇنداق قىلىپ....

— شۇنداق قىلىپ، سىز يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالامسىز؟

— ھەئە، غېرىپ، يەككە ـ يىگانە...

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ يىللاپ چىدىدىم، سىزگە تېخى ئانچە ئېغىر ئەمەس.

— بىراق، سىز بىلەن تونۇشمىغان بولسام شۇنداق ئىدى، ئەمدى....

— تونۇشلىقىمىز مۇشۇ يەردە قالسۇن، ئەر بولسىڭىز بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئالغاچ كەتمەسسىز.

— شۇنداق قىلىپ...

— شۇنداق قىلىپ خوشلىشىدىغان بولدۇق. ئەمدى ئارام ئېلىڭ، مەنمۇ ئۇخلايمەن.

ئەر خۇددى بىر كىم ئاستىغا پىشاڭ سالغاندەك، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىراق قەدىمىنى يۆتكىيەلمەي، ئايالغا تىكىلىپ، بىچارە قىياپەتتە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ «قۇرۇق» چىققۇسى كەلمەيتتى.

ئايال ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى رەقىبكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، زورمۇ زور كۈلۈمسىرەپ، ئەرگە ئاغزىنى ئۇچلاپ قاراپ:

— كىيىنكى، بىرنى... خوشلاشقىنىمىز بولسۇن،— دېدى.

ئۇ ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ بېرىپ، بىر قولىدا ئايالنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىن بىر قولدا بېشىنىڭ ئارقىسىدىن قامالالاپ تۇتۇپ، لىۋىنى جان- جەھلى بىلەن كۆچەپ باستى. ئايالنىڭ ئۇتتۇر چىشلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاغرىق تۇيەيلىدىنمۇ ياكى يول قويۇش چېكىگە يەتتى دەپمۇ ئىشقىلىپ، مەڭزىگە، بويۇنلىرىغا، چاچلىرىغا، كۆزلىرىگە ئالدىراپ- تېنەپ، شۇنداقلا ھاسىراپ تۇرۇپ: ئۆزلۈكسىز سۆيىۋاتقان ئەرنى سوغۇق كەيپىياتتا ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ، بېشىنى گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئەپقېچىشقا باشلىدى.

ئەرمۇ بىر تەرەپ ئىختىيار قىلمىغان سۆيۈشنىڭ لەززەتسىز، مۇزدەك سوغۇق بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆز- ئۆزىدىن يىركەنگەن ھالدا توختىدى ۋە ئايالنىڭ كۆزىگە ئاللىقانداق غەزەپ، نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى.

ھېلىلا سۇرلۇك تۈس ئېلىپ تىپىرلىغان ئايال، چىرايلىق مەڭزىگە يەنە ئىللىق تەبەسسۇم بېرىپ:

— خوش، ئامرىقىم! — دېدى. بۇ ئەركىلىتىش سۆزى بولىشىغا قارىماي، شۇنچىلىك قۇرۇق، مەنىسىز، ھارارەتسىز ئىدىكى، بىر زورۇقىقان تەسەللى سۆزىگە ئوخشايتى.

— خوش... ئەرنىڭ ئاۋازى زەئىپ ئاڭلاندى، ئۇ تېپىك يىگەن ئىتتەك، غىپىلداپ چىقىپ كەتتى.

ئەر كەينىگە ئۆرلىشى بىلەنلا ئايالنىڭ چىرايى يەنە قايغۇلۇق تۈس ئالدى.

1990— 1— 26.قۇشور — شۇئات



# ئاجايىپ دېموكراتىيە

خام ئەشيا سېخىغا سىخ مۇدىرى سايلاش ھەققىدىكى خەۋەر پۇتۇن زاۋۇتنى دىققەتكە چاقىردى، بۇ ئىش زاۋۇت ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ, ئۇ پۈتۈن زاۋۇتنى ۋە زاۋۇت باشلىقىنىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويالايتتى. شۇڭا ھەممە ئادەم كىمنى سېخ مۇدىرلىقىغا بېكىتەركىن دەپ تۇرغاندا بىردىنلا يېڭىدىن پەيدا بولغان دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىش يولغا قويۇلماقچى بولغانلىقى كىشىلەرنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى.

سايلام رەسمى باشلىنىدىغان كۈنى نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكى بېسىلغان كارتۇچكا سايلىغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلگەندە كىشىلەر ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ قېتىم سېخ مۇدىرىدىن باشقا يەنە بىر قانچە ئىش بېشى سايلايدىغان گەپ ئىدى، ئىش بېشى ئۇچۇن ھەربىر ئورۇنغا ئىككى نامزات كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇدىر نامزادى پەقەت بىرئىدى. يەنە شۇ «بىرنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ» سايلايدىغان گەپ ئىدى، بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك غەزەپلىنىپ، كوتۇلداشقا باشلىدى:

— مېنىڭ كۆڭلۈمگە كەلگەن ئىش بولماي قالمايدۇ- دە، مەنمۇ شۇ يۇمشاقباشنى بېكىتەرمىكىن دەپ ئويلىغانتىم...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئۇ دېگەن زاۋۇت رەھبەرلىرىگە خۇداغا چوقۇنغاندەك چوقۇنىدىغان، توغرى- خاتاسىغا قارىماي بويسۇنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەم - دە...

— بويسۇنماي قانداق قىلاتتى؟ بىرەر- يېرىم ئىشقا قوشۇلماي، رەت قىلىۋېتەي دەيدىغان بىر نېمە چۈشەنگىدەك ساۋادى بولمىسا، ئۇتتۇز يىلدىن بېرى قانداقلا بولمىسۇن يا ھالال بولماي، يا ھارام بولماي ئىش بېشى بولۇپ سۆرىلىپ يۈرگەن بىچارە....

— بۇ كاتتىلارغىچۇ، ئاشۇنداق ئادەم كېرەك، ئىشنىڭ ئېقىش-ئاقماسلىقى بىر تېيىن، گەپ ئاڭلىسىلا بولدى! دۆت بولسا بولسۇن، سادىق بولسۇن دېگەن شەرت بىلەن تاللايدۇ.

— تووۋا دەيمەن، بىر ئادەمنى نامزات كۆرسىتىپ، زورلاپ سايلاتقىچە بىرلا ئۇختۇرۇش چىقىرىپ بېكىتىپ قويسىلا تۈگىمەمدۇ؟ دېموكراتىك سايلام دەپ، خىجىلمۇ بولۇشمايدىكەن!...

— ئۇنداق قىلسا سوتسىيالىزمغا ئويغۇن كەلمەيدۇ، يۈكسەك دېموكراتىيە... دېگەننى ئاڭلىمايمىدىڭ؟

— هە،... دېموكراتىيىنىڭ «يۈكسەك»ى مۇشۇنداق بولىدىكەن - دە؟!

— ئوتتۇز يىلدىن بېرىمۇ سايلام- پايلامنى بىلمەي كەلدۇق، يوقۇرى بېكىتىپ بەردى، ماقۇل دېدۇق، ئەمدى نېمىسى ئۇيغۇن كەلمەستى؟ كۆنۈكقۇ بىز؟ قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى، نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدىغۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن خەقنى نېمىشكە ئاۋارە قىلىدىغاندۇر...

— سىرتتىكىلەرگە لاپ ئۇلبول ئېتىشقا توغرا كەلسە لازىم بولىدۇ- دە مەسىلەن: «بىزدە مۇنداق- مۇنداق، دېموكراتىيە جارى قىلىنىپ،...» دېگەندەك...

ئىشچىلارنىڭ نارازىلىقىنى زاۋۇت رەھبەرلىرى بىلىپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار قارارىنى ئۆزگەرتمىدى، يەنى، ھەم «دېموكراتىك سايلام» نى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، ھەم «نامزات» نى ئۆزگەرتمىدى.

— سايلام قىلمايلا بېكىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ!— دەپ چۈشەنچە بەردى زاۋۇت رەھبەرلىرىدىن بىرى،— بۇ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ يات، بىزدە دېموكراتىيە بولمىسا بولمايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسىمۇ بولمايدۇ! سىلەرنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭلار بۇرژۇئازىيىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئايرىلغان ئاتالمىش «چەكسىز دېموكراتىيە» سى خالاس. بىز ئۇنداق دېموكراتىيىگە يول قويمايمىز، بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى دېموكراتىيە!...

شۇنداق قىلىپ بۇ سايلام ئاخىرى بولماي قالمىدى، لېكىن، غەزەپكە كەلگەن ئاما ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىنىدىغان بىر كىشىگە ئاۋاز بەردى، بۇ كىشى مۇشۇ سايلىغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلالايتتى



ۋە شۇنداق قىلىپ كەلگەنىدى، ئۇ پەقەت زاۋۇت رەھبەرلىرىگە قۇللارچە بويسۇنمايتتى، خالاس، ھەممە ئادەم مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك نامزاتتا يوق ئەنە شۇ كىشىگە بىلەت تاشلاشتى...

بىراق، سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا مەلۇم بولدىكى، ئوتتۇز ئىككى سايلىغۇچىدىن ئىككىسىلا ئاۋاز بەرگەن بولسىمۇ «مۇدىر نامزاتى» سايلىنىپ، ئوتتۇز ئادەم ئاۋاز بەرگەن بولسىمۇ ئاۋۇسى سايلىنالمىغانىدى. ئەكسىچە ئۇ زاۋۇت ھويلىسىدىكى دەل - دەرەخ، گۈل- گىيالارغا قارايدىغان قېرى ئىشچىلارنىڭ گۇرۇپپىسىغا «ئۆستۈرۈلگەن» ئىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ئىقتىدارى بىھۇدە بولۇپ كەتتى، ئېتى بار، سېپى يوق ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇشقا مەجبۇر بولدى دەپ ئېچىنىشتى، ئىشچىلارنىڭ پەقەت ئۆز-ئارا غۇدۇراشقىلا كۈچى يەتتى:

— تووۋا، بۇنداق دېموكراتىيە؟

— هازىر ھەممە نەرسىنىڭ جۈڭگوچىسى بولىۋاتامدۇ، بەلكىم،...

— بەلكىم بۇمۇ جۈڭگوچە...

1986- يىل، 19— ئىيۇن، ئاتۇش، شورۇق

# «سىلەرمۇ ئىنسان»

تاي ئۇچۇن مەيداندىن ياخشىدۇر ئوتلاق،
تىزگىنى ئۆز قولىدا بولمايدۇ بىراق.
— سەئدى: «گۇلىستان»

1

ئەي يوۋاش «قوزىلار» سىلەرمۇ ئىنسان!
نە ئۇچۇن ئىنساندەك قىممىتىڭلار يوق؟!
ھەممىگە كۆنۈكۈپ ئۆتسە ئۆمرۈڭلار
قايسى چاغ ھاياتتىن ئالىسىلەر زوق!؟

........................................

بۇ مېنىڭ شائىر دوستۇم مەنسۇرنىڭ «سىلەرمۇ ئىنسان!» ناملىق شېئىرىدىكى بىر كۇپلېت. ئۇ بۇ شېئىرنى يېقىندا تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان يېزىلارنى ئارىلاپ كېلىپ، بىر نامرات ناھىيە بازىرىدا يازغان.

مېنىڭچە گەپنى بۇنداق باشلاش بىر ئاز مۇجمەل بولۇپ قالغۇدەك، ئەڭ ياخشىسى مەن گەپنى دوستۇم مەنسۇرنى تونۇشتۇرۇشتىن باشلاي.

مەنسۇر ئىككىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش. بىز پەقەت ئالىي مەكتەپكە بارىدىغان چاغدىلا ھەۋەس قىزىقىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئىككى مەكتەپكە، ئىككى خىل كەسىپكە ئايرىلدۇق. ئۇ تىل ـ ئەدەبىيەتتا ئوقۇدى، مەن سۇچىلىق كەسپىنى ئوقۇدۇم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بولسا تەقدىر بىزنى تېخىمۇ يىراق ئايرىۋەتتى: ئۇ ئۈرۈمچىدە قالدى، مەن ۋىلايىتىمىزگە قايتتىم.



يېقىندا ئۇ ئائىلە يوقلاش بىلەن بىرگە تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. بۇ بىزنىڭ ئوننەچچە يىلدىن كېيىنكى تۇنجى ئۇچرىشىشىمىز بولغاچقا، ھەر ئىككىمىز بەك ھاياجانلاندۇق. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا جۇشقۇن، روھلۇق، قىزغىن كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۆتكەن ئوننەچچە يىل ئۇنىڭمۇ ۋۇجۇدىغا ئۆز تامغىسىنى باسماي قالمىغان، كۆز جىيەكلىرى قورۇلۇشقا باشلىغانىدى. مېنىڭ خاراكتېرىممۇ ئاۋالقىدەك ئېغىر، غەمتارتماس ھالىتىدە قالغانىدى، پەقەت مېنىڭمۇ چېكىلىرىمدە ئاقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.

— دوستۇم، مەن بۇ قېتىم يۇرتقا كېلىشتە، ئەڭ خىلۋەت يېزىلارنى ئارىلاپ كۆرۈشنى مەخسەت قىلدىم، ياردەم قىلارسەن؟ — دېدى ئۇچۇق- يورۇقلۇق بىلەن.

— ئارىلىساڭ بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە ياردەم كېتەتتى، — دېدىم گاراڭلىق بىلەن، — ئاۋال ماشىنىدا يېتىپ بارىسەن، ئاندىن ئارىلاۋېرىسەن.

— ماڭا «ھە، ھۇ» دەپ ئارىلىشىپ بېرىسەن دېگىنىم ئەمەس، قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىسەن، بىكار بولساڭ بىللە بېرىپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشۇپ بېرىسەن، دېگەن گەپ.

— ھە، مۇنداق دە، مەن تېخى پىكاپتا يۈرگىدەك ئەمەلدار بولغىنىم يوق. ئاران ياردەمچى ئىنژېنېر، بۇ جەھەتتە ئۆزۈرلۈكمەن.

— ھوي، تونۇش- بىلىشلىرىڭ ئارقىلىق بىرەر ماشىنا ھەل قىلالماسەنمۇ؟ ھەل قىلالايدىغان دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ باردۇ؟

— ئاۋال سەن بىرنەچچە كۈن ئاتا جايىڭدا دېمىڭنى ئال، بىزلەرگە مېھمان بول، ئاندىن بىرنېمە دەرمىز. ماشىنا تاپالمىساق ئاپتوبۇستا بارارمىز، ئۇنىڭ نېرىسىغا ھارۋا، يەنىمۇ يىراقلىرىغا ئۇلاغ كىرا قىلساقمۇ بولىدۇ، — دېدىم بېشىم قاتقان ھالدا. چۈنكى مەن جاھانسازلىققا بەكمۇ يارامسىز ئىدىم، شۇڭا بۇنداق ئىشلار قولۇمدىن كەلمەيتى، بۇنداق «ئەپچىللىك»لەرگە بولۇمسىزىدىم.

بىراق كۆپ ئۆتمەي ئاگرانوم دوستۇم تەلئەت يادىمغا كەلدى. ئەگەر ئۇ مەنسۇرنىڭ سەپىرىگە قىزىقىپ قالسىلا ماشىنا ھەل قىلالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولاتتى. ئۇ مەندەك ئەمەس، مۇناسىۋەتكە ئېپى بار ئادەمدى.

بەختكە يارىشا تەلئەت شائىرلارغا بەك قىزىقىدىغان بولۇپ چىقتى. ئۇ ھەل قىلىشقا سۆز بەردى. بىراق ئۆزىمۇ بىللە بارمىسا ئىدارىدىكىلەرنى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ماشىنىنا ھەل قىلىش .ئانچە تەس ئەمەس، — دېدى ئۇ پىشقان جاھانسازلاردەك ئىشەنچ بىلەن، — ئەسلىدە ئىدارىمىزدىن شۇ تەرەپلەردىكى يېزىلارغا بىر ئاگرونوم بېرىشى كېرەكىدى. بىراق، ئۇ يەر ھەم يىراق، ھەم نامرات بولغاچقا پايدىسى يوق دەپ ھېچكىم بېرىشقا ئۇنىمايۋاتاتتى. مانا ئەمدى مەن ئۇ تەرەپكە بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرسەم خوش بولۇپ ماشىنا بېرىشىدۇ.

— ئەگەر سەن بېرىشنىڭ كېرەك بولغان جاي بىلەن مەنسۇرنىڭ بارماقچى بولىۋاتقان يېرى بىر ئەمەس بولۇپ چىقسا قانداق قىلىمىز؟

— ھېچ دەخلىسى يوق. مېنىڭ بېرىشىم كېرەك بولىۋاتقان جايمۇ ئەڭ خىلۋەت يېزا ياكى شۇنىڭ قوشنىسى. تېخىمۇ توغرىسى شۇنداق دەپ ئىدارىدىن چىقىۋالساقلا بولىدىغان ئىشقۇ. نەگە بارغىنىمنى كىم كۆرۈپ تۇراتتى؟ خاھلىغان يېرىمىزگە كېتىۋېرىمىز. دە، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «××نى تەكشۈرۈشتىن دوكلاد» دېگەن بىر نېمىنى قاتۇرۇپلا ئىشنى توغرىلايمىز.

راست دېگەندەك بۇ چارە خېلى ئەپلەشتى. چۈنكى ھازىر كىچىك ماشىنىلار ئاساسەن شەخسىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشكارە باھانىسى جەزمەن ئەنە شۇنداق بىرەر ھۆكۈمەت ئىشى بولاتتى. بۇ ماشىنىنا ئىشلىتىشنىڭ خېلى ئومۇملاشقان چارىسىدى.

مەنسۇر كۆپرەك دەم ئېلىشنى خاھلىماي يولغا چىقىشقا ئالدىرىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقتۇق. مەن دوختۇر تونۇشۇم ئارقىلىق ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىش قەغىزى ئېلىپ ئىدارىغا ئاپىرىپ بەردىم ـ دە، سەپەرگە ئاتلاندىم(سىپراۋكا ئېلىشىمۇ ھازىرقى شەخسىي ئىشلار ئۈچۈن رۇخسەت سوراشنىڭ ئورنىنى بېسىۋاتقان ئاقىلانە چارە ئىدى، بۇنىڭدا مۇكاپات پۇلى تۇتۇپ قېلىنمايتى).

## 2

يولدا بىز پاراڭنىڭ ھەممىسىنى مەنسۇرغا كۆتۈرە قىلغاندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىم ماڭدۇق. شائىر دېگەننىڭ خاراكتېرى شۇنداق بولامدۇ قانداق، ھەر



ھالدا ئۇنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدە زىددىيەتلىك ئىدى. مەسىلەن: ئۇ بەزىدە شۇنچىلىك غەمكىنلىشىپ كېتەتتىكى، ئۇنىڭ جىم ـ جىت ئولتۇرۇپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغىنىغا، ئازاپلىق تۈس ئالغان چىرايىغا قاراپ كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى؛ بەزىدە ئۇ شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتەتتىكى، شۇ مەيداندا ھەممە گەپنى ئۆزىلا قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، يەنە گېپىنى تۈگىتىپ بولالماي بوغۇلۇپ، ئالدىراپ كېتەتتى.

— سەن ئۆزەڭنى ئاران ياردەمچى ئىنژېنېر دېگەندەك قىلىدىڭما؟ — دەپ سوراپ قالدى مەنسۇر مەندىن.

— ھەئە. شۇمۇ تېخى تەستە نېسىپ بولدى.

— نېمىشكە؟ سەن خېلى ئەلا ئوقۇپ يۈرەتتىڭ، ئەجەبا ئەمەلىي خىزمەت ئۈستىدە ئىشلىتەلمەي قالدىڭمۇ، يا؟

— قانداق دەيسەن؟

— مەسىلەن، بىرەر نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى لايىھەلەشكە قاتناشمىغانمىدىڭ؟

— قاتناشماق نېمە دېگەن گەپ، مۇستەقىل لايىھىلىگەنلىرىممۇ بار.

— ئىنژېنېر بولغانلارنىڭ ھازىرلىغان شەرتلىرىدىن قانچىلىك كەم؟

— ئىنژېنېر جاناپلىرىدىن ئاران ئىككى ھەسسە كۆپ لايىھەم بار.

— بۇ نېمە دېگەن گەپ ئەمدى؟... — مەنسۇر دۇدۇقلاپ كەتتى. ئۇ سەل جىددىيلىشىپ كەتسە شۇنداق دۇدۇقلاپ كېتەتتى.

— بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ سەن باشقا پىلانېتتىن كەپ قالغاندەكلىغۇ؟ يا ئۆرۈمچىدە ھەممە ئىش قانۇنغا، ئەخلاققا ئۇيغۇن بولۇپ كەتتىمۇ؟ مېنىڭچە بۇ «سۇ بېشىدىن لايقا» دېگەندەك ئىشقۇ دەيمەن، — دېدىم خاتىرجەملىك بىلەن، — ئىلمىي ئۇنۋان دېگەننىڭ بىلىمىڭ بىلەن، بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، يا خىزمەت تارىخىڭ ئۇزاق بولىشى كېرەك، تېخىمۇ موھىمى مۇناسىۋەت بولىشى كېرەك. بىر خىل تىجارەت شەكلىدە پۈتتۈرىلىدىغان ئىش. دىپلوم بولسا، ئوننەچچە يىل ئىشخاندا بىر شىرەنى بەنت قىلىپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولساڭ، بۇ بىر شەرتىڭ توشتى دېگەن گەپ؛ قالغىنىغا مۇناسىۋەتتىكى چاققانلىقىڭ پەۋقۇلئاددە نەتىجە ياراتقانغا باراۋەر كېلىدىغان تېخىمۇ موھىم نۇقتا.

— يەنى، مەسىلەن....

— مەسىلەن، ئاشۇ ئىنژېنېر دېگەنلەر ئادەتتە ئىشخانىدىن ئايرىلىپ باقمايدىغانلار. ئەگەر ئايرىلىدى، دېگەنىدىمۇ بىرەر ئەھمىيەتسىز كىچىك قۇرۇلۇشنى لايىھىلىگەنلەر. بۇنىڭ دەبدەبىسى، مىنىنىتىنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي، قۇرۇلۇش بىر قېتىممۇ ئىشلىتىلمەستىن كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى — ئىقتىسادىي زىيىنى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئۇنىدىن باشقا ئۇلار سالاھىيەتلىك بولغاچقا مەندەكلەرنىڭ لايىھەلىرى ئۇلار ئىمزا قويماستىن ئىناۋەتلىك بولمايدۇ. بۇمۇ ئۇلارغا ھېساپ. ئەگەر چاتاق چىقمىسا. چاتاق چىقسا ئەلۋەتتە بىزدەكلەر ئۆزىمىز بوينۇمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سەن تۆۋەندىن ئەھۋال ئىگىلەپ، بىرەر زۆرۈر قۇرۇلۇشقا مەبلەغ ئاجرىتىش ھەققىدە دوكلاد يېزىپ كەلسەڭ بۇنىڭغا قۇلاق سالىدىغانلارنى تاپالمايسەن. ئۇلار ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋېلىپلا تون پىچىشقا ئۆگەنگەن. شۇنداقلا خەقنىڭكىنى راست دەپ سالسا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا ھاقارەت بولىدىغان بولغاچقا، سەن يېزىپ كەلگەن دوكلادلار پەقەتلا يىللىق خۇلاسە يىغىنىدىكى تەنتەنىلىك نەتىجە سانلىرى ئۈچۈنلا كېرەك. يەنى، مۇنچىلىك تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىلىپ، مۇنچىلىك قۇرۇلۇش قىلىش دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەر قىلىندى، دېيىشكە كېرەك. ئەمما ھېلىقىدەك ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بۇزۇپ چېچىشقا پۇل تېپىلىپ تۇرىدۇ... دوستۇم، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى دېھقانىنىڭ خامىنىغا ئوخشايدۇ: خاماندا مۇما تۈۋىگە قوشۇلغان ئۇلاق ئادالانغان دانىنى يەپ، قوسىقىنى دومبايتىپ، يوغان تېزەكلەپ، ئۇزاق ئۇزاقتا بىرە يېرىم چامداپ قويسىلا بولىدۇ؛ ياقىدىكىسى سامان چېشلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سوكۇلدايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق تاياق شۇنىڭغا تېگىدۇ! تېخىمۇ ئادالەتسىز بولغىنى، بۇ خاماندىن چىقىرىپ يەنە بىر خامانغا قوشقاندا يەنىلا مۇما تۈۋىدىكىسى مۇما تۈۋىگە، ياقىدىكىسى ياقىغا قوشۇلىدۇ،...

بىز چەكسىز كەتكەن بىر شورلۇقتا كېتىۋاتاتتۇق. يول ناھايىتى ئەسكىدى. بۇ يەرلەردە ھەرقاچان يول ياساپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە پاتقاق ئۆرلەپ، يول بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى شورلۇق تۇزلەڭلىك شۇ قەدەر تاقىرىدىكى، ئۇنىدىكى تۇز كىرىستاللىرى ئەينەك مۇزدەك پارقىراپ تۇراتتى.



تۇزلەڭلىك ئۈستىدە ياز قوياشى يېقىنلا يەردە ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆيدۈرگۈچى نۇرلىرىنى ئاياۋسىز تۆكۈپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى بۇ قېقىر دالىدا تۇرۇپ بولمايتى.

ئۇ يەر، بۇ يەردە قاچاندۇر سۇ ئېقىپ ئۆتكەندەك كىچىك يارلار بولاتتى. بۇنىڭدا قېنىق دەملەنگەن چاي رەڭگىدە — قارامتۇل قىزىل زەي سۇ كۆرۈنەتتى. مەنسۇرغا ئاشۇنداق بىر كىچىك يارنىڭ بىر تەرىپىدە قىشىيىپ تۇرغان بېتون توغاننى كۆرسەتتىم:

— قارا، ئاشۇ بىر مىليون مەبلەغ سېلىنغان ئۇلۇغ بىر سۇ قۇرۇلۇشىدىن قالغان ئاخىرقى يالداما، — دېدىم.

— ئۇنىڭ نېمىسىگە بىر مىليون پۇل كەتتى؟

— ھېلىقى ئېنژېنېر ۋە باش ئېنژېنېر جاناپلاردىن سورىساڭ بولىدۇ.

— بۇ باياۋانغا بۇنداق قۇرۇلۇشنى قىلىپ نېمە قىلماقچى؟

— بۇنىمۇ ھېلىقىلاردىن سورا. ئۆلكە يەرلەرگە سۇ يېتىشمەي قاغجىراپ كېتىۋاتقاندا باياۋانغا — يەنە كېلىپ ئۆزلەشتۈرۈش قىيىن بولغان شورلۇققا بۇنداق قۇرۇلۇشنى قىلىپ مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى بىھۇدە قىلىش قىپ-قىزىللا تەلۋىلىك، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇ بىلەرمەنلەرگە ئىشتىن بۇرۇن بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئىمكانى يوق؛ ئىشتىن كېيىن مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بىرلا «بوپتۇلا»، «خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، تۈزەتسىلا بولىدى ئەمەسمۇ» دېگەن گەپ بىلەن كېتىۋېرىدۇ... يەنە بۇ يەردە پۇلنىڭ، خاتالىقنىڭ سورىقى يوق ئوبدان يەركەن دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئەگەر مەن شۇنداق قىلغان بولسام ئېھتىمال «تۈزىتىۋال» دەپ كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئولتۇرمايتى... بۇ يەردە ئىگىسىز ھايۋانچىلىكمۇ قەدىرلەنمەيدىغان ئادەم كۈچى دېگەنگە ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق پۇل، بەك تەستە ئاجرىتىلاتتى ئەمەسمۇ، بەرمەسلىككە مۇمكىن بولمىغاندىلا...

— ۋۇي، مەن بىر پارچە بېتون تاختىغا شۇنچىلا پۇل كەتكىنىگە ھېچ ئىشىنەلمەي تۇرىمەنغۇ؟ ئادەم كۈچى قىممەتمۇ يا؟

— ئادەم كۈچى ھېلى مەن دېگەندەك!... خۇرجۇنغا يەيدىغان نېنىنى سالىدۇ، كۈدە- كۆرپىسىنى يۈدۈپ ئىش ئورنىغا كېلىدۇ، ئايلاپ ئۆيىگە قايتماي زەي سۈنى ئوچۇملاپ ئىچىپ ئىشلەۋېرىدۇ. بىر تىيىن ھەق ئالمىغانىدىن تاشقىرى يىمەك ـ ئىچمىكى ئۆزىدىن...

— بۇ قانداق گەپ؟ سىلەر ماڭا 3 ـ ئومۇمىيغىندىن بۇرۇنقى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟!

— ياق دوستۇم، سەن گېزىتلەردىكى چىرايلىق گەپلەرگە بېرىلىپ كېتىپسەن، بۇ يەردىكى ئەھۋال 30ـ ئومۇمىيغىن ئېچىلىسىمۇ ئوخشاش! ئەتىرەت باشلىقى دېھقانلارنى ھاشارغا ھەيدەپ تۇرىدۇ، ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىپ تۇرىدۇ. بىچارىلار زەي سۇنى ئىچىپ، قۇرۇق زاغرىنى غاجاپ، نەم يەردە يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەيدۇ...

— شائىر دوستىمىزنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدىغان بىر گەپ، — دەپ سۆز قىستۇردى تەلئەت، — يوتقان- كۆرپە دېگەن نەرسىمۇ ئۇلاردا بولمايدۇ. ھېلىغۇ ئىش ئورنىغا ئېلىپ بارغۇدەك يوتقانىكەن، ئۆيىدىمۇ تون چاپىنىغا ئورۇنۇپلا پاخال ئۈستىدە يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

— شۇنداق، — دەپ تولۇقلىدىم مەن، — ئۇلارنىڭ بۇنداقلىقى نامراتلىقتىن باشقا تەركىدۇنياچىلىق زەھەرلىرىنىڭ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن. تەركىدۇنياچىلارنىڭچە تۇرمۇشنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزۈشنىڭ ساۋابى كۆپ، راھەتنى باقى دۇنيادا كۆرىدىغان گەپ.

— قايسى زاماندىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىلەر، ئاغىنىلەر؟

— سەن دېگەن «پارلاق 3ـ ئومۇمىيغىن»دىن كېيىنكى زاماننىڭ گېپى. كۆرىسەن، ئالدىرىما...

جىپ ماشىنا شورلۇق، سازلىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ بىرىنچى قونالغۇسى بولغان ناھىيە بازىرىغا يېقىنلاشماقتىدى. مەنسۇر خېلى ئۇزۇن شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن بايىقى گەپنى ئەسلەپ، كوچىلاپ سورىدى:

— ئەمگەك كۈچىغۇ بىكارلىق ياكى بىكارلىق دېگۈدەك ئىكەن، ئەمىسە قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟

— بۇنى خەجلەيدىغان يەر ئاز قالىدۇ دەپ ئەنسىرەمسەن؟ ياق، دوستۇم، ھەممە ئادەمنىڭ نەپسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما. قىسقىسى پۇلنى سالىدىغان يانچۇقلار تولا، تالادا قالمايدۇ، ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ.

تەلئەت بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ پۇلنىڭ سەرپ بولۇش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ ۋىلايەتتىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن يېزىغا، يېزىدىن كەنتكە، كەنتتىن گورۇپپا



ئەترەتلەرگە كەلگىچە خوراپ قانچىلىك قالىدىغانلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى. ھەتتا بىر قېتىم ئەڭ ئادالەتلىك ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇشتا پۇلنىڭ قانداق سەرپ بولغانلىقىنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى. بۇنىڭدىكى ئادالەتلىك بولغان يېرى شۇ بولغانكى، ئەمەلىي ئەمگەك قىلغۇچى دېھقانلارغا بۇ پۇلنىڭ ئۇچى يېتىپ كېلەلىگەن! دېھقانلار بۇنىڭدىن ئاجايىپ ھەيران قالغان. ئۇلارنىڭ بۇ پۇلنى قەرزىمىكىن دەپ ئالغىلى ئۇنىماي، قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا، بۇنداق قۇرۇلۇشلاردىكى مۇقىملىشىپ كەتكەن ئادەتنى چۈشىنىۋېلىشقا يېتەرلىك. ئىدى. دېھقانلارنىڭ قەرز تۆلىگۈدەك ھالى بولمىغاچقا ئۆزلىرىنى قاچۇرغان، كادىرلار جازانە قىلىۋاتقانمىكىن دەپمۇ ئويلاشقان. ئاخىرى بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىش ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلەتكەن ھۆكۈمەتكە رەھمەتلىرىنى ئىزھار قىلىشقا سۆز تاپالماي قېلىشقان. باشقا يېزىلار، يىراق ـ يېقىندىكىلەرمۇ بۇ قالتىس ئىشنى ئۇزاققىچە سۆزلەپ يۈرۈشكەن. ئەمما بەزى كادىرلارنىڭ چىشىغىمۇ تەككەن. سەۋەبى: دېھقانلارنى ھەق بېرىپ كۆندۈرۈپ قويسا گەدەنكەش بولۇپ كېتەتتى. بۇ قۇرۇلۇشتىكى ھەقلەر شۇنداق تەخسىم بولغان: يوقۇرىدىن بىر كۆپمېتىر توپا ئۈچۈن 1.4 سوم پۇل بەرگەن. بۇنىڭدىن 0.4 سومنى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسى قايرىپ قېلىپ، ئىشخانا بىناسىنى يېڭىلىۋالغان؛ 0.3 سومنى ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى قايرىۋېلىپ، باشلىق ئۈچۈن كىچىك ماشىنا سېتىۋالغان؛ 0.25 سومنى يېزا سۇ ئىشلىرى بۆلىمى قايرىپ قېلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ھەر دەرىجىلىك باشلىقلار بىلەن «بارنى تەڭ كۆرگەن»؛ 0.2 سومنى كەنت باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھالال ھەققى دەپ بىلىشكەن؛ 0.05 سومنى دېھقانلارغا چام بۆلۈپ بېرىپ جاپا چەككەن «دوغىلار» ئالغان؛ ئاخىرىدا قالغان 0.2 سوم دېھقانلارنىڭ نامىغا يېزىلغان ۋە قەرزى يوقلارنىڭ قولىغا تەككەن، قەرزى بارلارنىڭ قەرزىگە تۇتۇلغان. شۇندىمۇ ئىش ئۆتكۈزىۋالغۇچى دوغىلار، كەنت باشلىقلىرى مۇمكىنقەدەر ئۇلارنىڭ ئىشنى ئازراق باھالاشقا تىرىشىپ، بۇ ئارىلىقتىنمۇ ئانچە- مۇنچە چاي پۇلى تېپىپ يېگەن. ئاتمىش نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ زەيكەش ئەنە شۇنداق پۈتكەن. دېھقانلاردىكى ئاڭ شۇنچىلىك بولغاچقا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا ھەققىنى سۈرۈشتە قىلىش، «نېمە، بىز

هايۋانمۇ؟ هايۋانغىمۇ ئوت- سامانني بېرىپ ئىشلەتمىسە بولمايدۇغۇ!...» دېيىش كەلمىگەن...
ماشىنا مۇشۇ نامرات يېزىلارنىڭ مەركىزى بولغان ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كەلدى. كىشىگە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى ئەسلىتىدىغان ئادەملەر كوچىلاردا كۆزگە تاشلىناتتى. بۈگۈن جۈمە بولغاچقا بۇ ئادەملەر چوڭ جامەگە نامازغا ئالدىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ماشىنىمىز سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى. بەزىدە توختاپمۇ قالاتتى. چۈنكى بۇ ئادەملەر ماشىنا سىگنالىنى ئاڭلىغاندەك قىلمايتى. يەكتەكلىرىنىڭ پېشىنى سۆرەپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېرىشەتتى. يېقىنلا جايدا مەكتەپ بولسا كېرەك، يولدا مەكتەپكە ماڭغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى.
يول بويىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە نامازغا تاھارەت ئېلىۋاتقانلار كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يولغا ئالدىنى قىلىپ، بىمالال ئىستىنجا قىلىۋاتقاچقا يولدىن ئۆتىۋاتقانلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا ياكى تەتۈر قارىۋېلىشقا مەجبۇر بولىشاتتى. بۇ بىدئەتكە چىرمالغان نامازخانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدىن ئاللىقاچان چەتنەپ، شەكىلگىلا ئېسىلىپ قالغاچقا، بىدئەتلەرنى دىنىي پىرىنسىپلار ئورنىغا قويىۋالغانىدى. ئۇلارغا سىياسىي كېڭەشتىن مائاش ئالىدىغان ئىماملار ئىستىنجانىڭ پەرز ئەمەسلىكىنى، مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ موھىمى ئادەملىك سۈپەتىنى ساقلاش، باشقىلارغا ئەزىيەت(مالاللىق) يەتكۈزمەسلىك، ئەخلاقتا ئۈلگە بولۇش ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ مانا شۇنداق كۆپنىڭ سۈيىگىلا توغرىدىن توغرا تاھارەت ئېلىپ سۇنى بۇلغىماسلىق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىگەن ياكى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنسۇرغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ، ھاڭقىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئىتتىك چېچىلىدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇنى تىرىكتۈرۈش ئۈچۈن سۆز ئاچتىم:
— بۇغۇ پاكىزلىق تىپىدىكى ئىش، ھەم ناماز ئوقۇشنىڭ تەييارلىقى بولغاچقا ساۋاپتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ، شۇڭا خىجىللىق توغرىسىدا ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق. بەزىدە بۇ ئادەملەرنىڭ چوڭ يول بويىدىكى تاملارغا ئالدىنى قىلىۋېلىپلا سىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسەن. كەينىنى قىلىۋېلىشىمۇ



پەقەت سىيىپ بولغۇچىلا؛ ئۇنىدىن كېيىن چالما ئىشلىتىدىغان، ئىشتانني ئېتىدىغان ئىشلار يەنىلا يولغا قايتىپ چىققاچ بېجىرىلىدۇ. بولمىسا ئون قەدەم نېرىدا خالا بارلىقىنى بىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ كۈندۈزى كىنو كۆرۈپ چىققانلارنى كۈزىتىدىغان بولساڭ شۇنداق قىزىق، خۇددى پارتلاپ كېتىشكە ئاز قالغاندەك ئالدىلىرىنى تۇتۇپ يۈگرىشىپ چىقىدۇ- دە، يول بويىدىكى تامغا ئالدىنى قىلىپ تىزىلىشىدۇ... شۇ ئەتراپنىڭ تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ بولغان بولىدۇ...
بىز بۇ چاغدا مېھمانخانا ھويلىسىدا توختىغانىدۇق. بۇ يەردە قونۇپ، سەپەرنى ئەتە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ماشىنىدىن چۈشتۇق.

## 3

ئەتىسى ناھىيە بازىرىدىن چىققاندىن كېيىن داۋاملىق تەكلىماكان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئەمدى قۇملۇق يول باشلاندى. ئۇ يەر بۇ يەردە قۇم دۆۋىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. بەزى ئېتىزلارنى، بەزى دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىنى قۇم بېسىۋالغانىدى. يېزىلار ئارىلىقىدىكى ئۆزۈكلەر قاغجىراپ ياتقان جەزىرە بولاتتى. بۇ قاغجىرىغان قۇملۇق دالىدا قاچاندۇر ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغان ئېتىز قىرلىرى، چېپىلغان قېرىمچىلار كۆرىنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئاندا - ساندا قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى ئىسسىقتىن سولاشقان ھالەتتە شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى بەغايەت چاڭ - توزان قاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن يوتۇپ، مەنزىلگە يېقىنلىشىپ باراتتۇق. ئېچكىرىلەپ بارغانسېرى قىرلار، قېرىمچىلار ئېنىقراق كۆرۈنۈشكە، ئارقىدىن قېرىمچىلارنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە تېگىدىن قېرىپ قالغان پاكار پاخماق قاغا جىگدىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
— ئالدىمىزدىكى يېزىدا توختايمىز، سېنىڭ كۆرمەكچى بولغانلىرىڭ مۇشۇ يەردىن باشلاپ كۆپ تېپىلىدۇ، — دېدىم مەنسۇرغا قاراپ. ۋاقىت چۈشتىن سەل ئۆتكەن بولۇپ، قورساقمۇ تازا ئاچقانىدى.

يېزىنىڭ ئاۋاتراق دوقمۇشىدا توختىدۇق. دېرىزە قويۇلمىغان پاكار ئۆيلەردىن بالىلار، ياشلار ۋە گاھى چوڭلار يۈگرۈشۈپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا كوچىدىكى بىكارچىلاردىن بىر مۇنچىسى ماشىنىنى ئورىۋالغانىدى.

مەنسۇر ھەممىگە قىزىققۇچى بالىدەك ھەممىدىن بۇرۇن ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئەتراپتىكىلەر بىلەن تېچلىق سوراشقىلى تۇردى. تەلئەت ئىككىمىز ئۈچۈن بۇ يېزىلارنىڭ قىزىققۇدەك ھېچنېمىسى بولمىغاچقا ئارقىدىراق چۈشتۇق، ئەتراپقا ئولاشقانلار ماشىنىدىكى ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىغا قۇلاق سېلىشىپ، ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە قارىشاتتى.

— قەيەردىن سۆزلەيدۇ بۇ؟ — دېدى بىرى ھەيرانلىق بىلەن، ماشىنا ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ.

— رەدىيول دېگەن شۇ، ماشىنىدا رەدىيول بار ئوخشايدۇ.

— ھە؟ قەيەردىن ئوقۇيدىغاندۇ؟

— مەن تاپتىم، مانا، مانا، بۇ يېرىدىن چىقىۋاتىدۇ، — دېدى بىرى ماشىنىنىڭ چوڭ چىرىغىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئىشەنمىسەڭ تۇتۇپ باق، دىرىلدەۋاتىدۇ،...

ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەلۋىسىدىن بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەنسۇر يېزا كىشىلىرى بىلەن سۆھبەتكە چۈشكەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن سۆھبەتداشلىرىنى كۈزىتىۋاتاتتى. يېزىلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتلىرى يالىڭاچ ئىدى. كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتاندىن باشقا بېشىدىلا بۆك — قارىيىپ كەتكەن ئاق شاپاق دوپپا، قارا ياكى كۆك شاپاق دوپپا — بارىدى. چوڭلار تۈكلۈك مەيدىلىرىدىن تارتىپ دۈمبىلىرىنى ئېچىپ يۈرەتتى، بالىلار ئالىلقەيەردىكى سېسىقسۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ، قارالاي بىلەن بۇلغانغاندەك قارىيىپ كەتكەن ئۈستۈنكى بەدىنىنى چىقىرىپ يۈرەتتى. ئاندا- ساندا قىرىلار ئاق يەكتەك كىيىۋالغان، ئەمما ئالدى ئىزمىلانماي، كېلەڭسىز بىللاق(بەلۋاغ) بىلەن بېلىنى باغلىۋالغاچقا مەيدە ۋە قوساقلىرىنىڭ قىزغۇچ قارامتۇل تېرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەكتەكنىڭ ئەسلىدە ئاق ئىكەنلىكىنى ھەرھالدا پەرەز قىلغىلى بولاتتى، ھازىرقى تۇرقى بولسا تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرقىدىن كىشى ئىختىيارسىز ھالدا سەرگەردان سىگانلارنى ئەسكە ئالاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ يەنە باشقا ئالامەتلىرىدىن ياۋايى



ئادەملەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن بولسا، يەنە بەزى ئالامەتلىرى ئىنسانغا ئوخشىمايتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سورىشىۋاتقان سوئاللىرى شۇ قەدەر نادان ۋە ئەخمىقانە ئىدىكى، بۇ پەقەت ئەقلىگە كەلمىگەن بالىلار ۋە ساراڭلارغىلا يارىشىدىغان تېپتا ئىدى.

— دوستلار، — دېدى مەنسۇر تەلئەت ئىككىمىزگە بۇرۇلۇپ. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراۋاتقاندەك تىترەيتى، — مۇشۇلارمۇ ئادەملەرمۇ؟ بىز ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئافرىقىغا ياكى جەنۇبىي ئامېرىكىغا كېلىپ قالمىغاندۇق؟ ...

— ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنى ئەڭ نامرات ۋە قورقۇنۇچلۇق جاڭگال كۆرسەتكەن تەشۋىقاتلار كاللاڭغا بەك سىڭىپ كەتسە كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە بىزدىن بەكراق ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنى پەقەت موزىيلاردىن ئىزدىسەڭ بولىدۇ. كەمبىغەللەرنىمۇ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرىۋاتقانلارنىمۇ باشقا يەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولما، — دېدىم ئۇنى ئېچىتىپ.

— مۇشۇلارمۇ 21- ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئادەملەرمۇ؟ ئۇيغۇرمۇ؟ فارابى ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمۇ؟

— ھاياجانلانما، تېخى ئەتتىگەن. بۇنىسى خېلى ياخشىلىرى، — دېدىم كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — ئوتتۇرا ئەسىردە ئېپتىدائىي ئورمانلاردا ياشىغۇچىلار يالىڭاچ بولغىنى بىلەن ھەرھالدا قورسىقى توق بولسا كېرەك، كىنولاردىن كۆرگەنلىرىمىزگە ئاساسلانغاندىمۇ ئۇلارنىڭ بوش چاغلىرىدا نەغمە قىلىپ، كۆڭۈل ئاچقانلىقى مەلۇم. ھاشار دېگەننى ئۇلار بىلمەيتى، كۆڭلىگە ياقمىغان يەرنى تەرك ئېتىپ، باشقا يەرگە يۆتكۈلۈش ئەركىنلىكى بارىدى، يول خېتى، ئەترەتنىڭ رۇخسىتى، نوپۇس خاپىلىقى دېگەنلەرنى بىلمەيتى، — مەن مەنسۇرغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن قوشۇپ قويدۇم، — مەنمۇ دەسلەپ بۇ يەرلەرگە كەلگەنىدە ساڭا ئوخشاش ھىسسىياتتا بولغانىدىم، ئازاپلىنىپ ئۇخلىيالمىغانىدىم. ئاشۇلار بىلەن ئۆزەمنىڭ بىر مىللەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا ئىچىم سېرىلىپ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپلا كەتكەنىدى. كېيىن مەنمۇ بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالدىم. يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن پەقەت تىلى ئارقىلىقلا پەرقلىنىدىغان بۇ كىشىلەر مەندە ئېچىنىش قوزغىيالماس بولدى. ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىپ، كەتمەن كۆتۈرۈشلىرىمۇ ماڭا تەبىئىي تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەتتا

ئۈچ ئاغرىتىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئاغرىتقانىنى، ھېسداشلىق قىلغانىنى بىلگۈچىلىكىمۇ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم...

— نېمە دەۋاتىسەن، دوستۇم!؟ بۇلار ھەققىدە بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىڭغا يول قويالمايمەن! بۇلار مېنىڭ قېرىنداشلىرىم! — مەنسۇر ھېلىلا مېنى بوغۇۋالىدىغاندەك قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ «قېرىنداشلىرى» بۇ ۋارقىراشلارغا بىر خىل گاڭسا روھى ھالەت بىلەن قارىشاتتى. مەنسۇر ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ دېدى، — بۇنىڭدىن بەتتەررەك كارتىنىلارنىڭ بارلىقىغا مېنى ئىشەندۈرمەكچىمۇسىلەر؟

— شۇنداق، ئالدىرىما...

مەنسۇر بىزنى ئورىۋالغان توپ ئىچىدە قىستىلىشىپ، ماشىنىنى كۆرۈش قىزغىنلىقىدا بىر- بىرىنى ئىتتىرىشىپ يۈرگەن بالىلارنى ئالدىغا چاقىرىپ سوئال سوراشقا كىرىشتى:

— مەكتەپكە بارمىدىڭلارمۇ؟

— سىنىپىمىزنىڭ تورۇسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، شۇڭا بىزنى تەتىل قويۇۋەتتى.

— تەتىل؟ بۇ قانداق مەزگىلسىز تەتىل ئەمدى؟ ھەممىڭلارنىڭ سىنىپى بىراقلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنمۇ؟

— ياق، بىزنىڭ سىنىپ ساق، مۇئەللىم بۈگۈن بالىسىنىڭ تويىنى قىلغان، شۇڭا بىزنىمۇ قويۇۋەتتى.

— ھوي، بۇ پۈتۈنلەي باشقا دۇنياغۇ؟ — دېدى مەنسۇر ئىستېھزالىق كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، — دېدى تەلئەت گەپكە ئارىلىشىپ، — بالىلار مەكتەپكە بىر خىل ئالۋاڭ تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، ھەرقانداق باھانە- سەۋەپ بىلەن مەكتەپكە بارمايدىغانلا بولسا خوش بولىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ يەردىكى مەكتەپلەر ئالۋاڭ ئۈچۈنلا قۇرۇلغان. ئۇندىن باشقا رولىمۇ ئاز. مۇئەللىملەر يېقىن تونۇشلىرى ئۆي سالغان بولسا سىنىپىدىكى بالىلارنى قاتار قىلىپ ئاپىرىپ، ئۇ يەردە بىكارلىق ئەمگەككە سېلىپ، دوستىغا ئەسقاتىدۇ، دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىگە سېلىنىدۇ، ئۆزىگە يارىشا چام بۆلۈپ بېرىپ،



كىچىككىدىنلا «چام» ئورۇنلاشقا كۆندۈرىدۇ. ئۇنداق بىر يەرلەردە بىكارغا ئىشلىگەندىن كۆرە، ئۆيىنىڭ ئىشىنى قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ.

— بۇ بىر چاغلار مودا بولغان « ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلغان، سوسيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش»تىن ئىبارەت مائارىپ يۆنۈلۈشىنىڭ بۇلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بېرىشىدىن قانۇنىي باھانىگە ئىگە ئىش. خەلق ئاممىسىغا يېقىن بولۇش، «سېپىق زىيالى» بولماي، قاداق قول ئەمگەكچى بولۇش تەشەببۇسلىرىنىڭ مەھسۇلى.

— ھېلىمۇ بۇ مائارىپ يۆنۈلۈشى ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق.

— بۇ مەكتەپلەردىن بىرەرسى ئوقۇپ يېتىشىپ، ئۆز يېزىسىدىن نېرىغا بارالىغانمۇ ئەمەس. چۈنكى يوقۇرىدىن بېرىلىدىغان «سان» ئاز، ۋىلايەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا گەپنى يېزا، كەنت دېگەن دائىرىدە ئەمەس، ناھىيە دائىرىسىدە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ناھىيىگە بېرىلگەن سان بولسا ناھىيە بازىرىدىن چىقالماي سىڭىپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەر بىر باشلىقنىڭ بىر نەچچىدىن هارامزادىسى بار ـ دە!

— ئۇنىڭسىزمۇ تەربىيىلىنىش شارائىتىدىن ئېيتقاندىمۇ، مۇشۇ مۇھىتتىكى بالىلارنىڭ فىزىكىنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر تېئورمىسىنى ئەمەلىيەتتىن ھېس قىلىش ئىمكانى يوق، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ئۇ قەدەر ناچار بولۇش يەتمەي، قۇمۇلاڭدا ئولتۇرۇپ يەرگە جىجىپ ئوقۇيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار؛ ئۇلار ئۈچۈن بالىلارنىڭ خاسلىقىغا يارىشا ئويۇنلار، ئويۇنچۇقلار، تەجرىبە سايمانلىرى،... دىن ئېغىز ئېچىش بىر فانتازىيە خالاس. بۇ نۇقتىدىنمۇ ناھىيە بازىرى ۋە شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، مۇھىتتىن كۆرۈپ، ئاڭلايدىغىنى، ئائىلىدىكى نورمال پاراڭ تېمىلىرىغىچە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ھېلىقى قىممەتلىك «سان»نىڭ بۇ يەرلەردىن ئاشماسلىقى تەبىئىي بىر ئىش.

ئەتراپتىكىلەر ئىنتايىن قىزىق تاماشا تېپىۋالغاندەك قىزىقىش بىلەن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قارىشىپ تۇراتتى. ئارقىدىكىلەر ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن قىستىشاتتى. دېمىسىمۇ بۇ خىلۋەت يېزىدا بۇنچىلىك ئىچ پۇشقى، تاماشا،

كۆڭۈل خوش بولغىدەك ئىشلار كەم بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن بىر ماشىنا، بىرنەچچە شەھەرلىك ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ پارتىكى ئاجايىپلا قىزىق ئىدى.

— باللار، قايسىڭلار مىنى ئۆيۈڭلارغا باشلاپ بارالايسىلەر؟ — دېدى مەنسۇر هاياجان بىلەن، — ئەڭ كەمبىغەل بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ باقسام بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى ماڭا قاراپ.

— ئاغىنە، مېنىڭچە ئەڭ باي ئائىلىگە بېرىپ كۆرگىنىڭ خوپراق. شۇنىڭغا قاراپ كەمبىغەللىنى پەرەز قىلالايسەن، — دەپ مەسلىھەت بەردىم مەن. ئەتراپتىكىلەر بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلچە ئالاقىسى يوقتەك، بىرخىلدا سەبىي كۈلۈمسىرەپ تۇرىشاتتى. ئۇلارنىڭ يوغان قوي كۆزلىرىدىن باللارچە قىزىقىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

مەنسۇر مېنىڭ تەكلىۋىمگە قوشۇلدى.

— مىنى كەنتىڭلار بويىچە ئەڭ ياخشى ئۆيگە، ئەڭ باي ئادەمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ باللارغا. ئەتراپتىكى چوڭلار باللارغا مەسلىھەتلىرىنى ئايىمىدى. ئۇلار بىردەك كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىشتى.

— ئۇنىڭدىن تۈزۈك ئۆي نەدە بار، شۇنىڭكىگە ئاپىرىڭلار، — دېيىشتى ئۇلار.

— كادىرلارنى كۆتىگە تۆك چىقمىغان سويمىلارغا تاشلاپ قويماي، چوڭراقلىرىڭلار باشلاپ بېرىڭلار، — دەپ مەسلىھەت بەردى ئاقساقاللىق بىرى،

— سەت تۇرىدۇ بىكا.

ئومۇمەن يېڭىراق چاپان كىيگەن ئادەملەرنى «كادىر» دەپ چوقۇنۇپ، ھەم قورقۇپ ئۆگەنگەن بۇ ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بۇنداق «كادىر»لارنىڭ دېگىنىنى ئىجابەت قىلىشقا قىزغىنلىق بىلەن رازى بولۇشۇپ، تالىشىپ قىلىشاتتى. ئەسلىدىغۇ كوممۇنىستلارنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا كادىرلار «خەلقنىڭ چاكىرى» بولغاندىكىن، بۇ «چاكارلار» خەلقتىن (خوجايىندىن) قورقسا بولاتتى، ئاندىن «خەلقنىڭ چاكىرى» ئىكەنلىكى راست بولاتتى؛ ئەمما باشقا بارلىق چىرايلىق ئاتالغۇلاردەك، بۇمۇ بىر خىل رەڭۋازلىق بولغاچقا، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، خەلق كادىردىن قورقاتتى.

تەلئەت ئىككىمىز خاھلار خاھلىماس هالدا، مەنسۇرنى ئارىغا ئېلىپ توپا تورۇتۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق. ئارقىمىزدىن باشقا بىر توپ



قىزىققۇچى ئەگىشىپ كېلەتتى. ياشلار ۋە باللار بىزنى سىرتىدىن خېلى يامان ئەمەس كۆرىنىدىغان، باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا ئىگىزرەك ۋە سىرتى سۇۋالغان ئۆيگە باشلاپ باردى. بىر قاراشتىلا بۇ ئۆي، شۇدىگەرلىكنىڭ چالمىسىدىلا ئېتىلگەن، سىرتى سۇۋالمىغان ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۆي ئىگىسى باشقا يېزا پۇخرالىرىغا قارىغاندا خېلى كىبىرلىك كۆرىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەنت باشلىقىنىڭ ئايالى بولۇشتەك يۇكسەك ئورنىنى ھەقىقىي ھىس قىلىپ تۇرسا كېرەك، سۆز ۋە ھەركەتلىرىدىن سەھرالىقلارچە تومتاق يوغانلىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ مۇھىتتا ياشىغۇچىلار ئۇنىڭ كارامەت ئورنىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغاچقا ئۇنىڭ ھەممە ئەركىلىكىنى كۆتۈرۈپ يامان ئۆگىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. بىز خوجايىن ئايال بىلەن هويلىدا دوقۇرۇشقىنىمىزدا خوشال كېلىۋاتقان ئالامان چىپپىدا توختاپ، گويا: «بىزنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل مىھمانلارنى — پىكاپتا كەلگەن مىھمانلارنى باشلاپ كەلگىنىمىز خوپ بوپتىمۇ ياكى چاتاق قىپتۇقمۇ؟» دەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چېھرىسىگە خوشامەت كۈلۈمسىرىشى بىلەن قاراپ جاۋاپ تاما قىلىپ، تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن ئالدىراپ تېنەپ جەريان سۆزلىگىلى تۇرۇشتى.

خوجايىن ئايال يۇتىغا ئانچە يېڭى بولمىغان ساپما ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا يالاڭاياق يۈرىدىغان مىڭلىغان ئاياللارغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. يوغان گۈللۈك سۇنئىي رەختتىن تىكىلگەن ئىشتىنىنىڭ قىسقا ھەم كەڭ پۇشقىقىدىن ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل تۇم ۋە بىجىرىم پاقالچىقى، پايپاقسىز پۇتى ئوچۇق كۆرىنىپ تۇراتتى. كۆينىكىمۇ ئېتەكلىرى كەڭ، پولامپاي بولۇپ، بالا ئېمىتىش ئۈچۈن دائىم ئېچىپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىنمۇ كۆكرەك ئالدى يىرتىلىپ كېڭەيگەن، تۈگمىسىمۇ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا ياۋايىلارچە كۆرۈمسىز هالەتتە كۆكسىنىڭ يوقۇرى تەرىپى كۆرىنىپ تۇراتتى. بېشىدىكى ياغلىقنى ئېڭىكى ئاستىدىن چېگىۋالغانىدى. ئۇ يۇرتداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى كاتتا تۇتقىنى بىلەن، «كادىرلار» ئالدىدا يەنىلا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىشى جەھەتتىن باشقىلار بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر خىل ئېپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن مىھمانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مىھمانلارنى باشلاپ كەلگەنلەردىن — يېزىدا بىرئاز ئابرويلۇق سانىلىدىغانلار بولىشى كېرەك — بىرنەچچەيلەننىمۇ ئىسمىنى ئاتاپ چىڭ تۇتتى. ئۇنىڭ

ئېچىلىپ كەتكەن چېھرىسىدىن: «كۆرۈڭلار، مېنىڭ ئۆيۈم قانداقكەن، كۆرۈپ بېقىڭلار، مۇنداق ئۆي دۇنيادا يوق» دەۋاتقاندەك ماختىنىش چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۆمۈر بويى يېزىسىدىن چىقىپ باقمىغان بۇ ئايالنىڭ تار نەزىرىدە مانا مۇشۇ ــ ئۆي؛ مۇشۇ خىلۋەت يېزا ــ دۇنيادىن ئىبارەت ئىدى.

ئۆي يېڭىدىن يېپىلغاندەك قىلاتتى. ئۆيدىن بىر خىل زەي ئارىلاش چىلە پۇرىقى بىلەن يېڭى ھەرىلەنگەن ياغاچ پۇرىقى كېلەتتى. ياغاچلىرى تۈزلىنىپ، قوپاللىراق بولسىمۇ چاسىلانغان، ۋاسا بىلەن يېپىلغان بۇ ئۆي بۇ ئەتراپتا ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. بىراق، بۇ يەرلەردە نېمىشكىدۇر ئۆيگە دەرىزە قويۇلمايتى. نەتىجىدە ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ئالمىشىپ تۇرمىغاچقا قاڭسىق پۇراپ كېتەتتى. ئۇلار پەقەت ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېرىم چاسامېتېر تۈڭلۈك قويۇشاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆي يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنەتتى. بىراق، قىش كۈنلىرى بۇ تۈڭلۈكنىمۇ چۈمكەپ تاشلاشقا توغرا كەلگەندە قانداق قىلىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتى. بەلكىم كۈندۈزىمۇ چىراق يېقىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغاندۇر ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر نەرسىنى قاپ قارا ئىس قاپلاپ كەتسە كېرەك.

دالان ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر موزاي ۋە بىر قوزا باغلاقلىق تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆي چىلە پۇرايتى. ئوڭ تەرەپتىكى تېخى يېپىلمىغاچقا ئۇ يەر ئاختاخانا ۋە نەرسە ـ كېرەك قويىدىغان جاي سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتقانىكەن. سول تەرەپتىكى قاراڭغۇ ئۆي خېلى كەڭ ۋە ياسىداق ئىدى. ئۇنىڭ پاكار سۇپىسىدا بىر پارچە كىگىز، تۆر تەرەپتە يېكەنداز ئورنىغا بىر پارچە ئۆچكە تېرىسى (ئاسسۇنچەك) سېلىنغان بولۇپ، سۇپىنىڭ قالغان تەرىپىگە سالغۇدەك بىر نەرسىگە تېخى يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، داق يەر ئىدى. تامغا چۆگۈن گۈللۈك سەگەزدىن زەدىۋال تارتىلغان، ئېھتىمال كۈندۈزىمۇ چىراق ياققانلىقتىن بولسا كېرەك، تورۇسى ھېلىلا ئىسلىنىپ قارىداشقا باشلىغانىدى.

ئومۇمەن بۇ ئۆي مېنىڭ نەزىرىمدە خېلى ياخشى ئۆي بولۇپ كۆرۈندى. چۈنكى يېرىم مېتىرغا بىردىن چاسىلانغان ياغاچ سېلىپ، پارامان قېقىپ، ۋاسا- بورا بىلەن يېپىلغان ئۆيلەر بۇ ئەتراپلاردا ئۇچراۋەرمەيتى. بۇ يەردە ئاساسەن بىر ئۆيگە ئىككى ياكى ئۈچ تال ئەگرى- دوناي، ھەتتا پۈتاقلىرىمۇ تۈزۈكرەك ئېلىۋېتىلمىگەن ياغاچ سېلىنىپ، ئاندىن بىر مېتىر، يېرىم مېتىر ئارىلىقتا



بىردىن بادرا توغرىسىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت- خەس بېسىلاتتى- دە، ئۆگزە كۆمۈلەتتى. مانا بۇنداق ئۆيلەر بەك پاكار يېپىلغاچقا ھە دېگەندىلا باش تېگىپ قالاتتى. باش تەككەن ھامان ئوت خەس ئارىسىدىن شۆرۈلداپ توپا قۇيۇلۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئۆيلەردىن تۈڭلۈك ئېچىشمۇ ئەپسىز بولغاچقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتى. نېمىگىلا تېگىپ كەتسەڭ بىرمۇنچە قارا يۇقاتتى.

بىراق مەنسۇر يېزا بويىچە ئەڭ كاتتا بولغان بۇ ئۆينى ياراتمىدى:

ــ ئىھ ئىنسانلار! ــ دېدى ئۇ خۇرسىنىپ، ئاندىن ماڭا يېقىن كېلىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى، ــ گەپ قىلساڭچۇ، مۇشۇمۇ ھايات بولدىمۇ؟ مۇشۇمۇ ئادەم تۇرىدىغان جايمۇ؟ 21 ـ ئەسىر ھارپىسىدا بۇلار تېخى ھايۋانلار بىلەن بىر غاردا تۇرىۋېتىپتىغۇ؟!... ۋاي ئېسىت، يېزىپ يۈرگەن مەدھىيىلىرىم! ئۆزەمگە ھەم، مەدھىيىلىگەنلىرىمگە ھەم مىڭ لەنەت!... ــ دېدى.

ئۆي ئىگىسى بالىلارنىڭ دادىسى بولمىسىمۇ (ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەجلىسكە كەتكەن ئىكەن) ئۆزى مېھمانلارنى كۈتىدىغانلىقىنى، قورۇق چىقىرىۋەتسە كېيىن دادىسى كەلگەندە «كادىرلارنى قورۇق چىقىرىۋېتىپسەن» دەپ خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىۋالدى. مەنسۇر ئۇلارنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاچقا دەرھال رازىلىق بېرىپ، ئۆچكە تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە:

ــ ئۆزەڭلار ئادەتتە نېمە يېسەڭلار شۇنى ئېلىپ چىقىۋېرىڭ، ــ دېدى.

بۇ گەپتىن مەن بەك خىجىل بولۇپ كەتتىم. بولمىغانلا گەپ ئىدى. دېمىسىمۇ شۇنداق بولاتتى- دە. چۈنكى بۇ يەردە مېھمان ئۈچۈن ئۆششاق- چۈششەكلەر، قەن ـ گېزەكلەر، قاتلىما توقاچلار بولاتتىمۇ؟ شۇڭا ئۇلار بۇ گەپنى تەتۈرىسىچە چۈشىنىپ «ئۆزىمىز يەيدىغاننى ئېپچىقماي، ساڭا زەھەر ئېپ چىقاتتۇقمۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن، بىراق رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، بەزى جايلىرى قېتىپ تىك تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەن داستىخان بىلەن بىر قانچە قوناق زاغرىسى ئېلىپ چىقىلدى. ئاندىن ھېجىرلاردا قېتىق ئېلىپ چىقىلدى. مەن دەرھال كەنت باشلىقى ئائىلىسىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلدىم: زاغرا قېلىن ئەگلەكتە تاسقاپ يېپىلغانىدى. باشقىلار بولسا ئۇن ئاز قالدۇ دەپ تاسقىماي ياكى يۇپقا ئەگلەكتە تاسقاپلا نان يېقىشاتتى. قېتىقمۇ بايلىقنىڭ بەلگىسىدى.

چۈنكى بۇ مۇھىتتا بىر ئېنىكى بولۇشمۇ ئاسان ئىش ئەمەسىدى. قېتىقنىڭ ھېجىرنىڭ يېرىمىدىن ئازراقىدا بولىشى مەنسۇرغا مەسخىرىلىك تۇيۇلدىمىكىن، ماڭا قاراپ قويىدى. مەن ئۇنىڭغا ئىندىمەستىن قېتىقنى قوشۇق بىلەن چوخچىلاپ قويۇپ، زاغرىنى ئۇۋاپ سېلىشقا باشلىدىم. مەنسۇر تېخىچە ئۇنىڭغا زاغرا چىلىسا ھېچقانچە چىلىغىلى بولمىشىدىن بىشى قېتىپ تۇراتتى. مېنىڭ ھېجىرىمغا كۆپىنىڭ سۈيىدىن نوگاي بىلەن بىر ئاز قۇيۇپ بېرىلدى. بۇنى كۆرۈپ، مەنسۇر زاغرىنى چىلاشقا باشلىدى.

ئادەتتە بۇ يەرلەردە بۇغداي نېنى يېيىلمەيتى. گەرچە يەرنىڭ 80% ئىگە بۇغداي تېرىلسىمۇ، لېكىن قوناق ئۇنىنىڭ تامىقنى يېيىش 97% گە يېتەتتى. شۇنچە كۆپ بۇغداينىڭ نەگە يوقالغىنى ۋە شۇنچە ئاز قوناقنىڭ يىل بويى ئاساسەن ئۈچ ۋاخ تاماقتا يېتىشى بىر سىر ئىدى. بۇ يەردىكىلەر بۇغداي نېنىنى ۋە تامىقنى ئېغىر كېلىدۇ، كۆتۈرەلمەيمىز دەپ قارىشاتتى. بەلكىم ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مۇشۇنداقلا ياشاش تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ئورگانىزمى شۇ تاماقتا ماسلىشىپ كەتكەچكە راستىن ئېغىر كېلەمدىكىن؟ ياكى تەننەرقى ئېغىر كېلەمدىكىن؟ شۇڭا بۇغداي ئۇنىدا بولىدىغان تاماق (بولغاندىمۇ پەقەت سۈيقاش ۋە پېتىرچۆپ)مۇ كۆپ بولمايتى. ئىككى ۋاخ زاغرىدا چاي ئىچىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، بارى يوق بىر ۋاخ تاماقنىڭمۇ 70%ى قوناق ئۇنىدا بولىدىغان يوبدان، قايناتما، موكۇۋاللا[1] ۋە ئۇماچتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇنداق ئىككى ۋاخ زاغرىدا چاي ئىچىپ، بىر ۋاخ يوبدان ئىچىپ، يەنە تېخى شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ، ئۆزلىرىنى بەختىيار ھىس قىلىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەملەر دېمىسىمۇ كىشىدە ئېچىنىش قوزغايتى. مەنسۇر شائىرغا خاس قىزغىنلىق بىلەن گەپ كوچىلاپ نۇرغۇن نەرسە ئىگىلىۋالدى.

— بۇ يەردە قوناق كۆپ تېرىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— ياق، بۇغداينى جىقراق تېرىيمىز.

— نېمە ئانچە كۆپ قوناق بۇ؟ ئاشتىمۇ شۇ، ناندىمۇ شۇ؟...

---

[1] موكۇۋاللا — قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان جۇۋاۋا، ئىچىگە ئىمكانغا يارىشا ھەر نەرسە قىيما ئورنىدا سېلىنىشى مۇمكىن. گۆش، كۆك،... قاتارلىقلار.



— تېگىشىۋالىمىز. ھۆكۈمەت ئۆزى تېگىشىپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇلار ماختىنىش ئاھاڭىدا، گويا چەكسىز غەمخورلۇق توغرىسىدا سۆز قىلىۋاتقاندەك.

— ئەجەپ يوغان ئىش قىپ بېرىدىكىنا! — دېدى مەنسۇر ئاچچىق بىلەن، — تېگىشىۋالغىچە بىرەر ۋاخلىقىڭلارغا بۇغداي ئۇنىنىڭ تامىقنى يېسەڭلار يامان بولارمىدى؟

— كۆنۈپ قاپتىمىز. ئۆزىمىزمۇ كۆتۈرەلمەيمىز، گۆرەنشىپ قالغاندەك مەيدىمىز ئېغىرلىشىپ،...

— مۇنداق دەڭلار تېخى! ھەي،ھەي! ئىنسانلار! كۆتۈرەلمەيمىز دېگەنمۇ گەپمۇ؟ كۆنۈپ كەتكەندىكىن شۇنداق بولىدۇ ـ دە. كۆن بويى زەيدە يۈرۈپ، بۇغداي ئۇنىنىڭ تامىقنى كۆتۈرەلمەيمىز دېگەن گەپ مەسخىرىلىك ئەمەسمۇ! ئەجەبا، ئۆيدە ياتقانلارغا ئېغىر كەلمەيدىكەن!؟ شەھەرلىكلەرگە ئېغىر كەلمەيدىكەن!؟ هارامتاماق ئەمەلدارلارغا ئېغىر كەلمەيدىكەن!؟ سىلەرگە ئېغىر كېلەمدىكەن!؟

— پاراقىقا بۇغداي بەرمىسەك ئۇنىمايدۇ، ھەممە تۆلەيدىغانغا بۇغداي بەرمىسەك ئۇنىمايدۇ، شۇ. ئۇندىن قالغىنىنى ساتىمىز، سېتىش ئۈچۈنمۇ بۇغداي ياخشى، جىقراق پۇلغا يارايدا.

— ھەممە تۆلەيدىغانغا بۇغداي بولمىسا بولمامدىكەن؟ لېكىن شۇ بۇغداينى ئىشلەپچىقارغانلارغا ھەلەپ بولسىمۇ بولىۋېرەمدىكەن؟ — دېدى مەنسۇر چېچىلىپ، ئاندىن دېۋەيلىشىپ تۇرغان «بۇغداي ئىشلەپچىقارغۇچىلار»غا قاراپ، — مۇشۇ كۈنۈڭلاردىنمۇ رازىمۇسىلەر؟! مۇشۇنىڭغىمۇ چىداپ، سۈكۈت قىلىپ ياشاۋاتامسىلەر!؟ باشقا تۈرلۈك ئارزۇ- ئارمىنىڭلار يوقمۇ؟ ئىنسانچە ئىنتىلىشلىرىڭلار يوقمۇ؟... — ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا خۇددى گۇناھكارنى سوت قىلىۋاتقاندەك ۋارقىراپ كەتتى.

— رازى. رازى بومماي ئەمىسە، ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىگە تۈزكور بولامتۇق...

— ھوي، نېمە دەيدۇ بۇلار؟ ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ بوپتىغۇ بۇلار؟! قايسى شەپقىتىگە؟ ماڭا بىر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھۆكۈمەتنىڭ قايسى شەپقىتىگە؟ بۇغدىيىڭلارنى ئېلىۋېلىپ، قوناققا تېگىشىپ بەرگەن شەپقىتىگىمۇ؟...

— ئۇمۇ بار، — دېدى بىرى ساددىلىق بىلەن چىن كۆڭلىدىن، — يەنە جىق، ساناپ بولالمايمىز...

— «سىيا بولسا دېگىنىز ئوكيان...» يازغانغا تۈگىمەيدۇ دېسەڭلارچۇ!

— ھاي، ماڭا قارا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ، — سەن ئۆزەڭچە ئۇلارغا ھەققىنى تونۇتۇپ قويسام دەۋا قىلىپ، ھەق- ھوقۇقىنى قولغا ئالىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئەخمەق بولما، ئۇلار ھېلىلا بىزنى ھۆكۈمەتكە قارشى قۇتراتتى، دەپ سېنى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىشكە يارايدۇ. ھازىر تېخى ئۇلار سېنىڭ ھەققىي مۇددىئايىڭنى چۈشەنگىنى يوق، بىزنى گەپكە سېلىۋاتامدىكىن، سىناۋاتامدىكىن دەپ ئويلاۋاتقان چېغى، شۇ پۇرسەتتە «ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ»ساڭ بولارمىكىن؟ بولمىسا ھۆل بالاغا قالىمىز، — دەپ پىچىرلىدىم ۋە مەنسۇرنىڭ گېپى ھەققىدە كېيىنچە بولسىمۇ بىرەر بالا تېرىلماسلىقى ئۈچۈن پەرداز بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق تېپىپ، — سىلەرگە پارتىيىنىڭ بەرگەن تەربىيىسى ھەقىقەتەنمۇ بىكار كەتمەپتۇ، سىياسىي ئېڭىڭلار يوقۇرىكەن، دۈشمەننىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىغا ئازمىغىدەكسىلەر.

— ياق، نېمىلەرنى دەپ يۈرسەن،.... — مەنسۇر كاژلىق بىلەن تالاشماقچىدى، مەن ئۇنىڭ يوتىسىنى بولۇشىچە چىمدىدىم. ئۇ ماڭا كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان ھالدا قاراپ، — ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— ياق، ئوڭ. ئوڭلۇقتا چەكتىن ئېشىپ، ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق.

— ماڭا ھەزىل قىلما! مەن مەيلى نېمە بولسامۇ بۇلارغا ھەققىنى كۆرسىتىشىم كېرەك!

— ماڭا قارا، دوستۇم، ئۆزەڭنىڭغۇ پىدا قىلارسەن، بىزنى ئويلاپ قويدۇڭمۇ؟ ئۇنداق نىيىتىڭ بولسا ئايرىم كېلەرسەن، ھازىر بىزمۇ تەڭ بالاغا قالىمىز، بولدى قىل!

— ھەي ي!... ما جاھاننى! مەن نېمە ھاڭۋېقىپ ئۆتكەندىمەن!؟ ھەي ي!...
— مەنسۇر يىغلايدىغاندەكلا قىپ تۇراتتى، — ھەممىدىنمۇ ئۇلارغا ھەققىنى بىلدۈرۈپ قويغىلىمۇ بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلغىنى كەچۈرگۈسىز ئىش بوپتۇ ئەمەسمۇ! قانداق دەھشەت! ئىنسانلار نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان- ھە!؟ ياق، ياق، ئۇلارنىڭ نامراتلىقى قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، ئۇنىسى نەچچىنچى مەسىلىكەن، يامىنى ئۇلارنىڭ ئېڭى بۇزىۋېتىلگىنى...

يېزىلىقلار ھېچنېمىگە چۈشەنمەي، بۇ كادىرلارغا نېمە بالا بولدى، دېگەندەك مەتۈلارچە كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. مەنسۇر جۇدۇنى تۇتقاندەك



ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، بىز خوجايىن ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتۇق. مەنسۇر ئېغىر ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى. بىز ماشىنا يېنىغا قايتىپ كەلگىچە، ھەتتا ماشىنا قوزغۇلۇپ خېلى ئۇزاق ماڭغىچە زۇۋان سۈرمىدى.

ئۆمرىدە ماشىنا دېگەننىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈشكەن بۇ ئادەملەر كۆكنى بىر ئالغۇدەك توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى چېپىشىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇزاققىچە يۈگرەشتى. ئۇلارنىڭ مۇھىتى شۇنداق بولغاچقا توپا - چاڭ دېگەنگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيتى.

— ئاغىنە، — دېدى مەنسۇر ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن، — ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولغىيدى؟ ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولغان بولسىغۇ، بۈگۈنكىسى ئەلۋەتتە ئۇتۇق بولغان بولىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدىمۇ ئاشۇ ئادەم قوتانلىرى بولغان بولسا، شۇ چاغدىمۇ يەيدىغىنى شۇ بولغان بولسا، ئوتتۇز يىل ئىچىدە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار نېمە قىلغان بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قانچىلىك يېڭىلىق قوشقان بولىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە ئېرىشكەن بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە سۆزلىسەڭچۇ، — دېدى.

— ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قوشۇلغان يېڭىلىقلار نۇرغۇن. مەسىلەن: ئۇلار مەجلىسلەرنى كۆردى، كونا جەمىيەتتىن دەرت تۆكۈشنىڭ تەرتىپى ۋە يا ئاساسىي قېلىپىنى بىلىۋالدى... بىرمۇنچە سىياسىي ئاتالغۇلارنى بىلىۋالدى. ئۆتمۈشنى ئەسلەش، بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە مەخسۇس تەربىيىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆزەڭمۇ كۆردۈڭ، ئەنە. ئۇلار زامان ۋە زامان خوجايىنلىرىنىڭ شەنى ھەققىدە گەپ بولغاندا قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلىدۇ...
— سەن گەپكە چاخچاق ئارىلاشتۇرما...
— چاخچاق ئەمەس، ئەنە ئۆزەڭ كۆردۈڭغۇ؟
— شۇنداق، ئۇلار ئۆزلىرى دەرت تۆككەن ئۆتمۈشتىن ئازاد بولدۇق دېيىشكە ئادەتلەندى. بىراق، بۇنداق سىياسىي ئۇقۇملار زورلاپ تېڭىلىش بىلەن ئۇلار بۇنى مىخانىك تەكرارلىسا بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟
— ئەھمىيىتىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ئۇلار شۇنداق ھالغا كېلىدۇكى، خۇددى بايا كۆرگىنىڭدەك، راست گەپنى قىلىپ ئاڭلاتقىلى بولمايدىغان، ھەققىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ مانقۇرتلۇق كېلىمات

خوجايىنلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزارتىشقا كېرەك. كېرەكسىز ئىشلار قىلىنىپتۇ، دەمسەن؟ ياق، كېرەكلىك، ھەممىسى مەخسەتكە ئۇيغۇن ھالدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتما!

— ماقۇل، ئۇلار ئازاد بوپتۇ، نېمىدىن ئازاد بولدى؟ نېمىگە يېتىشتى؟ ئاشۇ يەۋاتقان زاغرىسى ياكى ئېغىلغا ئوخشاش ئۆيلىرى ئۆتمۈشتە يوقمىدى؟

— ھە، بۇنى دېسەڭ، ئۆتمۈشتە ھېچ بولمىغاندىمۇ بۇغداي نېنى ئېغىر كەلمەيدىغان ئاشقازانلىرى باردى، يەپ تۇغىنى ئۈچۈن. بۇنى شۇنداق بىر ھىكايىدىن بىلىشكە بولىدۇ : بۇ راست بولغان ۋەقە. يېزىغا چۈشكەن بىر خىزمەت گورۇپپىسى، ئۆتمۈشنى ئەسلەش، بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىش تېمىسىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، يېزىدىكى بىر پومىشچىكنى كۆرەش قىلىشقا بېكىتىپتۇ ۋە يېزا بويىچە ئەڭ كەمبىغەل بىرىنى دەرت تۆكىدىغانغا تاللاپتۇ. بىراق دەرت تۆكىدىغان بۇ ئادەم ساۋاتسىز بولغاننىڭ ئۈستىگە بەكلا قارا قوساق بولغاچقا، كادىرلارنىڭ مەخسىدىنىمۇ ھە دېگەندە چۈشىنەلىگۈدەك ئەمەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇزۇن سەپەرنى باسقانلارنىڭ ئەۋلادى زېرىكمەس روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈچ ئاخشام ھەپىلىشىپ، دەرت تۆككۈچىنى ھازىرلاپتۇ. نېمە دەپ باشلاشتىن تاكى نېمە دەپ داۋام قىلىشقىچە ئۈگىتىپتۇ. بۇ نامرات بۇلارنى ھەرھالدا ئۈگەندەك بولۇپتۇ. كادىرلار ئەمدى يىغىننى ئاچساق بولىدۇ دەپ قاراپ، ئاكتىپلارغا موللاتوختى باينى تۇتقۇزۇپ كەپتۇ. موللاتوختى سەھنە ئالدىدا ئېڭىشتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن باشقۇرغۇچى سەھنىگە چىقىپ:

— ئۆتمۈشنى ئەسلەش چوڭ يىغىنى ھازىر باشلاندى! نۆۋەتتە سامساق ئاكا زومىگەر پومىشچىك موللاتوختى ئۈستىدىن دەرت تۆكىدۇ، — دەپ ئېلان قىپتۇ.

سامساق ئاكا ئىتتىرىلىپ سەھنىگە چىقىرىلىپتۇ. ئۇ ھاياتىدا بۇنداق بىر سورۇندا گەپ قىلىپ باقمىغاچقا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. نېمە دەرىنى بىلمەي، بېشىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. كادىرلارنىڭ گېلىنى قىرىپ يالغان يۆتۈلۈپ بەلگە بېرىشلىرى بىلەن گېپىنى تەستە باشلاپتۇ:

— بۇ موللاتوختىكام...

— ئۆھھۆ! ئۆھھۆ...



يۆتەلنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن سامساق ئاكا دەرھال گەپتىن توختاپتۇ. بىراق نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغانىكەن، ئارقىسىدىن بىر كادىر ئاچچىق پىچىرلاپ:

— پومىشچىك دېگەننى ئاكا دېمەيمىز، بەغەرەز ئادەم! — دېگەندىكىن، سامساق ئاكا دەرھال خاتاسىنى پەم ئېتىپتۇ ۋە سۆزىنى قايتا باشلاپتۇ:

— بۇ، بۇ موللاتوختىكام پومۇچۇك...

— ئۆھھۆ، ئۆھھۆ!....

يەنە نېمىسى خاتا بولغاندۇر؟ دەپ تۇرۇپ قالغان سامساق ئاكا بۇ قېتىم ئۆزى خاتاسىنى ھېس قىلىپ، ھەم سەھنىگە سەل كۆنگەچكە جاسارەتلىنىپ، قايتا باشلاپتۇ:

— ھە،... بۇ موللاتوختى پومۇچۇك، — بۇ قېتىم ئۇ كادىرلارنىڭ ئۈچ ئاخشاملىق ئەجرىنى ئاقلاپتۇ، — ئۆتمۈشتە مېنى قاتتىق ئەزگەن!.... — يەنە نېمە دېيىش كېرەكتىكىن؟ سامساق ئاكىنىڭ يادىغا ھېچنېمە كەلمەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىگۈدەك ئېزىلىشمۇ بولمىغان تۇرسا يۈز قىزىرىدىغان گەپ ـ تە!

— قانداق ئەزگەن؟ بىرەر جانلىق مىسال بىلەن سۆزلەڭ، — كادىرلاردىن بىرى ئۇنىڭغا سۆزىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ياردەم قىپتۇ. بۇ قېتىم سامساق ئاكىنىڭ ئېسىگە كونا بىر خاتىرە كەچكەن چېغى، خېلى مەمنۇن روھى ھالەتتە داۋام قىپتۇ:

— بۇ موللاتوختى پوچۇك بىلەن ئىككەيلەن چوڭ ئېتىزنىڭ چامىسىنى چوقۇيتۇق، چامىنى چوقۇپ چىگىچە ئايشىخان ئاچام رەھمەتلىك گوشنى بېسىپ پولونى ئېتىپ تۇرتى، چىرىپ پولونى تازا يەيتۇق...

پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازى مەسچىتنىڭ سۆكۈۋېلىنغان پاراماتلىرى ئورنىغا ئۇۋۋا سالغان پاختەكلەرنىمۇ چۆچۈتىۋەتكۈدەك تۇيۇقسىز چىققاچقا، سامساق ئاكا تېخىمۇ چۆچۈپ كېتىپ توختاپ قاپتۇ. كادىرلار بولسا بۇ سۈرلۈك بولۇشقا تېگىشلىك ئۆتمۈشتىن دەرت تۆكۈش يىغىنىنىڭ كەيپىياتى كۈلكىگە ئايلانغانلىقىدىن بوغۇلۇپ، مۇشۇنداق بىر ئاخماق ئادەمنى بۇ ئىش ئۈچۈن تاپقانغا تاپا ـ تەنە قىلىشىپ، يىغىننى باشقا بىر مۇناسىپ زاماندا داۋام قىلدىغانلىقىنى جاكالاپ، تارقاپ كەتكەنىكەن. بۇ ھىكايىدىن نېملەرنى ھېس قىلىش مۇمكىن؟

— بىزگە سۇنئىي يول بىلەن تېڭىلغان «سىنىپىي زىددىيەت» ئۇقۇمىنىڭ كۆتى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، بىزدە ئاتالمىش ئېزىش. ئېزىلىشنىڭ بولمىغانلىقىنى، بايلارنىڭ ئۆزى قىردا تۇرىۋېلىپ قامچا بىلەن ساۋاپ ئادەم ئىشلەتمىگەن، بەلكى ئۆزى يېتىشەلمىگەندىلا يۇرتداشلارنى ياردەمگە چاقىرغانلىقىنى ۋە ھەق بېرىپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ...

— تېخىمۇ موھىم بىر نۇقتا بار، — دېدىم مەن، — «بۈگۈنكى بەختىيار ھايات»نى باشلىغاندىن بېرى ياغ نېمە؟ گۆش نېمە كۆرۈپ باقمىغان بۇ بىچارە ئۆتمۈشتە تويۇپ پولو يېگەنلىكى مەلۇم! ھاھا...

— ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا نېمە ئۆزگىرىش بولدى، شۇنداق بولغاندا؟

— دېگەن بىلەن ھازىر يوللار تۈز ئېلىندى، ئېتىزلار گېئومېترىك شەكىللەرگە كەلتۈرۈلدى، چاسىلاندى...

— چاخچاق ئارىلاشتۇرمىساڭچۇ! ئۇرۇشۇپ قالمەن بىكا!

— بەللى، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەن شۇ. دە! بۇلارنى مەن شۇ كۈنگە قويدۇممۇ يا؟

— تۈز ئېلىنغان يوللار بىلەن چاسىلانغان ئېتىزلاردىن ئۇلارغا نېمە پايدا؟ ئۇلارنىڭ چەكلىك ھاياتى ئۈچۈن نېمە لەززەت بەخش ئەتتى ۋە ئېتىدۇ؟... ئەكسىچە ئاشۇ يول. ئۆستەڭ، ئېتىز. ئېرىقلارنى تۈز سىزىقلىق ھالەتكە كەلتۈرگىچە ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئازاپ تارتقانلىقى، يىلىكى قۇرۇپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرامدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ھېچقانداق ئىقتىسادىي قىممىتى بولمىغان بىكارلىق ئەمگەك كۈچلىرى ئىكەنغۇ؟!

— ...

— بەلكىم ئۇلار دەرت تۆكۈش يىغىنلىرىدا ھاشارغا ئىشلەپ بەللىرى مۈكچەيگەنلىكى ھەققىدە، ئەمگىكى ئۈچۈن ھەق بېرىلمىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەندۇر، ئەمدى بۈگۈنكى ھەق بەرمەستىن ئىشلىتىشنى شۇلارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئەقلىگە كېلەمدىغاندۇ؟

— ئۇ چاغدا باي ئۈچۈن شۇنداق ئىشلىگەن، بۈگۈن بولسا خەلق ئۈچۈن، خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچۈن، يەنى بۇلارنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن بولىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئىشقا باشقا بىرى ھەق بەرمەيدۇ ـ دە! — دېدىم مەن



مەنسۇرنى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن. بىراق ئۇ بۇ سۆزۈمدىن باشقىچە ئىلھام ئالغاندەك قىلدى:

— توغرا، بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرگىدەك ئىشكەن! ھەممە نەرسىگە «خەلق» قالپىقىنى كەيدۈرۈشنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى مانا شۇنداق ئالدامچىلىقلارنى ئۇنۇملۇق پەردىلەش ئۈچۈنكەن. دە! بۇلارنى نېمىشكە بۇرۇن ئەقلىمگە كەلتۈرۈپ باقماپتىمكىن!؟

ئەمدى يەنە جىم. جىت ماڭدۇق. مەنسۇرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتىم. شەھەرلەردە تۇرغان، بۇنداق مۇھىتنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە تەبئىي تۈردە ئاشۇنداق ھاياجانلىنىش پەيدا بولماي قالمايتى.

بىز مەنزىلگىمۇ كېلىپ قالدۇق. مەنزىلىمىز ناھىيە بازىرىدىن 200 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بىر چېتى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كەتكەن يېزا ئىدى.

— بۇ يەردە نېمىلەرنى كۆرىمەن، ئاغىنىلەر؟

— بۇ يەرنى كۆرگىنىڭدىن كېيىن ئاۋۇ يېزىدىكى چېچىلىشلىرىڭنىڭ بەك بالدۇر بولۇپ كەتكىنىنى ھېس قىلىسەن.

— ئى تەڭرىم! نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ — مەنسۇر خۇرسىنىش ئارىلاش ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، — كېسەل بولۇپ قالمىسام بولاتتىغۇ، يۈرەك كېسىلى ياكى نېرۋا كېسىلى،...

— كۆنۈپ قالىسەن.

بۇ يېزىدىمۇ بىر توپ خالايىق ماشىنىنى ئورىۋېلىشتى. بەزىلىرى ھەتتا يەرگە بېشىنى قويۇپ ماشىنىنىڭ ئاستىغىمۇ قاراپ باقتى. ئۇلار ماشىنىنى كۆرۈپ تۇرغىنىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنۈشتىكى، ئۇلارنىڭ قىزىقىش ۋە مەمنۇنلۇق ئىپادىلىنىپ تۇرغان چېھرىسىدىن ئاللىقانداق مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئالامەت بىلىنەتتى. قۇچاقتىكى باللىرىغا ماشىنىنى سىلىتىپ قوياتتى. «ما بالامۇ بىر كۆرىۋالسۇن، نېرى تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دەپ تالىشاتتى ئاياللار.

مەنسۇر توپ ئىچىدىكى توپىغا مىلىنىپ كەتكەن، توڭرا باسقان سەبىي باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك چىرايىنى ئۆمچەيتتى. ئۇ ئەمدى بوغۇنۇقاندەك سۆزلىيەلمەيلا قالدى. كۆپ سۆزلۈك، خۇشچاخچاق خاراكتېرى قاياققىدۇر غايىپ بولۇپ، غەمكىن، كەم سۆز خاراكتېرى ئۇنىڭ

ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇ قەۋرىلەردەك زومچەك- زومچەك ئۆيلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە چوقچىيىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان مەسچىت قۇببىلىرىگە ئېچىنىش بىلەن ئۇزاق قارىدى. ئارقىدىن يېنىدىكى بالىغا:

— ئۆيۈڭدە كىم بار، بالام؟ مېنى باشلاپ بارامسەن، كۆرۈپ باقاي؟ — دېدى.

بالا دەرھال رازى بولدى.

— ئۆيدە ئانام با، ئۇكىلىرىممۇ با، — دېدى بالا.

— داداڭچۇ؟

— دادام شاڭجاڭنىڭكىگە [1]ئىشلىگىلى كەتتى، كەچتە كېلىدۇ.

— شاڭجاڭنىڭكىگە ئىشلىگىلى كەتكىنى قانداق؟ نېمىشكەن ئۇ؟

— نېمىش بولسا شۇنى قىلىدۇ، دە، — دېدى چوڭلاردىن بىرى، — شاڭجاڭ نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىدۇ شۇ. قىش قۇيدۇرامدۇ، تام ئەتكىلى لايغا سالامدۇ، ئىشقىلىپ،...

— دادامنىڭ نۆۋىتى كەپقاپتىكەن، بىر ھەپتە بولدى شۇ يەگە بېرىۋاتىدا، — دېدى بالا قوشۇمچە قىلىپ.

— نۆۋىتى؟ نۆۋىتى كەلگىنى قانداق؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى مەنسۇر.

— شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە ئىشلەش نۆۋىتى بولمامدۇ، — دېدى چوڭلاردىن بىرى چۈشەندۈرۈپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بولسا «مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمەيدىغان قانداق كادىر بۇ» دېگەندەك ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەندىنلا سورىسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى ئارقىدا، ماشىنا قېشىدا تۇرغان تەلئەت، — بۇ تەرەپلەردە دېھقانلارنىڭ ئاشۇنداق نۆۋىتى بولىدۇ. بۇلار يېزا باشلىقىنىڭ كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيلىرى، ئېتىز- ئېرىقلىرىدا نۆۋەت بىلەن ئىشلەپ بېرىدۇ. بۇمۇ يېڭى ئالۋاڭلارنىڭ بىرى.

— ھەممە ئادەم نۆۋەت بىلەن ئىشلىسىمۇ تۈگىمەيدىغان قانداق ئىش ئۇ؟

— «بىكارلىق ئېشەك بولسا بۇخارادىن مۇز توشۇپتۇ» دېگەندەك، بىكارغا ئىشلەپ بېرىدىغان ئادەم بولسا سېنىڭ ئۆيۈڭدىمۇ ئىش تۈگىمەيدۇ، — دېدىم مەن قوشۇمچە قىلىپ.

[1] شاڭجاڭ — يېزا باشلىقى (مەجبۇرى تېڭىلىۋاتقان ئاتالغۇلاردىن بىرى)



— بۇ يەرلەردە ئومۇمەن جەنۇپ يېزىلىرىدا يېزا كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىمتىيازى، ھوقۇقلىرى ناھايىتى كەڭ. ئىگىلىۋالغان يەر، سۇ، باغ، ھويلىلىرىمۇ كەڭرى. شۇڭا ئۇلارنى باشقۇرۇش، ئىگىلىك ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى كېرەك بولىدۇ، — ھەتتا بەزى پۈللۈق ئەمگەككىلەرگە ئەمگەك كۈچلىرىنى تۇپ سېتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن تۇۋار ئورنىدا پايدىلىنىدىغان ئىشلارمۇ بار، — دېدى تەلئەت.

— نېمە؟ يېزا باشلىقى خەقنى بىكارغا ئىشلىتەمدۇ تېخى؟!

— ۋاي ۋۇي، قانداق ئادەم بۇ ئۆزى؟ — دېدى ئەتراپتىكىلەردىن بىرى، ھەيرانلىققا تولغان ئاھاڭدا، — باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنگىمۇ ھەق بېرەمتىكى...

— تامىقىڭلارنى بەرگەنگە گول بولۇپ ئىشلەۋېرىدىغان گەپكەن - دە؟

ئەتراپتىكىلەر يەنە ھەيرانلىق بىلەن بىر بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ۋىيىي، كادىرنىڭ ئۆيىدە قاندا تاماق يېگىلى بولىتىكى، ... ئۆيدىن بەلگە تۈگۈپ كەلگەن زاغرىنى ئېرىقنىڭ سۈيىگە تۆگۈرۈپ يەيدىغان گەپ.

مەنسۇرنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى تىترەپ، سۆزلىيەلمەيلا قالدى. ئۇ ئەمدى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىش خىيالىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئەتراپتىكىلەرنى بىر بىرلەپ كۈزىتىشكە باشلىدى.

بىرلا ئۇزۇن يەكتەك كېيىپ يۈڭلۈق مەيدىلىرىنى ئېچىۋالغان، بەللىرىگە بىللاق(بەلباغ) باغلىغان ئەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاياللارمۇ چېلىقاتتى. قۇچاقلىرىدا باللىرى بار ئاياللار كەڭ كۆينەكلىرىنىڭ ئېتىكىگە لاي، توپىلار بىلەن پاسكىنىلاشقان، ئاپتاپتا كۆيگەن قىپ- يالىڭاچ باللىرىنى يېرىم ياتا يۆگىۋېلىشىپ، ھاڭقىيىپ قاراپ تۇراتتى. رېسىدە بولغان قىزلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىراق دوپپىسى ياكى ئەرزان باھالىق سۈنئىي رەختتىن تىكىلگەن ئىشتىنىنى كۆز- كۆز قىلماقچى بولغاندەك باشقا دوستلىرىنى قىستايتى. بۇ بىچارىلار دۇنيادا ئۈنچە - مەرۋايىت، بىليارد، ياقۇت، گۆھەر، ئالماس،... دېگەندەك قىممەتلىك تاشلارنىڭ — زىننەت بويۇملىرىنىڭ بارلىقىنى، ئېپەك رەختلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئېسىل ئاياقلار ۋە يېڭى مودىلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتى. قىسقىسى مۇشۇ جىنسقا خاس تۇغما ئىنتىلىشچانلىقىنىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىنى بىلمەيتى. ئۇلار قەشقەر شەھىرىدىكى

ئايالـلارنىڭ قانداق گۈزەل ياسىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى، پارىژ خوتۇن- قىزلىرىنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقىنى، لوندوندا، نيۇيوركتا قانداق كىيىم نۇسقىلىرى، قانداق زىننەت بويۇملىرى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تۆگۈل، بىرەرسىدىن ئاڭلاشقىمۇ توغرا كەلمىگەنىدى. چۈنكى ئۇلار چاغلىق ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە گېزىتلەر ئارقىلىق دۇنيانى بىلىشىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە بىچارە دۇنياسى (يېزىسى)دىن سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلمىگەچكە بىۋاستە كۆرۈشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسىدى.

ئومۇمەن بۇ ئادەملەرنىڭ هازىرقى ئورنى ۋە تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى تولىمۇ تۆۋەن، پەقەت هايۋانلارغا قارىغاندا سەللا يوقۇرى تۇراتتى. ئەمما قىممىتى، قانۇني هوقۇقلىرى جەهەتتىن ئېيتقاندا هايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن تۇراتتى. مانا بۇلار مىڭ يىل بۇرۇن كىيىمنى دەزماللاپ كېيىشنى بىلىدىغان خەلقنىڭ[1] بۈگۈنكى تەرەققىيات مەنزىلى ئىدى!

كەچ كىرىپ قالغاچقا بىزگە مۇشۇ خىلۋەت يېزىدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىنى ئوبدانراق ئايلىنىپ كۆرۈش مەنسۇرنىڭ بۇ سەپەردىن ئاساسىي مەخسىدى ئىدى. بىر كەنت باشلىقى بىزنى ئۆيىدە قوندۇرماقچى بولۇپ چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، مەنسۇر ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئۇنىمىدى. ئىككى كۈندىن بېرىكى كۆرمىش، ئۇقمىشلار سەۋەپلىك ئۇ بۇنداق يېزا ئەمەلدارلىرىغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ئۆچمەنلىكىنى ئۇنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

بىز مەنسۇرنىڭ رايى بويىچە بىر نامرات دېھقاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغان بولدۇق. مەنسۇر بەلكىم «بىز بىر كېچە دېھقانغا هەمرا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەينەتچىلىك ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتىشىپ بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئازابى بىر ئاز يېنىكلەپ قالىدۇ» دېگەندەك هېس قىلىدىمىكىن، بىز شائىرنىڭ خىيالغا باي كۆڭلى بويىچە بۇرگىلەرگە ۋە پىتلارغا يەم بولدۇق. كىم بىلىدۇ، بەلكىم قىچىشقاق، قوتۇر قاتارلىق يۇقۇملۇق تېرە كېسەللىرىنى يۇقتۇرىۋالغان

[1] مەهمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»ىدىكى يىپ ئۇچلىرىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردا دەزمال ئىشلەتكەن، — ئا.



بولىشىمىزمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ يەردە دوختۇرنىڭ تايىنى بولمىغىنى، يېزا دوختۇرخانىسى يىراق هەم دېھقانلاردا پۇلنىڭ يوقلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللەر خارابىلىقتىكى ئۆمۈچۈكلەردەك خاتىرجەم هالدا هەممە جايغا تورلىرىنى يايغان ئىدى.

## 4

ئەتىسى مەنسۇر يېزىنى كۆرۈشتىن يالتايدى.

— يۈرۈڭلار، كېتەيلى! — دېدى ئۇ دەممۇدەم ئەتيانلىرىنى قاشلىغاچ ماشىنا تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — ساراڭ بولايلا دېدىم، هېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئۇنىڭ رايىغا باقتۇق. بۇ تەكلىپكە بىز تېخىمۇ خوش بولاتتۇق- تە. ماشىنا يولغا چۈشۈپ توپا توزۇتقان پېتى غەرپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىر هازا جىمىلىقتىن كېيىن تەلئەت بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش هاياتى هەققىدە مەسخىرە قىلىش، كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

تەلئەت، ئۇلار بىلەن كادىرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن خېلى خەۋەردار ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە بۇ ئادەملەر يېڭى فىئوداللارنىڭ خىلمۇ- خىل ئىسكەنجىسىدە پەقەت ئۆلمەي تىرىك يۈرۈش ئىمكانىيىتىدىن باشقا كەڭراق هايات يولىغا ئېرىشىنالماي كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىشىدىكەن. ئامبار هاشاسى، ئۆستەڭ هاشاسى، يول هاشاسى؛ بۇلاردىن قۇتۇلسا يېزا باشلىقى، كەنت باشلىقى ئۈچۈن بىكارغا ئىشلەش بىلەن بىر يىلنىڭ هەممە ۋاقتى تۈگەيتى. ئۇلارنىڭ قوشۇمچە تىرىكچىلىك يولى ئىزدىشى ئۈچۈن زادىلا پۇرسەت بولمايتى. شۇنداق بولسىمۇ هېچكىم غىڭ قىلالمايتى. كاپىتالىستىك ئەللەردە رەئىس جۇمهۇر ئۇستىدىن ئەرز قىلىشقا، هەزىل قىلىشقا، ئۇنىڭغا پىكىر بېرىشكە بولغىنى بىلەن، بۇ يەردە ئەترەت باشلىقىغىمۇ قاپاق تۈرگىلى بولمايتى. بولمىسا ئۇنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى يەنىمۇ تەسلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ جۈرئەتلىكلىرى باشقا يەرلەرگە قېچىپ كېتەتتى. ئۇلار قايتىپ كېلىدىغان بولسا ئۇلارغا نۇرغۇن جىنايى توقۇملار توقۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار قورقۇپ يىلىلاپ ئۆيگە كېلەلمەيتى.

— سالامخەتنى قاملاشتۇرۇپ يازغىدەك بىرەر ساۋاتلىق يوقمىدۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە؟ — دېدى مەنسۇر بۇلارنى ئۇقۇپ.

— نېمە كېرىكى باردى؟ سالامخەت يازدۇرامتىڭ؟ — دېدىم قەستەن، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ.

— يوقۇرىغا يازسا بولمامدۇ، چىداۋەرگىچە!

مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. مەنسۇر بولسا سەبىي بالىدەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى.

— يوقۇرى دېگىنىڭ كىم ئۆزى؟ — دېدىم مەن ئىچىم غەزەپتىن ئېچىشىپ، — سەن نەدە چوڭ بولغانسەن؟ بۇ، ئاشۇنداق بىر ئالاھىدە ئىمتىيازلىق، ئاز سانلىق سىنىپ يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ نېزىقاشلىرىغا كۆز يۇمۇش ۋە ئۇلارنى ئىمتىيازنىڭ تاتقىغا كۆنۈكتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ ساداقىتى ئارقىلىق ئاۋۇلارنى مالدەك باشقۇرۇش تاكتىكىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ ھېچ؟ «قان يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر» دېگەندەك، ئۇلار ئاشۇ ئىمتىيازلارسىز ياشالماس ھالغا كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئەمەلدارلىقتىن چۈشۈپلا كېسەل بولۇپ قالىدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلار ھەققىدە شاڭخو ھېكايىلار كۆپ تارقالغان. ئەمما بۇ راست. ئەنە شۇنداق خۇمار قىلغاندىلا، ئەمەلگە ئىگە قىلغۇچىغا بولغان ساداقەت كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق بىر تۈزۈلمىنى قوغداپ قېلىشتا خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشىدەك جان كۆيدۈرىدىغان كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. سەن خۇددى دېھقانلاردەكلا گەپ قىلىسەن، ئەمما بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ كىشىلىرىمىز، ھەتتا ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق «يوقۇرىغا ئېيتىش» خامخىيالى مەۋجۇت. ھېچ زامان يوقۇرى كىم؟ دەپ چۈڭقۇرراق ئويلىنىپ باقمايمىز! خۇددى «سۇ بويىدا» دىكى سوڭجىياڭدەك، «پادىشا ياخشىدى، ئىشنى بۇزغان خىيانەتچى ئەمەلدارلار». بۇ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن بالىلارچە قاراش، دوستۇم.

بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن تەلئەت يەنە بۇ يېزىلاردىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن ھېكايە قىلىشنى داۋام قىلدى. دېھقانلار ئۆزئارا بەكمۇ ئىناقسىزدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياۋايىلارچە مۇناسىۋەت، تىل- ھاقارەتلەر، پەمسىزلىك، ئاچكۆزلۈك، پەقەت ھازىرنىلا ئويلايدىغان نەزىرى تارلىق سۈپەتلىرى ھايۋانلارغا بەكرەك يېقىن كېلەتتى.



— بۇلارمۇ ئىنسانغۇ؟ — دېدى مەنسۇر تەلئەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ھازا شۈكلەپ كېتىپ، — نېمىشكە ئىپادىلىرىدىن ئادەمدەك ئەمەس؟ نېمىشكە ئۇلار ياخشىراق ياشاشقا، ئۆز شارائىتلىرىنى ياخشىلاشقا تىرىشمايدۇ؟... ئادەمگە خاس ئىنتىلىشلەردىن نېمىشكە يوقسۇل...

— دوستۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي ئېيتماقچى بولۇپ، — ئادەم بىلەن ھايۋان ئارىسىدىكى چېگرا مەدەنىيەتتۇر. مەدىنىيەت بارلىققا كېلىدىغان زېمىن بولسا ئىقتىساد! شەرتى — تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش... سەھنىدە تەييار ئارگىنالنى ئىنجىقلاپ ئاران ئوقۇيدىغان، مىكرافۇن چىقىراپ كەتسە شۇنىمۇ ئوڭشىۋېتەلمەي ئۇستا كەلگىچە دولىنى قوروپ تۇرىدىغان ئادەملەر رەھبەرلىك قىلىدىغان جەمئيەتتە تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟... بۇ خەلقنى تەرەققىياتقا تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش ئىشىنى ئويلاشمۇ ئارتۇقتەك قىلىدۇ. بۇنداق ئىگىسىز تاشلىۋېتىلگەن خەلقنى كىمدۇر بىرى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ غېمىنى قىلىدۇ دېگەنگە ئىشەنگىم كەلمەيدۇ!

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ... — دېدى مەنسۇر خىيالچانلىق بىلەن، — بۇ يەردە قانداقتۇر بىز تېخى ئايدىڭلاشتۇرىۋالمىغان بىر ئىشلار بارلىقىنى ئۇچۇقراق كۆرگىلى بولىدىكەن،... ئەجەپ ئىشلار... — بىر ئازدىن كېيىن ئۆز ئۆزىگە دەۋاتقاندەك شائىرانە ھىسسىياتتا قوشۇپ قويدى، — يەپ- ئىچىش ئارقىلىق ھاياتنى تەمىن ئېتىشنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇرالغۇ ياساشنى، بالا تېپىشنى ھايۋانلارمۇ بىلىدۇ... ئادەم تېخىمۇ يۈكسەكراق مەخسەتلەرگە ئىنتىلىشى كېرەك. ھېچ بولمىسا ئۇ ئۆزىنى ئادەمگە مۇۋاپىق كۆتۈشكە، شارائىتىنى ياخشىلاشقا، مەنىۋي مەنپەئەتلەرنى قوغلىشىشقا، قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم... ئۇنىڭسىز ئادەملىك سۈپەتلىرىدىن ئايرىلىپ ھايۋانلارغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

— چەتئەللىكلەر كاستىيۇم- بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىدۇ: «نېمە ئۈچۈن سۇ بىلەن تەمىنلەش بىر سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى؟ نېمىشكە سۈت بىلەن تەمىنلەشنى تۇرۇبا ئارقىلىق ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرمەيدۇ؟ نېمىشكە تۇخۇمنىڭ مىقدارى ئالدىنقى ئايدىكىدىن ئاشمايدۇ...» دەپ رەنجىشىدۇ. بىزدىچۇ؟ ئۈستەڭنىڭ لاي سۈيى بىر ئاي توختاپ كەتسىمۇ بىرسىدىن نارازىلىق ساداسى چىقمايدۇ. بۇ سېلىشتۇرما مەدەنىيەتنىڭ تۆۋەنلىكى، تۇرمۇشقا قويىدىغان تەلىپىمىزنىڭ ھايۋانلاردىن كۆپ

پەرقلەنمەيدىغانلىقى، خەلقنىڭ ئىنتايىن يۈرەكسىز، ئىسيانكارلىق روھى سۇنۇق، ئالغا ئىنتىلىش روھى تۆۋەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

***

بىز قايتىش سەپىرىمىزدە يول ئۈستىدىكى ناھىيە بازىرىغا كىرىپ قونۇش ئۈچۈن توختىدۇق. نەرسە- كېرەكلىرىمىزنى مېھمانخانىغا قويۇپ، بىردەم بازار ئارىلاپ كەلمەكچى بولۇشتۇق، مەنسۇر سىرتقا چىقىشقا ئۇنىمىدى.

— ھازىردىن باشلاپلا بۇ زەي، دىمىق ئىچىگە ئۆزەڭنى قامىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ يە ئىچىشكە چاي، يە يۈز يۇغىدەك سۇيى بولمىسا بۇ خەقنىڭ! ئۇنىدىن كۆرە بازارغا چىقىپ تاماق يېگەچ بىرەر چايخانىدا چاي- پاي ئىچىپ كىرمەمدۇق،

— دېدىم ئۇنى ئۈندەپ.

— سىلەر چىقىپ كىرىڭلار، مېنىڭ بېشىم پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالدى. سەل ئارام ئېلىۋالاي. ئۆز كۆڭلىدە ياشاۋاتىمىز دەپ مىدىرلاپ يۈرگەن تىرىك ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ چىدىغۇدەك ھالىم قالمىدى.

— كۆنۈپ كېتىسەن، ئاغىنە، ئىشەنمىسەڭ پات ئارىدىلا ئاشۇ تەرەپلەرگە يەنە بىر نۆۋەت بېرىپ باق، ئۇ چاغدا بۇ قېتىمقىدەك قايناپ كەتمەيسەن. ئۈچىنچى قېتىمدا بېرىپ قالساڭغۇ بۇ خۇددى تەبىئىي ئىشتەك، شۇنداق بولۇشقا تېگىش ياكى شۇنداق بولمايمۇ بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ھېچقانداق ئىنكاسقىمۇ كەلمەيسەن، مەسىلەن، بىز...

— بولدى، بولدى! سىلەر شۇنداق تاش يۈرەك ئوخشايسىلەر. 21- ئەسىر ھارپىسىدا، كومپيۇتېر دەۋرىدە بۇلار قانداقمۇ تەبىئىي ئىشتەك تۇيۇلسۇن؟! مەدەنىيىتى ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان بىر مىللەتنىڭ مۇشۇ زاماندىكى تۇرقى بۇ بولسا، قانداقمۇ تەبىئىي تۇيۇلسۇن؟! بولدى بازارغا چىقىدىغان بولساڭلار چىقىۋېرىڭلار، مېنىڭ جېنىمغا تەگمەي تولا!

قالغانلىرىمىز ئۇنىڭسىز بازارغا چىقىپ كەتتۇق. بىز قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كىرسەك مەنسۇر ھېچنېمىنى تۈيماي ئولتۇرۇپ بىر نېمە يېزىۋاتقانىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىزگە ھېلىقىدەك يېزىلاردىن يەنە ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يوللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناھايىتى



ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئەتراپتىكى يېزىلارمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ۋەيرانە ئىدى. بۇ يوللارغا ئاسپالت ياتقۇزۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستى. بەلكىم بۇ ئىش خوجايىنلارنىڭ خىيالىغا يېقىن ئارىدا كەلمەيتى.

— ئاڭلىساق چەتئەللەردە يولغا ئاسپالت ياتقۇزسا 20- 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ياتقۇزارمىش، چەتئەلگە چىققانلاردىن بۇنىڭغا دىققەت قىلغانلار باركەن. بىزنىڭ شۇ يوللار... — دېدى تەلئەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىغاندەك تىل چايناپ.

— سەن بۇ يوللارغا شۇنداق ئاسپالت ياتقۇزۇلغان بولسا، دېمەكچىمۇ؟ — دېدىم مەن ئوتتۇرىنى قىزىتىش ئۈچۈنلا، — بۇ يەر تۆگۈل شەھەرلەرگە بىر- ئىككى سانتى ئاران يېيىتىۋاتقان پىت كۆز خوجايىن سېنىڭ سەھرالىرىڭغا ھېلىقىدەك يېيىتىپ بېرەرمۇ؟ بەلكىم ئۇ مەملىكەتلەر نېفىت چىقىدىغان دۆلەتلەر بولسا كېرەك، ئەمما بىزدىن نېفىت چىقمايۋاتسا!

ئەمما مېنىڭ بۇ گېپىم بىلەنمۇ مەنسۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلمىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئاخشامقى سۆزىنى جاۋاپسىز قويغىنىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەچ يەنە ئېغىز تاتىلىماقچى بولدۇم:

— سەن دەيسەن، 21- ئەسىر بوسۇغىسىدا، كومپيۇتېر دەۋرىدە،... پالان- پوكۇن. ئەمما سەن ئىچىمىزدىكى ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇقىمىز، مىللىتىمىز ئىچىدىمۇ تونۇلغان ئادىمىمىز، يەنە كېلىپ مەركىزىي شەھىرىمىزدە ياشايسەن، ئەڭ مەدەنىي مۇھىتىمىزدا ياشاۋاتقان سەن، كومپيۇتېر بىلەمسەن؟ كىتاپلىرىڭنى كومپيۇتېر بىلەن يېزىۋاتامسەن؟ ياق. شۇنداققۇ؟ ئالدىنقى كۈنلىرى ئافرىقىنى ئوخشىتىشقا ئۆرنەك قىلغىنىڭنىمۇ بىر ئارىغا كەلتۈرسەك، بىزنىڭ شۇ ئاندىكى كومپيۇتېر سەۋىيىمىز ئافرىقىدىن يەتتە ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى نېمە دەيسەن؟ سەن بىلەن بىز قاچان كومپيۇتېرغا يېتىشەرمىز؟ بۇنىڭ بىلىش نۇقتىسىنى دېمىگەندىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توسالغۇسى جەھەتتىن بۇ سېنىڭ كەلگۈسى ئون يىللىق پىلانىڭ ئىچىدىمۇ بولمىسا كېرەك؟ مەسىلەن مېنىڭ يىگىرمە يىللىق پىلانىمدىمۇ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. خوش، مانا شۇ ھالدا بۇ يېزىلار، بۇ يەرلەردە ياشايدىغانلارنىڭ ئۇ سەۋىيەلەرگە بېرىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئافرىقا ئېپتىدائىيلىقىنىڭ ئۆرنىكى قىلىنىپ

كالـلىمىزغا قۇيۇۋېتىلگەن خالاس. ئەمما بۇ دەۋردە ئىپتىدائىيلىقتا بىزدىنمۇ بەك ئۆزنەك بولالايدىغان يەنە بىر بەختسىزنىڭ بولىشىنى ئەقلىڭدىن چىقىرىۋەت!

مەنسۇر يەنىلا ئىغىز ئاچمىدى. ئۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىراتتى. بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزلىرى ئىسسىلىپ كېتەتتى. ھېلىلا قايناپ كېتىدىغۇ دەپ كۈتسەكمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا گەپ قىلمىدى.

چۈشكە يېقىن بىز بىر يېزىنىڭ چارسوسىدىكى ئاشخانا ئالدىدا توختىدۇق. بۇ ئاشخانىدا تاماق يەپ ماڭماقچىدۇق.

تاماق يەپ چىققىنىمىزدا ماشىنا ئەتراپىنى بىر توپ يېزىلىق ئورىۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئەپتىمۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئىدى. ھەممىمىز ماشىنىغا چىقىپ ماڭايلى دەپ تۇرغاندا مەنسۇر بىردىنلا ماشىنىدىن چۈشۈپ، خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ئالدىدا كۆزلىرىنى سەبىلىك بىلەن پارقىرىتىپ قارىشىپ تۇرغان يېزىلىقلارغا قاراپ «سىلەرمۇ ئىنسان!» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى ئوقۇپ كەتتى. مەن ھېكايەمنىڭ بېشىدا دېگەن شېئىر مانا شۇ ئىدى:

ئىستەڭلار ئېزگۈلۈك سىلەرمۇ ئىنسان!
ئادەمدەك ياشاشنى قىلىڭلار تەلەپ.
ئادەمگە يات سۈپەت قۇللۇق ـ ياۋاشلىق،
قورسىقى تويسىلا، بولسىمۇ ھەلەپ.

پادىلار توپىدا بولمىسا سەركە
چېپىشار ھەرياققا، تاپالماي ئوتلاق.
بولمىسا پاسىبان، ئادەملەرمۇ ھەم
بىلمەيدۇ نېمىدىن نېمە ياخشىراق.

نادانلىق ئوخشايدۇ مەست ئۇيقۇسىغا،
ئۇيقۇدا باتۇرمۇ قۇزغۇنغا ئوزۇق.
نادانلىق ئۇيقۇسى قۇللۇققا ئارام،
جاھالەت سوزۇلار، كېچىكەر يورۇق.

ئوغرىمۇ ئۆيلەرگە كىرەر كېچىسى،
«خوجايىن ئۇيقۇدا» دېگەن ئىشەنچتە.
«يىقىلغان تاملارمۇ يىتىمنى باسار»،
قارشىلىق، ھەركەتسىز خورلۇقتا ھەممە!

ئەي يوۋاش «قوزىلار» سىلەرمۇ ئىنسان!
نە ئۈچۈن ئىنساندەك قىممىتىڭلار يوق؟!
ھەممىگە «شۈكرى» دەپ ئۆتسە ئۆمرۈڭلار
قايسى چاغ ھاياتتىن ئالىسىلەر زوق؟

بەختنى قوغلاڭلار، سىلەرمۇ ئىنسان!
كۆرەشتىن تۇغۇلار يورۇق ئىستىقبال.
چېپىڭلار باشقىلار كەتكەن تەرەپكە،
ئۇلارغا راۋاسى ساڭىمۇ ھالال!

...................................

بۇ خىتاپنىڭ ئوبېكتلىرى گويا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل قۇشنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ياكى چۈشىنىكسىز بىر ئويۇننى كۆرۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەستىن؛ بۇنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقى ھەققىدە گۇمانمۇ قىلماستىن، بىر ـ بىرىنى بىقىنداشقان ھالدا سەبىي چىرايلىرىنى كۈلۈمسىرىتىپ قارىشىپ تۇراتتى.

مەنسۇر مەست ئادەمدەك ماشىنا ئورۇندۇقىغا تاشلاندى. بىز ھېلىقى ئاجايىپ تاماشابىنلارنى ئارقىمىزدىكى توپا ـ چاڭغا كۆمۈۋەتكىنىمىزچە ۋىلايەت مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق...

1987 ـ يىل، 13 ـ ماي،
1987 ـ يىل، 29 ـ ئىيۇل، ئاتۇش — شورۇق.
1999 ـ يىلى ئاپرىل، قىرغىزىستان، — ئوش.
2002 ـ يىل 30 سىنتەبىر، كانادا، — تورونتو.

# ھال سوراش

## بىرىنچى باب   خەلقنىڭ غەمگۇزارلىرى

ۋىلايەتتىكى مەلۇم ئىدارىنىڭ ئىشخانىسىدا بۆلۈم خادىملىرىنىڭ مۇزاكىرىسى داۋام قىلىۋاتاتتى. خادىملارنىڭ بەزىلىرى قىزغىنلىق بىلەن پىكىر بەرسە، بەزىلىرى تاماكىسىدىن «خۇمدانىنىڭ مورىسىدەك» تۈتۈن چىقىرىپ، باش لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

— xxx ناھىيىسىنىڭ xxx يېزىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش،— دەپ سۆزلىدى بىرسى،— نۆۋەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مەيدانىنى سىنايدىغان مۇھىم مەسىلە. ھەممە ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ ھال سوراش ئۆمەكلىرى ئارقا- ئارقىدىن ھال سوراشقا بېرىشماقتا. ئىدارىمىز بۇنىڭدىن چەتتە قالىدىغان بولسا بەكمۇ سەت تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟

— مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن، ۋىلايەتتىكى ھەممە ئىدارە، مەھكىمىلەر ھال سوراش ئۆمەكلىرى ئەۋەتىشمەكتە. يەنە كېلىپ ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھال سوراش ئۆمەكلىرى كېلىشكە باشلىدى. بۇ تازا ياخشى پەيت، يۇقۇرىنىڭ ھال سوراش ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بارساق تېخىمۇ ياخشى.

— ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويايلى، پىكىر بېرىشتە دادىل ۋە قىزغىن بولايلى، دىموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

— مېنىڭچە، ھال سوراشقا بېرىش مەسىلىسىدە باشقا پىكىر يوق، ھەممەيلەن قوشۇلىدۇ.

— شۇنداق، قارشىلار يوق.

— ھە، ئۇنداق بولسا، دېمەك، كۆپچىلىك بۇ مەسىلىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى، ئەمدى بېرىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، رەھبەرلىك



ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تاللاپ، بىر «ھال سوراش ئۆمىكى» تەشكىل قىلسا قانداق؟

— بولىدۇ، ئالدى بىلەن مەن ئۆزەمنى مەلۇم قىلاي، بېرىشنى خالايمەن،— دېدى بىرى قىزغىنلىق بىلەن ۋە بوش ئاۋازدا يېنىدىكىلەرگە،— ئىدارىدا قامىلىپ ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ئۆلەي دېدىغۇ، كىشى،— دەپ پىچىرلىدى.

— توختاڭلار، توختاڭلار، يولداشلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنىغۇ قىلىدۇ، تۆۋەنگە چۈشىدىغان ئىش — جاپالىق ئىش، لېكىن كاماندىروۋكا پۇلىنى ئويلاشماي بولمايدۇ.

— كوماندىروۋكا پۇلى دېگەن بار نەرسىغۇ؟ يەنە نېمىنى ئويلىشىش كېرەك؟

— ئوغۇ بار، بىراق بىر كۈنلۈك كاماندىروۋكا پۇلى بىر ۋاقتلىق تاماقىمۇ يەتمەيدۇ، شۇڭا قوشۇمچە ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى ياكى كاماندىروۋكا پۇلىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى ئويلاشمىسا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار يولداشلارغا تەس بولىدۇ.

پۇلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا بايىتىن بېرى مۇزاكىرىگە پىكىر قاتناشتۇرماي تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ۋە مۈگدەپ ئولتۇرغانلار جانلىنىپ، ئورۇنلىرىدا قىمىرلاشقا، بەللىرىنى رۇسلاپ تىكرەك ئولتۇرۇشقا باشلىدى.

— توغرا، بۇنى ئويلاشماي بولمىغۇدەك، بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ئىكەن.

— قىيىنچىلىقى بار يولداشلار كاماندىروۋكىغا چىقمىسا بولمىدىمۇ؟

— ئەگەر ئۇلار بېرىشنى ئىختىيار قىلسىچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپەمدۇق؟

— ئەمسە بۇ ھەقتە پىكىر بېرەيلى، قىزغىنراق بولۇڭلار، يولداشلار.

بۇ ھەقتىكى مۇزاكىرە خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىپ، ئاخىرى پاراۋانلىق فوندىدىن ئازراق چىقىم قىلىش قارار قىلىندى.

— ئەمدى، ھال سوراشقا نېمە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى بار...

— مېنىڭچە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغىدەك بىر نەرسە ئېلىپ بارساق، مەسىلەن، ئەڭ ياخشىسى نەخ پۇل ئېلىپ بارايلى.

— نەخ پۇل؟ پۇلنى قەيەردىن چىقىم قىلىدۇ؟ بۇ گەپ پەقەت ئېيتماققىلا ئاسان!

— ئىدارە چىقىم قىلىسمۇ بولىدۇ، بولمىسا ئىئانە يىغسا...

— ئىئانە!؟ خەپ ـ شۈك!

— شۇنى دەيمەن، ھەرگىز بۇ گەپنى قىلماڭ! ئىئانە يىغسا ئەڭ ئەۋەل سىز بېرىپ بېقىڭ، قېنى! ئەخمەق بولماڭ، بۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى.

— راست ئەمەسمۇ، پالانى يېزا، پۈكۈنى ناھىيىنىڭ بىزگە نېمە پايدا زىيىنى؟ پايدىسى بولسا ھۆكۈمەت كۆرىدۇ، زىيىنىغىمۇ ئىگە بولسۇن ـ دە!

— «تۈلكە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ تېرەك بېشىدا» دېگەندەك، بايلىقى بولسا توشۇڭ، زىيان چىقسا خەقنى شېرىك قىلسا تازىمۇ بىشەملىك ـ تە!

— تاك، تاك، تاك،.. ھەي، يولداشلار، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پىكىر بېرەيلى، كىچىك يىغىن ئاچمايلى.

— مېنىڭچە ئىدارە بىر ئاز پۇل چىقىم قىلسا بولارمىكىن.

— قايسى ھېساب تۈرىدىن چىقىم قىلىدۇ؟— ئىسەنكىرگەندەك سورىدى بۇغالتىر،— بۇ دېگەن مەمۇرى ئورۇن، كىرىم يوق، يولداش!

— پاراۋانلىق فوندىدىن چىقىم قىلسا بولىدىغۇ؟

— پاراۋانلىق پۇلى؟ بۇمۇ خۇددى يانچۇقىڭىزدىكى پۇل بىلەن ئوخشاش، بۇ پۇل ئاز قالسا ھېيت- بايرامدا ئۇنى ـ بۇنى سېتىۋالساق قوشۇپ بېرىدىغانغا پۇل ئاز قالسا پىكرىڭىز چىقماسمۇ؟

— راست دەيدۇ، ھەرگىز بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭلار.

— تاك، تاك... دىققەت، دىققەت قىلايلى يولداشلار، كىچىك يىغىن ئاچمايلى، پىكرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار.

— مېنىڭچە، دۆلەت خېلى كۆپ ئىقتىسادىي ياردەم ئاجراتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بىزدەك مەمۇرى ئىدارىلارنىڭ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرىشىغا ھاجەت يوق. بىز ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بەرسەك بۇ ھەرئىككى تەرەپكە پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

— ھە، ما پىكىر خېلى جايىدا،

— پىكرىڭىزنى كونكېرتراق ئېيتىپ باقمامسىز.

— مەسىلەن، بىز ئۇلارغا بىر دانە بايراق تەقدىم قىلساق قانداق؟ بايراقتا ئۇلارغا مەدەت بولىدىغان سۆزلەرنى يازساق، بىر بايراق دېگەنگە ئانچە كۆپ چىقىم كەتمەيدۇ.



— توغرا، ئىنتايىن ئورۇنلۇق پىكىر بولدى، بۇ پىكىرگە بىرىنچى بولۇپ مەن قوشۇلىمەن.

— ھەممەيلەن قوشۇلىمىز، بۇنىڭدىن ياخشى چارىغا نەگە باراتتۇق.

— ...

— ئۇنداق بولسا، كۆپچىلىكنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى مەركەزلەشتۈرسەك، بايراق تەقدىم قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى، ئەمدى بايراقتا نېمە دەپ يېزىش ھەققىدە ئويلىشىپ باقساق قانداق؟ ئادەم كۆپ بولسا تەدبىر كۆپ بولىدۇ، ئەقىل كۆپ بولىدۇ.

— شۇنداق، كۆپچىلىك، بايراققا يېزىش ئۈچۈن ھەم ئاز، ھەم ساز، بىر جۈملە سۆز ئويلايلى.

— ئۆزى ئاددىراق گەپ بولسىمۇ مەنىسى تېرەن بولسۇن.

— مەن دەپ باقاي، مېنىڭچە... «ئاپەتكە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇلۇغ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىڭلار» دەپ يازساق بولماسمۇ؟

— بۇنىڭدا بىز يوقۇرىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا چاقىرىق قىلىۋاتقاندەك بولىدىكەن، مېنىڭچە شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «تىرىشىڭلار» نى «تىرىشايلى» دەپ ئۆزگەرتسەك.

— بۇمۇ بىر «نامزات» بولۇپ تۇرسۇن، يەنە ئويلىشايلى.

— مېنىڭچە شۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «ئورتاق» دېگەن سۆزنى قوشۇپ «... ئورتاق تىرىشايلى» دېسەكچۇ؟

— ھە، بۇمۇ بىر «نامزات» بولسۇن.

— «ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتەيلى» دەپ يازساق تېخىمۇ داغدۇغىلىق بولامدۇ.

— بۇ گەپنى يېزىش ئۈچۈن ئىككى بايراق كېتكۈدەك، شۇندىمۇ تېخى «داۋامى يەنە بىر بايراقتا» دەپ ئەسكەرتىش بەرمىسە بولمايدۇ،— بۇ گەپ بىر ھازا كۈلكىگە سەۋەب بولدى.

— يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى شۇئار، قېلىپلاشقان تەشۋىقات شۇئارلىرىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىۋاتقان نەرسە بولغانىدىكىن باشقىچىراق سۆزلەرنى يازغىنىمىز دۇرۇسمۇ قانداق؟

مەسىلەن:«ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارغا ئېھتىرام» دېگەندەك...
— بۇنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىكەن.
— ئىككى مىسرا بېيىت يازساق تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ. مەسىلەن: »ئۆرغۈتۈپ بىز غەيرەتنى، تۆگىتىمىز ئاپەتنى»...
— ها ها...، بۇمۇ بىر گەپ بولدى ـ دە!....
— مېنىڭچە بۇ بېيىت خامراق بولۇپ قالدى، لېكىن بېيىت يېزىش تەكلىۋى خېلى جايىدا قويۇلغان.
— ئۇنداق بولسا ھەممىمىز بېيىت ئويلايلى... «بىز يۈگۈنىڭ ئەۋلادى... » ھەي، تازا قاملاشتۇرالمايدىغاندەك تۇرىمەن.
— بۇنداق بولغاندا بەك تەس كېچىككە كىرىپ قالىمىز، بېيىت ـ پېيىتنى قويۇپ، باشتىكىدەك بىرەر جۈملە ئويلىساق بولمىدىمۇ، مېنىڭچە يوقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «... ئېھتىرام» دېگەن سۆز ئىنتايىن مۇۋاپىق.
— ھەي، بايراق دېگەنگە بۇنداق سۆزنى يازغاننى كۆرمەپتىكەنمەن.
— ئەمدى كۆرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، بۇمۇ بىر يېڭىلىق.
— گەپنى كۆپ ئۇزارتماي شۇ سۆزنىلا يازساق قۇتۇلامدۇق، سائەت توشۇپ قېلىۋاتىدۇ، يەسلىدىن بالىنى ئېلىپ كېلىدىغان گەپ...
— شۇنداق قىلايلى، ھەممىمىز قوشۇلدۇق.
— كىمنىڭ خېتى چىرايلىق؟ بۇ ئىشنى كىمگە تاپشۇرىمىز؟
بۇ گەپ بىلەن بۆلۈم ئىچى يەنە بىردەم پاتپاراق بولۇپ، ھەممە ئادەم بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا بۇنى ئىشلىگۈچىگە ئازراق «تاماكا پۇلى» بېرىشنىڭ ئۇچىنى چىقارغاندىن كېيىنلا بۇ ئىش ھەل بولدى.
— ئەمسە، بايراق ئەتىگىچە تەييار بولسا، سەھەردىلا يولغا چىقىمىز. تۆۋەندە ئىسمى چىققان يولداشلار تەييارلىق قىلسا بولىدۇ...
ئىسىملىك ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

## ئىككىنچى باب   يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇغالتىرىنىڭ ھېسابات خاتىرىسى

**1. كىرىم:**



1) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن يوقۇرى ئاجرىتىپ بەرگەن ياردەم پۇل :1000 سوم؛
2) ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئەۋەتكەن ئىئانە: 550 سوم؛
3) ۋىلەيەتلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەۋەتكەن ئىئانە: 125 سوم
4) نامسىز ئىئانە قىلغۇچىلار ئەۋەتكەن پۇل: 450 سوم؛
5) قېرىنداش يېزىلاردىكى دېھقانلاردىن يىغىلغان ئىئانە ئاشلىق (پۇلغا سۇندۇرۇلغان): 1000 سوم؛
6) قېرىنداش يېزىلاردىن ياردەمگە كەلگەن دېھقانلار قويۇپ بەرگەن كېسەك (پۇلغا سۇندۇرغاندا ھەرمىڭى 8 سومدىن، بۇنى ئۆيى بۇزۇلغان دېھقانلارغا مۇۋاپىق باھادا سېتىپ بېرىۋاتىمىز) :800 سوم؛
7) بېيىغان ئائىلىلەر ياردەم قىلغان ياغاچ ـ تاش (پۇلغا سۇندۇرۇلغان) 1000 سوم؛
ئومۇمى جەمئى: 4925 سوم؛

**2 . چىقىم:**

1) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئۈچۈن: 105 سوم؛
2) يۇقارقى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن خاتىرە بويۇمى ئۈچۈن : 100 سوم؛
3) ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن :120 سوم؛
4) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن : 260.71 سوم؛
5) ۋىلەيەتلىك پارتكوم ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن: 315.51سوم؛
6) ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 321.69 سوم؛

7) ناھىيىلىك پارتكوم ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن: 291.10 سوم؛

8) ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن : 531.90 سوم؛

9) ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويغىلى كەلگەن سەنئەت ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن : 435.30 سوم؛

10) مەركەزدىن كەلگەن ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن: 675.40 سوم؛

11) «ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى» ئۈچۈن 109.15 سوم؛

12) «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ئاپەتكە قارشى كۆرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش چوڭ يىغىنى» ئۈچۈن : 119.21 سوم؛

13) قېرىنداش يېزىلاردىن كېسەك قۇيۇشۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن دېھقانلارغا ئىش مەيدانىدا قايتىنىپ بېرىلگەن چاي ئۈچۈن: 5.52 (ئەسكەرتىش: دېھقانلار ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان چايىنىڭ پۇلىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ھەربىر دېھقانغا چېچىپ يىغىۋالىدىغان بولدۇق. چۈنكى ھازىر چىقىم كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىقتىسادنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدىغان بولدى. ھازىر قوشنا دېھقانلار ياردەم ئۈچۈن قۇيۇۋاتقان كېسەكنى سېتىش ئاساسى كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالدى).

14) ھال سوراش ئۆمەكلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان بايراق ئۈچۈن : 140 سوم؛

15) چوڭ يىغىن سەھنىسى ياساش ئۈچۈن : 161.10 سوم؛

16) شوئار يېزىلىدىغان قەغەز سېتىۋېلىش ئۈچۈن 78.95 سوم؛

17)...

...

## ئۈچىنچى باب يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىۋىنىڭ خىزمەت خاتىرىسى

... ئاينىڭ ... كۈنى:



ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

... كۈنى:

ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

... ئاينىڭ ... كۈنى:

1) ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالى ۋە ئاپەتنىڭ دائىرىسىنى تەكشۈرۈشكە بەش كىشى ئاجرىتىلدى (جەمئىي بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلدى).

2) ئۆيسىز قالغان دېھقانلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈچ كىشى مۇقىم ئاجرىتىلدى.

3) ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتى ئۈچۈن 10 كىشى ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى ئۆمەكنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە مەسئۇل بولىدۇ، چاتاق چىقىرىپ قويسا مەسئۇلىيىتى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئىككى كىشى يىغىن سەھنىسى ياساشقا مەسئۇل بولىدۇ (ئەمەلىي ئىشلارنى شۇ يەردىكى ياردەمگە كەلگەن دېھقانلارغا ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ). قالغان ئادەملەر ئۆمەك ئەزالىرىغا ھەمرا بولۇپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. (ئىلاۋە: يۇقارقى ئون كىشى يېتىشەلمەي قالسا ئۆيلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل قىلىنغان ئۈچ يولداش ئىچىدىن ئەھۋالغا قاراپ يۆتكەپ ئىشلىتىلىدۇ).

... كۈنى:

1) ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى ئۈچ سائەت ئېچىلدى ( يىغىن سەھنىسى ياساش ئۈچۈن خوشنا يېزىلاردىن ياردەمگە كەلگەن دېھقانلار ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشى ئۈچۈن قويغان كېسەكلەر توشۇپ كېلىندى. بۇنىڭغا 50 نەپەر ئەمگەك كۈچى تەشكىللىنىپ بىر سائەت ئىشلىدى).

2) بۈگۈن يېتىپ كەلگەن ھال سوراش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككى سائەت قىسقا يىغىن ئېچىلدى.

3) ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويغىلى كەلگەن سەنئەت ئۆمىكىنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئىككى سائەت ئېچىلدى. ئارقىدىن ھال سوراش

يۈزىسىدىن قويۇلىدىغان ئويۇننى كۆرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئىككى سائەت ئېچىلدى.

4) ۋاقىتلىق يىغىن سەھنىسى قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كېسەكلەرنى جايىغا ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچلىرى تەشكىللەپ قويۇلغاندىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈلدى (كېسەكلەرنى يۆتكەش جەريانىدا سۇنۇپ نابۇت بولىدىغان ئىشلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلدى، پەقەت %20 ئەتراپىدا كېسەك بۇزۇلۇپ كەتتى).

... كۈنى:

1) ۋاقتى كەلگەندە ئالدىراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا ئاجرىتىلغان ئادەملەرگە باشقا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىغان بولدى. (مەسىلىگە ئىلگىرى سەل قاراپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ، ئىشنى پۇختىراق قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق).

2) بىر ئادەم تېلېفون يېنىدا ئولتۇرۇپ ھەرخىل ئۆمەكلەرنىڭ يولغا چىققانلىق ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە بەلگىلەندى.

3) ئىشلار ناھايىتى ئالدىراش، مۇھىم يىغىنلار كۆپ بولۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر يېتىشەلمىگەنلىكتىن، كۈندىلىك تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن بىر قانچە ۋاقىتلىق ئىشچى ئېلىشقا توغرا كېلىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن دەرھال باش قوشۇش يىغىنى چاقىرىلدى. ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن سايە قىلىدىغان يېقىن كىشلىرى بولغاچقا، ساننى تالىشىپ، ئىش مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن كەچكىچە داۋام قىلدى (خىزمەت ۋاقتىدىن 1.5 سائەت ئېشىپ كەتتى، شۇڭا ئارتۇق خىزمەت قىلغان بىر يېرىم سائەتنى يېرىم كۈن ھېسابلاپ قوشۇمچە ھەق بېرىشنى قارار قىلدۇق). ئاخىرى رەھبىرى يولداشلارنىڭ قىيىنچىلىقى، خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، بەش نەپەر ۋاقىتلىق ئىشچى كۆرسەتكۈچى بەش رەھبەرگە ئۆتۈتۈلدى. بۇلارمۇ يېتىشەلمىسە يېزا ئوتتۇرا مەكتىۋىدىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ نۆۋەتتىكى مۇشۇ مۇھىم ئىشقا جەلپ قىلىنىشى كېرەك دەپ ھېسابلاندى.

.... كۈنى:



1) يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىلى مەلۇم بىر ھال سوراش ئۆمىكىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى ( ئۇلارنىڭ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغاچقا يېرىم يولدا تۇرۇپ قېلىشقانىكەن).

2) كېلىپ- كېتىۋاتقان مېھمانلار كۆپ بولغاچقا يېزىلىق ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئاشلىق ئۆكسۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى ئىنكاس قىلىندى، ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئاپتوموبىل بولمىغاچقا بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بۈگۈن كەچتە يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى...

... كۈنى:

1) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جىيىڭگە قاتنىشىۋاتقان قوشنا يېزىلىق دېھقانلاردىن ئون كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئېشەك هارۋىسى بىلەن ناھىيىگە بېرىپ ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2)...

1985- يىل 20- سىنتەبىر،

1985 - يىل، 20- نويابىر، ئاتۇش، شورۇق.

# ئادالەتنىڭ ھامىلىرى

قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئالدىدا توختىغان ئاپتوۋۇزنىڭ ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يولۇچىلاردىن باشقا بىر نەچچە قاتناش ساقچىسى ۋە شۇ ئەتراپتىن يىغىلغان بىكار تەلەپلەرمۇ باردى.

قىشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولىشىغا قارىماي كەچقۇرۇندا يەنىلا سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. قۇياشنىڭ كەچكى نۇرلىرى بىنالارنىڭ يوقۇرى قەۋەتلىرىدىكى دەرىزىلەرنىڭ ئەينىكىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سوغدىن دۈگدىيىشىپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا بىر قاتناش ساقچىسى ئاپتوۋۇز شوپۇرىغا كايىماقتىدى:

— سەن تۈنۈگۈنكى بالا ئەمەسقۇ، قائىدىنى بىلمەيدىغان!؟ بىر ئاپتوۋۇزدا 38 كىشىلىك ئورۇن بولسۇنۇ، سەن بولساڭ 71 ئادەم قاچىلىۋال! كىچىككىنە كابىنكىغىلا 14 ئادەم قاچىلىۋاپسەن، سېنىڭچە مۇشۇ توغرىمۇ؟

— نېمە ئامالىم بار؟ توقاي يېزىسىدىن شەھەرگە كېلىپ كېتىدىغانلار كۆپ، قاتناش قىس بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ- دە... ئاپتوۋۇزنى توختۇتىشىم بىلەنلا ھەممىسى چىقىۋالدى، چۈشۈڭلار دېسەم ھېچكىم ئۇنىمىدى، تۈنۈگۈن نۆۋەتچى ئاپتوۋۇزنىڭ شوپۇرى شەخسى ئىشى چىقىپ قېلىپ قاتنىمىغانىدى شۇڭا ئادەملەر ناھايىتى تەقەززا بولۇپ كېتىپتىكەن، ھەم كۆپىيىپ كېتىپتىكەن، بۈگۈنمۇ قونۇپ قېلىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ- دە، شەھەر دېگەندە بىر كۈن ئارتۇق تۇرسا بىر مۇنچە پۇلغا زىيان،... شوپۇر ئارقىدىن غۇدۇڭشىپ قوشۇپ قويدى،— بېكەتتىكىلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كۆپرەك ئاپتووۇز بەلگىلىسە بولاتتى، لېكىن، ئۇ خەقنىڭ تېخى پەرۋايى پەلەك تۇرسا...

— ئاپتوۋۇزنى كۆپرەك بەلگىلىمىگەن بولسا، ئۇنىسى بېكەتنىڭ ئىشى، سەن نېمىشكە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىسەن؟! ئۇلار چۈشۈپ كەتكىلى ئۇنىمىغان بولسا، سەنمۇ ھەيدىمىسەڭ بولاتتىغۇ؟

— خەقنىڭ تاپىسىغا چىدالمىدىم، دەيمەن، بېكەتتىكىلەرنىڭ، شوپۇرلارنىڭ، باشلىقلارنىڭ ئانا- مانىسىنى سۆكۈپ بىر يەرگە ئاپىرىشتى، يەنە



كېلىپ، بىزگىمۇ كۆتىرە بولغاندىن كېيىن پۇل تاپماي يېتىۋالساق بالا- ۋاقىمىزنى خىزىر كېلىپ باقمايدۇ- دە.

— كۆتىرە - كۆتىرە دەيدىكەن، قائىدىنى بۇزۇپ ۋەزىپە ئورۇنلا دەپ كۆتىرە قىلغانمۇ؟ ھەرقانداق باھانەڭ بىلەن چاتىقىم يوق، ئىشقىلىپ جەرىمانە تۆلەيسەن، ئادەملەرنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئاندىن ماڭىسەن!

— چۈشۈڭلار دېسەم ئۇنىمىسا، ئۇرامدىم خەقنى؟ سىلەر گەپ قىلىپ بېقىڭلار، بولمىسا، كەچ بولۇپ كەتتى، پاتراق بېرىۋالسام مەنمۇ خوش.

— قاچىلاشنى ئۆزەڭ قاچىلاپسەن، قانداق قىلساڭ ئۆزەڭ قىل، بىز سېنىڭ ئادەم چۈشۈرۈشۈڭنى كۆتىرە ئالمىغان.

ئاپتوۋۇزدىكى يولۇچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى قولۇشۇپ قالغان پۇت- قولىنى سوزۇۋېلىش ئۈچۈن يەرگە چۈشۈپ، قاتناش ساقچىلىرى بىلەن شوپۇرنىڭ دەتالىشىنى ئاڭلاپ قاراپ تۇرىشاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاپتوۋۇزدىكى ئادەم زادىلا ئازايغاندەك ئەمەسىدى، ئاپتوۋۇز دەرىزىسىدىن يەنىلا بىرلىرىنىڭ دۈمبىسى ياكى تاغاق، ياپپاشلىرىلا كۆرىنىپ، بىرەر بوش ئارىلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قىيا- چىيا ۋە ئەپسانە سۆزلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى:

— ۋايجان، پۇتۇم! قانداق جۇۋاينىمەك بۇ!؟ ناھاللىق ئاياق بىلەن ئەجەب دەسسىدا!

— ھوي خۇدايىم بەرگەن يىگىت، بېشىمدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— سىز مېنى بەك ئېزىۋەتتىڭىزغۇ؟ جەينىكىڭىزنى ناراق تارتسىڭىزچۇ.

— ناراق تارتقىدەك يەر بولسا سىزنى قىستامدىمەن؟ نېمانداق ئالدىڭىزدىكى قىيامەتنى كۆرمەيۋاتقاندەك سۆزلەيسىز؟ مېنىڭمۇ ماجالىمنى قويمىدى، نېمە ئامال، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تاپقاندىكىن چىداش كېرەك - تە.

— ئاۋايلاڭ، غوجام، بۇ يەردە كىچىك بالا بار....

— كۆزىڭىزگە قاراڭ، بۇرادەر، بۇ توپ مەيدانى ئەمەس...

— ھوي، خالايىق، ئۆزىمىزنىڭ جېنىغا ئۆزىمىز پاتاڭ سالغىچە بىردەم بولسىمۇ يەرگە چۈشۈپ تۇرمايلىمۇ...

— ئادەملەرنىڭ يېرىمى چۈشۈپ كەتكەن ھامان ئاپتۇۋۇزنى ھەيدەيدۇ، پۇل تۆلىگەندىكىن تەخىر قىلىپ تۇر، قانداق قىلسا بىزنى دېگەن يېرىمىزگە ئاپىرىش شوپۇرنىڭ ئىشى.

— ماڭا يول بەرسەڭلارچۇ... تۆلىگەن پۇلۇمدىنمۇ كەچتىم، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، قونۇپ قالسام قالاي...

— سىزگە قەيەردىن يول بەرسەك بولار؟ ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچە... يولنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر بولسا بولارمۇ ياكى تېخىمۇ ئازادىرەك بولسا بولارمۇ ؟

— شۇنى دېگىنە، نەدىن كەلگەن ئەتىۋاركەن بۇ؟

— ...

ئاپتۇۋۇزدىكى يولۇچىلار مەجرۇھ قىلىۋېتىلگەن ئەجدىرھادەك ئېغىر لۆمشۈپ، قىيا- چىيا بىر پەس ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سالاپەتلىك بىرەيلەن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئۇ ئاشۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدىن چىقىش ئۈچۈن مىسلىسىز غەيرەت قىلغان، ناھايىتى كۆپ قۇۋۋەت سەرپ قىلغانىدى. بۇنىسى ئۇنىڭ تېز - تېز نەپەس ئېلىشىدىن ۋە تەرلەپ كەتكەن يۈز- كۆزىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ:

— ئۇ... ھ ...! — دەپ بىر تىنىۋالدى، بۇ تىنىشتا ئۇزۇن يىل بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ياشىغان ئادەمنىڭ ئازادلىققا چىققان چاغدىكى يەڭگىللىكى، تاققا چىققۇچى نەتھەرىكەتچىنىڭ چوققىنىڭ ئەڭ ئىگىز جايىغا بىرىنچى بولۇپ چىققان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقى باردى.

ئاپتۇۋۇزنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە بىر نەچچەيلەن تاماكا چەككەچ دەم ئېلىپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار كەچنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا دۈگدىيىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاپتۇۋۇز ئىچىدىكى ئىسسىقتىن ئازادە يەردە تىترەپ تۇرۇشنى ئەۋزەلراق كۆرۈشكەندى، ئۇلارمۇ چاپسانراق مېڭىپ كېتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشماقتىدى:

— ھەممىمىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپ باقساق بوپتىكەن، ئىچى ئاغرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس...

— ئەتىگەندىن بېرى يالۋۇرمىدى دەمسەن؟ بىر تىيىن ! قانۇن، قانۇنلا دەيدۇ، خالاس، گەپ يېمەيدىغان نەرسىكەن.



— بولمىسا راسا تىللىمايلىمۇ،— دېدى ياشراق بىرى،—ھېچ بولمىسا ئاچچىقىمىزنى چىقىرىۋالامدۇق.

— تىللىساق دەمسەن؟— دېدى چوڭراق بىرى،— كۆتۈڭنى غىت قىس، ئىنىم، ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويىمىز، ئۇ خەقنىڭ قاتناش قورالى قىس بولۇشى بىلەن چاتىقى نېمە؟ ئاشۇنداق، جەرىمانە ئېلىشنى بىلىدۇ، شۇ.

— ھەي، پۇلۇم بولىدىغان بولسا، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ ئاپتۇۋۇزدىن بىرنى سېتىۋېلىپ مۇشۇ ئارىلىقتا قاتناپ، خەقنىڭ پۇلىنى سېرىۋالاتتىم. ئۇ چاغدابېكەتنىڭ سېسىق ئاپتۇۋۇزىغا ئولتۇرىدىغان ئادەم چىقمايتتى.

— ھوي، ئۇكامۇي، سەن نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ خەق بۇنى ئويلىماپمىدى؟ يۇقارقى يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن سەككىزى بىرلىشىپ بىر ئاپتۇۋۇز سېتىۋېلىپ مۇشۇ ئارىدا قاتنىغانىدى، بېكەتتىكىلەر بىزنىڭ ئابرۇتىمىزغا تەسىر يەتكۈزدى دەپ ئەرز قىلىپ سولىتىپ قويىدى.

— يوقۇرىدىن قاتناش قۇراللىرىنى سېتىۋېلىپ تىجارەت قىلسا بولىدۇ، دەپ رۇخسەت قىلىۋاتسا، بېكەتتىكىلەرنىڭ نېمە قىلغىنى ئۇ؟ يا ئۆزى ھۆددىسىدىن چىقالماي، يا خەقنى كۈن كۆرگىلى قويماي،... شۇندامۇ ناھەقچىلىق بولامدۇ؟!

— بالا- دە، بالا،— دېدى بىرى مەسخىرىلىك،— يوقۇرىنىڭ ھۆججىتىغۇ ياخشى، لېكىن- زە، ئۇ تولۇق ئىجرا بولغىچە تۆۋەندىكىلەر كىشىنى زەردىگۆش قىلىپ بولىدۇ.

— چىشىمىز چىققاندىن بېرى ئۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى ئاز ئاڭلىدۇقمۇ؟ ئۇ گەپلەر شۇ ھۆججەتتە تۇرىۋېرىدۇ، دېگىنە.

— ...

ئاپتۇۋۇزدىن يېڭىلا چۈشكەن ھېلىقى سالاپەتلىك ئادەم يۈز- كۆزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، قىيسىق بولۇپ كەتكەن قۇلاقچىسىنى، تۈرۈلۈپ كەتكەن ياقا، پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قاتناش ساقچىسى بىلەن شوپۇر تالىشىۋاتقان تويقا قاراپ ماڭدى. ئۇ قىستاڭچىلىقتىن چىققىچە تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ بولغاچقا چاپىنىنىڭ ئالدى ئېچىلىپ، سوغۇق شامالدا لەپىلدەپ قالغان ئىدى، بۇ ھال ئۇنى بەكمۇ بىچارە كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى لىپىلداپ، كۆزلىرى غەزەپلىك يېنىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.

ئۇ ساقچىلارغا يېقىنلىشىۋىدى، ساقچىلار ئىچىدىكى ئەمەلدار سىياق بىرسى ئۇنىڭغا دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ:

— ۋۇي، بۇ جا مۇدىرغۇ، قاياقتىن پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟... پونكىتىمىزدىن كېتىپلا كونا پۇخرالىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزغۇ... — دېدى ئۇ باشلىقنىڭ قولىنى قوش قوللاپ سىقىپ ۋە قويىۋەتمەي تۇرۇپ.

— بولدى، بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ، مېنىڭ قانداق كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭ.

— نېمە، سىز بىر ياقىا چىققانمىدىڭىز؟...ھە، راست، ئىسىم قۇرىسۇن، سىزنىڭ يۇرتىڭىز توقاي يېزىسىغۇ دەيمەن؟... شۇ ياققا ماڭغانمىدىڭىز؟

— ھە، قېرىلارنى يوقلاپ كېلەي دېگەنتىم، مۇشۇ ئاپتوۇۋزغا چىقىپ قاپتىكەنمەن، مومامنى كۆرسەتتى، شۇنداق بولسىمۇ مېڭىپ كەتكەن بولساق ياخشى بولاتتى، ئىنتايىن زۆرۈر ئىشلىرىم باردى.

— ئاپلا، بايىزە، بۇ ئاپتوۇۋزدا مەنمۇ باردىم، دەڭ، كىم بىلدى دەيسىز، يا سىز مۇنداق گەپ دەپ تووۋلاپ قويماپسىز...

— ئۇنىڭ ئىچىدىكى كارامەتنى كۆرمەي سۆزلەۋېرىدىكەن. دە، مەن ھېلىغىچە قەيەرگە كېلىپ توختىغانلىقىمىزنى بىلمەي، ئۆزەمنىڭ جېنى بىلەن بولۇپ ئولتۇرسام...

— ئەستاغ، بايا سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى بىلمەي ئوقۇشماسلىق بولۇپتۇ. ئەمدى قويىۋەتسەك تازا ئوڭايسىز ئىش،... مۇنداق قىلايلى، سىز جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، بىز باشقا ماشىنىغا سېلىپ قويايلى.

— ...

شۇ چاغدا يەنە بىر ئاپتوۇۋز كېلىپ قالدى، ئۇنىڭدىمۇ ئادەم ئاز ئەمەستەك قىلاتتى.

— ھە، مانا سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ جايىغا چۈشىدىغان بولدى،— دېدى پونكىت باشلىقى جا مۇدىرغا، ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەنلا ساقچىلاردىن بىرى كېلىۋاتقان ئاپتوۇۋزنى توسۇش ئۈچۈن بايرىقىنى چىقاردى.

— ، نەچچە ئادەم بار؟،—دېدى ساقچى شوپۇرغا ھۆكىرەپ

— ھى... ئادەم تولۇق...



— گەپ يورغىلاتمىغىنا! ئارتۇق ئادەم قانچە دەپ سوراۋاتىمەن! ئىشىكنى ئاچە، تەكشۈرىمىز.

— بولدى، بولدى، تەكشۈرمىسەكمۇ بولىدۇ،— دېدى ساقچىلارنىڭ يەنە بىرى،— بىر ئادەم بار، توقاي يېزىسىغا ئاپىرىپ قويساڭ بولدى.

— توقايغا؟ مېنىڭ يولۇم ئەمەستە... مەن ئاۋۇ، ھېلىقى، ناھىيىگە بارىمەن ئەمەسمۇ؟...

— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن كەتسەڭ بولمىدىمۇ.

— بۇ تەتۈر يول تۇرسا، بېرىپ. كېلىش ئۈچۈن 40 كىلومېتىر ئۇشۇق يول ماڭىدىغان گەپ، مايغۇ بىر گەپ، بۇنىڭدىكى يولۇچىلار ئالدىراۋاتقاندا ئۇنداق قىلسام مومامنى بوغاز قىلىشىدۇ ـ دە.

— بولدى، جىق گەپ قىلما! جا مۇدىر، سىز يالغۇزمۇ ياكى باشقا ئادەملىرىڭىز بارمۇ؟— دەپ سورىدى پونكىت باشلىقى.

— يەنە ئىككى ئادەم بار.

— بۇ شوپۇر سىزنى ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى، ئاپتوۇۋزغا چىقىڭ.

— بۇ... بۇ مېنىڭ يولۇمدا بولسىغۇ تاشلاپ ئۆتۈپ كەتسەم گەپ كەتمەيتتى، ماڭا تەتۈر. دە... يەنە كېلىپ بېكەتتىكىلەر ئۇقۇپ قالسا... شوپۇرنىڭ ئىگراشلىرىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىدى.

— ئۇشۇق گەپنى قويغىنا، ھېلى تەكشۈرۈپ قالساق جەرىمانە تۆلىمەي قالمايسەن،... دەپ سالا قىلدى ساقچىلاردىن بىرى.

ئولتۇرىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا كابىنكىدىكى بىلەت ساتقۇچىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان كىشىنى قوغلاپ چىقىرىشقا توغرا كەلدى. جا مۇدىرنىڭ ئىككى ئادىمى ۋە ئىلگىرى بارلار بولۇپ 6 — 7 ئادەم كابىنكىغا جايلاشتى.

— ماقۇل ئەمىسە، كەچ بولۇپ قالغاچقا ياخشىراق ماشىنا ھەل قىلىپ بېرەلمىدۇق، سىز بېرىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن تېلېفون بېرىپ بىزنى خاتىرجەم قىلارسىز. ئەگەر ئاچالدا تاشلاپ كېتىپ قالسا ئالدىمىزدىن مىڭ ئۆتىدۇ، پايدىسى يوق... خەير ئەمىسە.

— خەير!

ئاپتوۇۋز قوزغالدى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا تاغ ئارىسىغا كىرىپ قارىسى يوقالدى.

ئاۋال توختىغان ئاپتوۋۇز تېخىچە قانۇن بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتاتتى. قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدىكى كەچقۇرۇننىڭ ئىزغىرىن شاملى، ئاپتوۋۇز ئەتراپىدا، دۈگدىيىپ تۇرۇشقان ئادەملەرنى چېقىپ ئۆتەتتى. شوپۇرمۇ بىر چەتتە تىنماي تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئاپتوۋۇزنىڭ ئىچىدىكىلەر بولسا تېخىچە قىيا- چىيا قىلىشىپ، بىر- بىرىنى ئەپسانە تىللىشاتتى. ئاللىقانداق چوڭقۇرلۇقتىن كىچىك بالىنىڭ بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ئۈچ نەپەر قاتناش ساقچىسى قانۇننى ئىجرا قىلىش يولىدا سوغاق شامالغا پەرۋا قىلماي، يول بويىدا دىققەت بىلەن تۇرىشاتتى.

1985- يىل، 11- فېۋرال

1985- يىل 4- ئاۋغۇست، ئاتۇش، شورۇق.



# كۆڭۈل شادلىق ئىزدەيدۇ

تاغ چوققىلىرى يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە ئاق لىچەك ئارتىپ، سۈس تۇمانغا پۈركىنىپ ياتىدۇ، ئاقۋاش تاغلار، قاتمۇ - قات تاغلارنىڭ، يېشىل تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا تولىمۇ ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغۋار تۇستە، بىر ئاز كەينىگە دارداىغاندەك كۆرىنىدۇ. ئەڭ يېقىن جايدىكى تۆپىلىكلەر ۋە پەس تاغلارنىڭ قىيالىرى قارىيىپ كۆرۈنسە، جىلغىلار، يارلار ۋە يان بېغىرلار قارىغايىزارلىق؛ تۆپىلىكلەرنىڭ باغرى بولسا رەڭگا رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن يېشىل پاياندار بىلەن قاپلانغان، بۇ يېشىل، گۈزەل دۇنيانىڭ ھاۋاسىمۇ نەمخۇش سالقىن، قىش پەسلى ئۇزۇنراق. رومانتىك خىياللارغا باي بۇ گۈزەل مۇھىت كەم- كۈتسىز مۇھەببەت دۇنياسى ! ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ سەيلىگاھى! ئازراقلا ھېسسىياتچان ئادەملەر بۇ مۇھىتقا دەسلەپ كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا تۇنجى مۇھەببىتىنى، يىراقتا قالغان مەشۇقلىرىنى ياكى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن «نىشان» لىرىنى ئەسلىرىگە ئالىدۇ. كۆڭۈلدىن ئىختىيارسىزلا «ئېھ ئەگەر، ... قېشىمدا بولغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن بۇ گۈزەل دالادا قىيغىتىپ يۈرسەم، تاغ گۈللىرىدىن گۈلدەستە تىزسام، تۆپىلىكلەردە چېپىشىپ ئوينىساق، جىرالاردىن شىرىلداپ ئېقىپ چۈشىۋاتقان شوخ سۇلارنى چېچىشىپ ئوينىساق...» دېگەن خىياللار كەچمەي قالمايدۇ. گۈزەللىك ئالىمىگە رەڭ قوشىماقچى بولغاندەك ئاپئاق يۇڭلۇق نەسىللىك قويلارنىڭ پادىلىرى سۈرەتلەردىكىدەك يانتۇراق كەلگەن چىمەنلىكلەردە ئوتلاپ يۈرىدۇ. يېشىل كىمخاپقا قادالغان تۈگمىلەردەك ئۇيەر- بۇيەردە چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى، تۇمان قويۇقلاشقان تاڭ سەھەردە ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە قويۇق ئاق ئىس ھورۇنلۇق بىلەن نەمخۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئەتراپقا قارىغاي ئوتۇنىنىڭ ۋە قۇرۇق تېزەكنىڭ دۈتى تارقىلىدۇ. يانتۇلۇقتىن شەرققە قاراپ يىراقلاشقانسېرى يەر يۈزى تەكشىلىنىپ بارىدۇ، بىراق يېشىللىق سۇسلاپ بارىدۇ. ئاشۇ تۈزلەڭلىكتە بولسا يېرىم كۆچمەن، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەرنىڭ كېسەكتىن قوپۇرۇلغان پاكار ۋە كۆرۈمسىز ئۆيلىرى مۇشۇ گۈزەل مۇھىتتا ئالاھىدە سەت بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ يېشىل زېمىننى قاق ئۇتتۇرىدىن بۆلۈپ، قاتمۇ ـ قات تاغلار ئارىسىدىن كېلىپ چىققان ئېقىن بىر تال يېشىل لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئېقىننىڭ گاھى يەرلىرى پىچاق بىلەن كەسكەندەك تىك، قورقۇنۇچلۇق يار، سۇ بولسا چەكسىز چوڭقۇرلۇق تېگىدە ئىڭراۋاتقاندەك شىرىلداپ ئاقىدۇ؛ گاھى يەرلىرى تەدرىجى تۆۋەنلىگەن يانتۇلۇق بولۇپ، مال ـ ۋاران ۋە ئادەملەرنىڭ ئاياقلىرىدا ئۇششاق چىغىر يوللار ھاسىل بولغان، ئېقىننىڭ ئىچىدە سۇمۇ كەڭ بوشلۇققا يېيىلىپ، ئاستا ئاقىدۇ، يۇلغۇن ۋە پاخپاق بالغۇن، تىكەنلىك زىرىق، بوز تىكەنلەردىن تەشكىل تاپقان ئۆسۈملۈك توپى ئېقىن ئىچىنى بۈككىدە قاپلاپ تۇرىدۇ. ئاياق يوللارنىڭ سۇدىن ئۆتىدىغان جايلىرىغا يوغان تاشلار تىزىلىپ، «چامدام كۆۋرۈك» ياسالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى جىمى نەرسە كىشىدە تۈگىمەس زوق، رومانتىك خىيال، شائىرانە ھېسلارنى قوزغىۋېتىدۇ! ئىھ، مۇشۇ دىياردا ياشايدىغان ئىنسانلار، كىگىز ئۆيلەردىكى ۋە پاكار كېسەك ئۆيلەردىكى ئادەملەر، سىلەر نېمە دېگەن بەختلىك! سىلەردە يەنە نېمە ئارمان بولسۇن؟

ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە بىر ئاقۇش لېنتا ئېقىن بىلەن پاراللېل دېگۈدەك سوزۇلۇپ، سويلاپ كېتىۋاتقان ئاق يىلاندەك ئاشۇ قاتمۇ ـ قات تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن، يول بىلەن ئېقىن ئارىلىقىدا ھاسىل بولغان يېشىل بەلۋاغنىڭ كېسەك ئۆيلەرگە ئۇتتۇر كېلىدىغان يېرىدە خىشتىن سېلىنغان چىرايلىق ئۆيلەر ھەم بىر قورغانچە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ھەمىشە ھەربىيلەرنىڭ شاۋقۇنى — مەشىق قىلغاندىكى ئاۋازلىرى، پاروللىرى، بۇيرۇقلىرى بۇ جىم ـ جىت دالاغا تارقىلىپ، جىم ـ جىتلىق باغرىغا سىڭىپ يوقۇلىدۇ، يول بويىدا ئۇلارنىڭ قاراۋۇللىرى ئۆتكۈنچى ماشىنىلارنى توسۇپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ چېگرا پونكىتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك پەيتلىرى بولۇپ، ئۆتكۈنچىلەر ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس، باشقا چاغلاردا ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە مەڭگۈ بۇزۇلماس دالا جىمىلىقى!

ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە قىزىل كۆينەك كىيگەن، ئاق كوپتىلىق بىر قىز پەيدا بولۇۋىدى، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان بىكارچى ھەربىيلەر گازارما ھويلىسىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرۈشتى.

— پاھ، ئايال! بىر قىز بولۇشى مۇمكىن!

— قانداقراق نېمىكىنە؟



— خۇدا بىلمىسە ئۇنى نەچچە قېتىم قېتىق ئىچىشنى باھانە قىلىپ باردىم، قىز تۇرماق بايتالمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ يەردە!

—قۇرۇپ كەتكۈر!

— ئۇ پەمىمدە ھېلىقى موللامنىڭ ئۆيىغۇ؟

— ھە، تاغلىقنىڭ ساراڭ مولللىسى!

— خۇتۇن كىشىنىڭ، ئەلۋەتتە ياشىراق خوتۇن كىشىنىڭ دىدارىنى كۆرمىگىلى بىر يىل بوپتۇ!

— خەپ ـ شۇك! كوماندىر كېلىۋاتىدۇ!

— بۇ نېمىلەر ئايدا بىر غىپپىدە ئۆيىگە يورغىلاپ تۇرىدۇ، شۇڭا بىزگە ئىنتىزام! ئىنتىزام!...

***

گازارما ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا يۇندا تۆككىلى چىققان ئاشپەز يىگىتمۇ قولىدىكى داسنى تۇتقىنىچە ئۆگزىدە تۇرغان «ئاي يۈزلۈك» كە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

«قانداقراق نېمىدۇ ئۇ؟ چىرايلىق بولسا كېرەك...» ئۇ شۇلارنى ئويلىدى. بۇ يەرگە ئۆگىزىدىكى قىزنىڭ كىيىمىدىن قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچنەرسە ئېنىق كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي، مەخمۇد، قېنى سەن! — ئاشخانا ئىچىدىن بىرسى ۋارقىردى.

— بىردەم تۇرغىلىمۇ قويمىدىڭ، ئاغزىڭغا... — غۇدرىدى ماخمۇد.

— نېمە سەن، ئالجىۋاتامسەن، ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىڭ؟

— مەن كۆرگەننى كۆرگەن بولساڭ سەنمۇ ئېلىشىپ قالاتتىڭ، جەزمەن...

ماخمۇد بىر خىل قىزغىنىش تۇيغۇسىدا نېمىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتمىدى.

ئۇ خوتەندىن پامىر ئېتىكىدىكى مۇشۇ ھەربىي قاراۋۇلخانىغا كەلگەندىن بېرى ئۆيىگە بېرىپ باقمىغانىدى. گازارمىدا بىر ۋىنۋورد ئەسكەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەر، كوماندىرلارمۇ بويتاق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسى — ھەتتا كوماندىرلارمۇ ياش ئىدى. ماخمۇد ئۇلارنىڭ

ھەربىرىنى ئائىلە ئەھۋالىنى، ئىچكى سىرىنى، تىنىقلىرىنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىغىچە يادقا بىلەتتى. يېڭىدىن- يېڭى نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇرۇپ تۇرغۇچى ھايات ئۇتتۇز نەچچە ئادەم بىلەنلا بىرگە بولۇشقا قانائەت قىلدۇرمايتتى. ئۇ دېگەن شاۋقۇنلۇق شەھەردە ئۆسكەن، كىنو تىياتىر، تانسا- ئولتۇرۇشلار قايناپ تۇرىدىغان، رەڭگا - رەڭ قىز چوكانلار، شوخ يىگىتلەر ئارىسىدىن كەلگەن، ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت، رەنجىشلەر، ھەسەتخورلۇق، ئۆز ئارا ئورا كولاشلاردىن زېرىككەن، ئەمدىلىكتە ھاياتنىڭ بۇنداق ئەگرى- توقايلىقى، رەڭگا- رەڭلىكى، رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن مۇھىتى، تەبىئىيلىك بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ بىرىكمىسى بولغان مۇرەككەپ مۇھىت ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھاياتتەك، ھايات ئەنە شۇنداق بولغاندىلا قىزىق ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

بۇ يەردە بولسا تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالاش، كەچكىچە تاماق ئېتىش، بىكار چاغلىرىدا گازارما ھويلىسىدا بىردەم ئايلىنىش، يول بويىدىكى قاراۋۇلخانىغا چىقىش، دەم ئېلىش كۈنلىرى يېقىن ئەتراپنى ئايلىنىش، شۇندىمۇ پەقەت كۈندۈزدىلا گازارمىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىناتتى. ئەتراپتىكى يەرلىك خەلقمۇ بۇلاردىن كۆپرەك ئەمەس ئىدى. پەس تاغلار ۋە ئىدىرلار باغرىدىكى بىر نەچچە كىگىز ئۆي بەزىدە تۆت بەشكە يەتسە، بەزىدە بىرىمۇ قالمايتتى. ئېقىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ پەقەت ئون نەچچە ئائىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭ قۇراملىق ئوغۇللىرى تاغ ئارىسىغا مال باققىلى كېتىپ يىل بويى ئاللىقانداق دەشتلەردە يۈرەتتى. قىزلارنىڭ زادىلا قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىر نەچچە قېرى موماي ۋە تاغلىقلارغا خاس قوپال يۈزلۈك، كۆمەچتەك قىزىل يۈزلۈك ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنى ھېساپقا ئالمىغاندا باشقىلىرى ئەرلەر، بوۋايلار ئىدى. بۇ ئوخشاشلا مۇھىت، ساناقلىقلا ئادەملەر ماخمۇدقا يادا بولۇپ كەتكەنىدى.

ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ئاشپەزنىڭ ئوغلى بولۇپ قالغىنى، ھۈنىرى ئەسقېتىپ، بۇ يەردە ئەڭ ئەركىن يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. باشقىلار بولسا بەلگىلەنگەن سائەت توشقان ھامان چىراقنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلىشى كېرەك، پاراڭلىششقىمۇ رۇخسەت يوق. كىچىلىك نۆۋەتچى ئوفتىسىرلار ھەرسائەتتە دېگۈدەك تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماشىنا ئادەملەردەك تاڭ سەھەردە بىر پۈشتەك بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھەربىي مەشغۇلاتنى باشلايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرى



كىرلىرىنى يۇيۇشى كېرەك. بەك قاقۋاشلىرىلا بىرە- يېرىم سائەت كۆز بوياپ، ئېقىنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، يەرلىكلەر بىلەن «بىرە قاپاقتىن» ئىچىشىپ، ئازراق قېتىق، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن «يەكشەمبىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىدۇ. قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام ئۇلارنىڭ بارلىق ئىچكى ئىنتىلىشلىرىگە چەك قويۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا كۆندۈرگەنىدى.

****

ئېقىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كېسەك ئۆيلەردە نېمىلەر بار؟ ئۇ يەردە قانداق ھايات قاينايدۇ؟ ھېكايىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئۆيلەر ھەققىدە ئارتۇق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرماي، بىر ئائىلە ھەققىدىلا گەپ قىلايلى.

گازارمىدىن قارىغاندا ئاندا- ساندا بىر قىزنىڭ ئۆگزىدە تۇرغىنى كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىزدەپ مەھەللىگە كەلسە ھېچكىم كۆرۈنمەيدىغان ئۆي ھەققىدىلا بايانىمىزنى باشلاۋېرەيلى.

شۇنداق، بۇ ئۆيدە ھەقىقەتەنمۇ بىر قىز باردى، بىراق، بۇ ئۆي ھەربىيلەر ئېيتقاندەك تاغلىقلارنىڭ موللىسىنىڭ ئۆيىدى. بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ زادى قايسى مىللەتكە تەئەللۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمايمىز. چۈنكى ئۇلار تىل جەھەتتىن ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە، تاجىكچە گەپلەرنى بىلىدۇ. ئۇلاردىن «قىرغىزمۇ سىلە؟» دەپ سورىسىڭىز، «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «تاجىكمۇ؟» دېسىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ «ھەئە» دېگەن جاۋاپنى ئاڭلايسىز. «ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ تەستىقلىغان جاۋاپنى بېرىشىدۇ. «مىللىتىڭلار نېمە؟» دېگەن سوئالغا «تاغلىق» دېگەن جاۋاپنى ئاڭلايسىز، ئۇلار ھەققىدە «تۈركمەن» دېگەن مىش - مىشلارمۇ بار، ھەرھالدا ئۇلار ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئادەملەر.

خوش، ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ھېلىقى موللامىنىڭ ئۆيىدە ھەقىقەتەنمۇ بىر قىز بار. ئۇنى بۈۋىسارەم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ باقاندەك ئۈچ ئاكىسى ياز بويى تاغ ئارىسىغا مال باققىلى كېتىدۇ. ئۆيدە ئىككى قېرى (بوۋاي، موماي) ۋە ھېلىقى قىزلا قالىدۇ. موللا شەھەر كۆرمىگەن، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ دالىدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئازراقمۇ تەرەققىپەرۋەرلىك يوق. شۇڭا ئۇ قىزىنى ھويلىدىن سىرتقا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزى دەرس بېرىدۇ، ئۇنىڭ

ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغىنى بوۋاي ۋە مۇماي، ئانىدا- ساندا كۆرىدىغىنى ئاكىلىرى ۋە قوشنا خوتۇنلار، قىلىدىغان ئىشى كونا كىتاپلارنى ئوقۇش، ئۇنىڭغا ئۆگزىگە چىقىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەقەت دادىسى تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن چاغلاردىلا ئۆگزىگە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ، بىچارە ئانا ئېرىنىڭ تاپىلاشلىرىغا قارىماي قىزىنىڭ نالىسىدىن ئېرىپ كېتىپ، قىزىنىڭ ئۆگزىدە تۇرۇپ ئەتراپنى كۆرۈپ بېقىشىغا ماقۇل بولىدۇ.

بۈۋىسارە ئۆگزىدە تۇرۇپ ئەتراپقا قارىغان چاغلىرىدا دۇنيانىڭ ئاجايىپ كەڭلىكىدىن ھەيران قالاتتى، ھەم سۆيىنەتتى. «ئىھ ئەگەر دۇنيادا تاغ دېگەن نەرسە بولمىغان بولسا، ئۇ تەرەپتە نېمىلەر بارلىقىنىمۇ كۆرۈپ باققىلى بولسا!...» ئۇ ھەمىشە شۇنداق ئويلايتتى. بىراق ئۇ ھويلىدىن چىقالمايتتى. خوشنا خوتۇنلاردىن شەھەرلەرگە بېرىپ كەلگەنلىرى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ ئاجايىپ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. شەھەر دېگەندە مىغىلدىشىپ يۈرگەن نۇرغۇن ئادەملەر بولارمىش، بەك چىرايلىق ماشىنىلار، ناخشىلار ياڭراپ تۇرىدىغان كانايلار، ئېسىل تاماقلار پىشىپ تۇرغان نۇرغۇن ئاشخانىلار، رەڭگا- رەڭ كىيىنگەن قىز- يىگىتلەر...

بۈۋىسارىنىڭ قەلبى چەكسىز كەڭلىكلەرگە تەلپۈنەتتى. قانىتى بولسا يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكۈسى كېلەتتى. كۆنسېرى يېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىچكى كۈچ ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرۈنىدىغان گازارمىدا مىدىرلىشىپ يۈرگەن ھەربىيلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىق كۆرۈنەتتى. شۇغىنىسى ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئۇلارنى تونىغىلى بولمىغاچقا ھەممىسى بىر ئادەمدەك غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. يېشىل چىمەنلىكتە ئۇلارنىڭ گەۋدىسى بىلىنمەيتتى، پەقەت مىدىرلاپ يۈرگىنىدىنلا ئۇلارنىڭ جانلىقلار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى. «تۇۋا، ئۇلار نېمىشكە ئۇنداق كىيىم كىيىدىغاندۇ؟ يىراقتىن خەق بىلىۋالمىسۇن دەمدىغاندۇ؟...» ساددا قىز بۇلارنى چۈشەنمەيتتى. گەرچە ئۇ نارېسىدە قىز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرگەن- بىلگىنى بەك ئازىدى، يېشى بولسا ئالىلىقاچان تاغلىقلارنىڭ توي قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ھەم كېيىن شەھەرلىكلەرنىڭ توي قىلىش يېشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى كۆپ ئادەم بىلمەيتتى. بىلگەنلەر بولسا ئۇنىڭ جۇدۇنى يامان دادىسىدىن ئەيمىنەتتى، ئۆزلىرىنى مۇناسىپ كۆرمەيتتى. بۇ مۇھىتتا ئۇنىڭدىنمۇ



ئۇلۇغراق بىرسى بولمىغاچقا، ھېچكىمنى ياراتمايتتى. بۇ ھال بۈۋىسارىنىڭ تەقدىرىگە كۆرۈنمەس كىشەنلەرنى سالاتتى.

بۈۋىسارىنىڭ يېشى زورايغانسېرى خوتۇنلارنىڭ ئەرلەر ھەققىدىكى بىر ئاز ئەدەپتىن چىققان، ئەمما ئاللانىمىسى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان، بىر ئاز سىرلىق پاراڭلىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەمىشە ئادەم خۇماداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھايات، تۇرمۇش ھەققىدە پاراڭ ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. ھاياتنىڭ سىرلىرىنى بىلگىسى كېلەتتى.

ئەمدى كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان سىرلىق بىر خىل ئىنتىلىش ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. بۇ قىينىلىشتا چۈشەنگىلى بولمايدىغان لەززەتلىك پۇراق باردى. ئەمدى ئۇ ئۆگزىدە مەھەللىسىدىكى بىرەر ئەر كىشىنى كۆرسە ئاجايىپ بىر خىل سىرلىق قىزىقىش بىلەن قارايدىغان، ئۇلارنى ئاياللىرى بىلەن قوشۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان، شۇ ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى سۆزلەپ بەرگەن چۈشىنىكسىز لەززەتنى ئاشۇ ئەرلەر بىلەن باغلاپ قارايدىغان بولدى. ئاياللار دەۋاتقان شۇ خىل سېزىمنى شۇلارنىڭ جىسمىدىن ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرىناتتى. بۇ قوپال، توڭ، سوغۇق مىجەزلىك كىشىلەردە ئاياللىرىنى شۇ قەدەر سۆيۈندۈرەلىگەن قانداق خىسلەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمەي ھەيران بولاتتى.

****

ماخمۇد بۇ گازارمىگە كەلگەندىن بېرى ئۆگزىدىكى جاناننى بىر نەچچە قېتىملا كۆرگەننى ھېساپقا ئالمىغاندا قىز- چوكانلارنى يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ شەھەردىكى ۋاقتىدا تولىمۇ شوخ يىگىت ئىدى. تانسىلاردىن قالمايتتى. مۇھەببەتمۇ تۇتقانىدى. ھەتتا ئۇ ياشلىق- بەخۋاشلىق دەپ، «ئەگرى يول» لارغىمۇ مېڭىپ باققانىدى. شۇڭا ئۇنى يېتىلگەن تەننىڭ تەبىئىي ئىنتىلىشى، شۇنداقلا بىر چاغلاردا باشتىن كەچۈرگەن ھۇزۇرلىنىشنىڭ خۇمارى قىينايتتى، ھەتتا كاللىسى قوداڭشىپ گاڭسا بولۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ باردى.

ئۇ ھەمىشە ئېقىنغا سۇ ئالغىلى كىرگەندە سۇ بويىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالاتتى. سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاللىكىم ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ

ئۇلتۇرغاندەك شىرىن سۆزلەرنى پىچىرلايتتى. ئېقىندىن ئۇ تەرەپكە چىقىدىغان چىغىر يولغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىدا هامان بىر شېرىن خىيال ــ هېلىلا شۇ تەرەپتىن چېلەك كۆتۈرۈپ بىر قىز، (بىر ئايال، بىر ياش، چىرايلىق چوكان) چۈشۈپ كېلىدىغاندەك، ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كېتەتتى. بۇ تەسەۋۋۇرنى مۇهتىنىڭ گۈزەللىكى، خالىلىقى، جىمجىتلىقى، ئادەم كىرىپ كەتسە تاپقىلى بولمايدىغان بۈككىدە چاتقال ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغانلىقى... قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغىنىدا بۇ خىيالى هازىرلا ئىشقا ئاشىدىغاندەك، هەتتا ئۇنىڭ تەرتىپى قانداق بولىدىغانلىقىغىچە ئويلاپ كېتىپ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ، بولغۇسى شادلىق تۇيغۇسىدىن لەرزىگە كېلەتتى...

بۇ خىياللاردىن باش كۆتۈرگەندە بولسا ئۆزىنى يەنە سۇ بويىدا تەنها كۆرەتتى- دە، مىسلىسىز چۈشكۈنلۈك هېس قىلىپ، هېرىپ كەتكەندەك بوشىشىپ بىچارە بولۇپ قالاتتى، بىراق ئۇ يەنە هامان بىر كۈنى مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇ يەردە بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈپ، چېلىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كېتەتتى.

كەچتە يەنە ئازابلىق ئويقۇسىز كېچىلەر، خىيالغا، تەسەۋۋۇرغا باي كېچىلەر باشلىناتتى. بىراق، ئۇنىڭدا پات- پاتلا «شۈكرى»قىلىش پىكرىمۇ باش كۆتىرەتتى. چۈنكى ئۇ باشقا جەڭچىلەرگە قارىغاندا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىختىيارى هەرىكەت قىلالايتتى. چىراقنى كېيىنرەك ئۆچۈرسىمۇ بولاتتى. ئەتىگەندە تۇرۇپ ئوچاققا ئوت قالايدىغان بولغاچقا بەزى كۈنلىرى ئۇخلىيالماي قىينالغاندا يېرىم كېچىدىلا تۇرۇپ كېتىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ ئاللىقانداق تەييارلىق ــ ئوتۇن يېرىش، خېمىر تۇرۇچ تۇتۇش... دېگەندەك ئىشلار بىلەن مىلىكە بولاتتى ياكى ئوچاق ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى . باشقا جەڭچىلەر ئۇخلاش ۋاقتىدا ياتاقتىن چىقىشقا هېچقانداق ئىمكانىيەت تاپالمايتتى ...

*****

بۇۋىسارىنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قالدى . توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ قېرىلىقتىكى سۆلىسىزلىك بولۇپ، ئۇ ماغدۇرسىزلىق، تېلىش هېس قىلاتتى،



بىر يېرى ئاغرىغاننىڭ تايىنى يوق ئىدى. دادىسى تاغ ئارىسىغا «كەسپىي» ئىشلىرى بىلەن كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە تازىمۇ قىيىنچىلىق باشلاندى.

ــ سۇ ئەكىرەيمۇ، ئانا؟ــ سورىدى بۇۋىسارە، ئۇنىڭدا ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەش خاهىشىدىن باشقا تالا- تۈزگە چىقىپ بېقىش ئىستىكىمۇ كۈچلۈك ئىدى.

ــ قوي، دادالڭ ئۇقسا هەرئىككىمىزگە ياخشى گەپ يوق، ئۇندىن كۆرە ئۆگزىگە چىقىپ قوشنىلاردىن بىرەسىنى تۇۋۇلا، كىرگەندە ئۆزەم ئۇنىڭغا ئېيتىمەن، سۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ.

دەسلەپكى كۈنلىرى ئەنە شۇنداق بولدى، بىراق پاقاندەك بىر قىز تۇرغان ئۆيگە «ئىمكار» بولۇش قوشنىلارغىمۇ خوش يېقىۋەرمەيتتى. دالادا ئوتلاۋاتقان مال ۋارانى قورۇغا سولاش، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن ئوتۇن ئېلىپ كىرىش قاتارلىق ئىشلارمۇ باردى. ئىلاجىسىزلىق هەم قىزنىڭ كۆڭۈل خاهىشى ئانىنى بوي ئەگدۈردى. دەسلەپ ئۇ مال- ۋارانى هەيدەپ كەلگىلى، ئوتۇن ئېلىپ كىرگىلى چىقتى. كېيىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل جۈرئەت بىلەن چېلەكنى ئالدىدە، ئېقىنغا سۇ ئېلىشقا چۈشتى. بۇ مانا شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەن، هېچنىمە بولغىنى يوق، پەقەت مەهەللىدىكى يىگىتلەردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭغا سىرلىق قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇشىدى، بۇ ئۇنىڭغا هەم سىرلىق، هەم ئاچچىقنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ كۆرۈندى، بىراق ئاچچىقى كېلىش بىلەن بىرگە ئاللىقانداق بىر ئىسسىتەك بۇنداق سىرلىق كۈلكىنىڭ قايتىلىنىشى تىكىلگەندەك بولدى.

***

ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئۇلۇغ بولغان ئاساسى ئىمپۇلسلار ــ ئاچلىق ۋە باشقىلار بارلىق هايۋانلارغا ئوخشايدۇ، بۇلار: يېمەكلىك ۋە جىنسىيەت ئىمپۇلسى ــ ئاچلىق ۋە مۇهەببەت ئىمپۇلسى.

ــ«جىنسىيەت پىسخىكىسى»

تەقدىر ئاخىرى مەخمۇدنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلدى. سۇ بويىدا ھاڭقىيىپ تۇرغىنىدا ئۇ تەرەپتىكى يان باغرىدىن چىغىر يول بىلەن بىر قىز چۈشۈپ كەلدى. ئۇ خۇددى سۆزلىشىپ قويغان كىشىسى كېلىۋاتقاندەك ۋۇجۇدى دىرىلدەپ، بىرەر كونكېرت پىلان تۈزۈۋېلىش، دەيدىغان گەپلەرنى چاپسانلا مەخسەتكە بۇرىيالايدىغان قىلىپ تىزىۋېلىش كويىدا ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان بولسىمۇ، ئۇي پىكرى قالايمىقانلىشىپ، ھېچنىمىنى يىپقا تىزالمىدى. قىز ئۇنىڭ قارشى تەرىگىلا كېلىپ قالغان چاغدا ئۇ تېخىچىلا شۇ خىل روھى قالايمىقانچىلىق ئىلكىدە ئىدى.

ئۇ ھەمىشە بىرسى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالسىلا ئۇنىڭغا شوخلۇق بىلەن چاقچاق باشلاپ كېتىدىغاندەك، گەپتان، مەدداھلاردەك، يادا بولۇپ كەتكەن، مۇشۇنداق پەيتلەردە كۆپ ئىشلىتىلدىغان سۆزلەرنى ياغدۇرىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمدىلىكتە تىلىنى ئاللىقانداق ئېغىر بىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك سۆزلىيەلمەيلا قالدى. شۇندىمۇ ئۇنىڭ ئەڭ سەگەك نېرۋىلىرى : «چاپسان! چاپسان! بولمىسا كېتىپ قالىدۇ!...» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. قېرىشقاندەك جىددىيلەشكەنسېرى ئۇنىڭ يادىغا ھېلىقى قاپىيىداش چىرايلىق سۆزلەرنىڭ بىرسىمۇ كەلمەيتتى. قىز بىرىنچى چېلەككە سۇ ئېلىپ تۈزراق يەرگە توختىتىپ قويۇپ، ئىككىنچىسىنى سۇغا چۆكۈرگىلى باشلىغاندا ئۇنىڭ ئالدىرىشى چەككە يەتتى. ئەسەبلىرى تارتىشىپ قالغاندەك بولدى!

بىراق ئۇ يەنىلا لايىقىدا سۆز تېپىپ قېلىشتىن تولىمۇ يىراق بولۇپ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن يەرگە ئىتتىك ئېڭىشىپ ياڭاقتەك بىر تال تاشنى ئالدى ـ دە، سۇغا ئېڭىشىۋاتقان قىزنىڭ ئالدىغا ئاتتى!...

يۈزى ۋە كۆكرەكلىرىگە مۈزدەك سۇ چاچرىغان بۇۋىسارە چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى، چېلەكمۇ سۇغا تولمايلا سۇ يۈزىدىن ئۈزۈلدى، ماخمۇد بولسا قىلىپ سالغان تېتىقسىزلىقىدىن تېخىمۇ بەتتەر چۆچۈپ، بىر خىل يېقىمسىز ھېجىيىش بىلەن قىزغا قاراپ قالغانىدى. ئۇ شۇندىلا قىزنىڭ سەپكۈن يۈزلۈك، بىراق تىگى كۆمەچتەك قىزىرىپ تۇرغان، گۆشلۈك، لۇپۇلدىما يۈزىگە، تاغلىقلارغا خاس ئۆتكۈر، بۈركۈت كۆزىگە قۇلاقلىرىدىكى زىيادە يوغان ۋە سۈپەتسىز زىرىسىگە، ياقىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق بويۇنلىرىغا سەپ سېلىشقا باشلىدى. قىز شەھەردە بولسا «بىر قاراشقىمۇ» ئەرزىمەيتتى. بىراق، شۇ تاپ قىزنىڭ سېمىز،



لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىلىرى، بولۇپمۇ كوپتىسىنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكتىن خېلى يەرگىچە كۆرىنىپ تۇرغان مەيدىسى، چىڭ ۋە يۇمرانلىقى بىلىنىپ، سېمىزلىكىگە يارىشىپ تۇرغان كۆكسىگە قارىغاندا نېمەتنى كۆرگەن ئاچ يىرتقۇچتەك، بىر خىل ئىچكى ۋەسۋەسىدىن ساراڭ بولايلا دەپ قالدى.

قىزمۇ ئۇنىڭغا زەڭ قويۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەربىي فورمىسى ئالدىغا پەشتاما تارتقان، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، قارىماتاق، ساقاللىرى تىكەندەك چىقىشقا باشلىغان، كۆزلىرىدىن ياۋايىلارچە تەلۋە نۇر چاقناپ تۇرغان بىر يىگىت تۇراتتى. ھەرئىككىسى شۇ جىنسنىڭ چىرايلىقلىرىدىن ھەتتا ئوتتۇرا ھاللىرىدىن ھېسابلانمايتتى.

ــ ۋىيەي، بېشىمنى يېرىۋەتمەكچىمىدىڭىز؟ ــ دېدى قىز چاقچاقنى چۈشەنمەيدىغان تەتۈرلۈك بىلەن.

يىگىت ئەمدى سەل ئۆزىگە كېلىشكە باشلىغانىدى.

ــ بېشىڭىزنى نېمىشكە ياراي؟ خۇدادىن تىلەپ ئاران دېگەندە بۈگۈن دىدارىڭىزنى كۆرىۋاتسام، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

ــ تاش ئاتتىڭىزغۇ ئەمسە؟ تەگمەي قالسىلا شۇنداق دېۋېلىپ...

ــ تاش ئاتقان بىلەن قاش ئاتقان ئوخشاپ كېتىدۇ، خېنىم.

ــ قاش ئاتقان؟ ۋىيەش، بۇ نېمە دېگەن گەپ ئەمدى؟

ــ بىلمەمسىز، ئاپپاق قىز؟ مانا مۇنداق، مۇنداق قىلغاننى قاش ئاتقان دەيدۇ.

ــ ئۇ نېمە قىلىق؟

ــ بۇ كۆڭۈلنى ئاشكارىلاشنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرىدىن بىرى.

ــ قىزنىڭ كۆڭلى مۇقەددەس بىر سىر يوشۇرۇنغان كويىقاپ ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا، كۆڭلى ئاللىقانداق بىر نېمىنى تۇيدى. ئۇنىڭ ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشى پاراڭلىشىشى بولۇپ باقمىغان ئىش بولغاچقا ئاڭلىمىغان گەپلەرنى كۆپرەك ئاڭلىغۇسى بار ئىدى.

ــ ۋىيەش!...

ــ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەنسىز؟

ــ نېمىنى؟

ــ كۆڭۈل سىرىمنى.

— قانداق سىر ئۇ؟

بىر خىل ياۋايى جۈرئەت ماخمۇدقا تۈرتكە بولدى، قىزنىڭ تاغلىقلارغا خاس تومتاق، ساددىلىقى، ناز- كەرەشمىنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەردى. ئۇ سۇدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ئۇ ئۆتىشىگىلا قىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالدى. مېنى ئۇرماقچى ياكى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى دېگەندەك ۋەھىمە ئۇنى دەرھال ئارقىغا داجىتقان بولسىمۇ، يەنە ئاللىقانداق كۈچ، پەپىلەشنى كۈتۈش، ئىلگىرى بولمىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۇنى توختىتىپ، قېچىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇنىڭ ئارقىغا ئۆرلىشى بىلەنلا تولغان ساغرىسى تېخىمۇ روشەن بىلىنىپ ماخمۇدنى ئۆزىنى تۇتالماس ھالغا كەلتۈردى - دە، توم كالپۇكلىرىغا تۇمشۇقىنى سوزدى.... ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، قىزنىڭ يۇلقۇنۇشلىرىغا قارىماي، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىمۇ ئۆزىگە قارىتىپ، بايا كاللىسىنى ئىلىشتۇرۇۋەتكەن قوش ئالمىدەك چىڭ كۆكسىگە كۆكسىنى يېقىپ، قىزنى ئۆزىگە قاتتىق تارتتى.

ماخمۇدنىڭ ئاللىقانداق بىر خىل خۇمارى قانغاندەك، ئەسەبىلىرى جايىغا چۈشكەندەك بولغان بولسىمۇ، نېمىدۇر بىر نەرسە، تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىشى چالا قالغاندەك تۇيغۇ بىلەن قىزنى قويىۋەتتى ۋە دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، قىزنىڭ بايا سۇ ئېلىنمىغان چېلەكىگە سۇ ئېلىپ تۈز جايغا قويۇپ قويدى- دە، سۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم قىزنىڭ ساغرىلىرىغا قارىۋالغۇسى بولسىمۇ، قارشى تەرەپنى قىزىقتۇرۇش، تەلپۈندۈرۈش ئۈچۈن دەرھال كۆزدىن غايىپ بولۇش لازىملىقىنى بىلەتتى. شۇڭا چېلەكنى كۆتۈرۈپ يانتۇلۇقتىكى چىغىر يول بىلەن يوقۇرىغا چىقىپ كەتتى.

قىز تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىر خىل تەرىپلىگۈسىز لەززەتلىك ھارارەت ساقلىنىپ قالغانىدى. پۈتىنىڭ ئۈچىدىن كىرگەن تىترەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىگە چىققاندا بىر ئاز ۋاقىت تۇرغاندەك بولۇپ، ئارقا مېڭىسىنى غوڭۇلدىتىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھاياجاننىڭ يادروسى يوقالغان بولسىمۇ تېخىچىلا خۇدىنى بىلمەي ئېسەنكىرىگەن ھالدا تۇراتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئالدىدىكى ئىشلار خىيالىدا ھەربىر قايتىلانغاندا بىر خىل تەڭداشسىز شادلىق يۈرىكىنى پەپىلىگەندەك، ھاياتىغا ئاللىقانداق يېڭى مەنا قوشۇلغاندەك، ئەمدى ئۇنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ يېقىملىق ئىچ پۇشقى، كۈنلەر ۋە تۈنلىرى ئۆزىنىڭ شەكىلسىز



جىسمى بىلەن لىققىدە تولدۇرۇپ، زېرىكىشكە ئورۇن قالدۇرمايدىغان ئاللىنېمە ئىگىلىگەندەك تۇيۇلدى...

ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ ھەرئىككى چېلەكنىڭ سۇغا لىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىر ئاز ھەيران بولدى. «بايا ھەرئىككىسىگە سۇ ئالغانمىدىم ياكى مېنىڭ يېڭى شادلىقىمنى تەبرىكلەپ غايىپ روھلار تولدۇرۇپ قويدىمۇ؟ ئۇنداق بولغاندا چېلەكتىكىسى باشقا بىر نەرسە، ئابىھايات بولىدىغۇ؟...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنى ھەممە ئىشنى باشتىن ئويلاپ كۆرۈشكە ئۈندىدى. ئەسلىدە بىر چېلەككە سۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. «ھە... ئەسلىدە...» دەپ ئويلىدى ۋە شۇئان يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. كۆز ئالدىدىن چۈشىدىكىدەكلا غايىپ بولغان يىگىتنىڭ شۇنچىلىكلا ئىشى گويا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىۋالغانغا تەڭ مېھرىبانلىقتەك ئۇنى ئىللىق پەپىلەش سىلاپ ئۆتتى. سۆيۈنۈشتىن يەنە يۈرىكى لەرزىگە كەلدى.

ئەمدى چاپسانراق ئۆيگە قايتىپ كېتىپ، ئوڭچە ئولتۇرۇپ، ھەممىنى يېڭىۋاشتىن ياخشىراق ئويلاپ كۆرۈش كېرەك ئىدى. شۇنداق، دەل شۇنداق قىلىش كېرەك!

ئۇ ئەمدى قوشنا ئاياللارنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قېلىپ ئولتۇرمايدۇ، خۇددى ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلاردا كۆرگەن چاغدىكىدەك ھاڭقىيىپ، ھەسەت ئارىلاش ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇمۇ شۇلار ئېرىشكەن نەرسىگە ئېرىشتى؛ ئۇنىڭدىنمۇ باشقىلاردا بولغىنى ئۇنىڭدىمۇ بار!

*****

ماخمۇد ئەمدى يېقىن كەلگۈسىدە ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغانلاردا بولىدىغان روھى ھالەت بىلەن جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ، ئىشقا ئانچە قولى بارماي، ئالدىراش سەپەرگە جابدۇنغان كىشى ئاپتۇۋۇز كۈتكەندەك تىت - تىتلىق ئىلكىدە ياشاشقا باشلىدى.

بىراق تەقدىر ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىنى چاپسانلا ئۇنىڭغا بەرمىدى. بىر نەچچە كۈنگىچە سۇ بويىدا ھاڭقىيىپ تۇرۇپ، ئۇزاق كۈتكەن بولسىمۇ قىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ تۈنجى سۆيۈشتىن كېيىن ئاياللارنىڭ

ۋۇجۇدىدا بولىدىغان تەلۋە تۇيغۇلارنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ «ئاخىر جەزمەن ئۇ جايىدا تۇرالمايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى.

ئۇ ئوچاق ئالدىدا سەزمەس بولۇپ قالغاندەك تۇرغىنىدا بىردىنلا بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى سەزگۈ «قارا» دېگەندەك زايا بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىگە قارىۋىدى، ئۆگزىدە تۇرغان قىزغا كۆزى چۈشتى. ئۇ قىزنىڭ گەۋدىسىنىلا كۆرەلىدى. يوغان ھالقىسى، توم كالپۇكلىرىلا ئەمەس، تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولغان كۆكسىمۇ بىلىنمەيتتى. قولى تېگىپ كەتكەندە تېنىگە ئاللىنېمە شۇرۇلداپ تارقىلىپ كەتكەن مىلىق-مىلىق ساغرىسى تېخىمۇ بىلىنمەيتتى. ھەتتا ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ تۇرغىنىمۇ بىلىنمەيتتى. بىراق، ئۇ تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرەتتى. «مەن سۆيگەن جايلىرى ئەنە ئاۋۇ يېرى»، «كۆزى ئۇنىڭ يۇقۇرىدىراق»، «ھەۋەس قوزغايدىغان كۆكسى پەستە،... شۇ ئەتراپتا...» دەپ ئويلايتتى. قىز ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر بىشارەت، بۇ جەزمەن بىشارەت، ئۇ ئەمدى ئېقىنغا چۈشىدۇ...» شۇلارنى ئويلىغان ماخمۇد، دەرھال ئاشخانىغا كىرىپ، ئۈستىنىغا تۇيدۇرماي، سۇلارنى چېچىۋېتىپ، چېلەكلەرنى قۇرۇقداپ كۆتۈرۈپ ماڭدى.

خۇدايا تۇۋا! ئۇنىڭ دىلىغا سالغاندەكلا بىر ئىش بولدى! ھەرئىككى تەرەپتىكى يانتۇ قىرغاقتىن ئىككى بەڭۋاش چۈشۈپ كەلمەكتە. ماخمۇد ئالدىرايتتى، چاپسانراق سۇ بويىغا چۈشۈپ، قىزنى كۈتۈپ تۇرغىسى كېلەتتى. بىراق، ئۇ «ئىش كۆرگەن» بولغاچقا بەڭۋاش تۇيغۇلىرىنى مەجبۇرى تىزگىنلەپ، ئۆزىنى ئانچە ئالدىرمايدىغاندەك كۆرسىتىپ، قەدىمىنى ئاستىلىتىۋالدى، قىز سۇ بويىغا ئاۋال يېتىپ كەلدى.

ئىككىسى سۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇچراشتى، «لەپ» ئېتىپ قاراشتى- دە، كۈلۈمسىرەشتى، ئىككى كۆزدىن كۆرۈنمەس يالقۇنلار چېچىلىپ كەتتى. ھەرئىككى كۆزنىڭ ئالدىدا تەڭداشسىز گۈزەل جان ئىگىسى تۇراتتى. يۈزدىكى سەپكۈنلەر ئەسلىدە شۇ يۈزنىڭ ئۆزىگە خاس زىننەتلىرىدەك، ئۇنىڭسىز بۇ يۈزمۇ تولىمۇ بىچارە كۆرىنىغاندەك؛ ئۇنىڭ يوغان ھالقىسى دەل ئۇنىڭغا باب كەلگەندەك؛ ئىسكەتسىز ھەم رەڭگى ياخشى تاللانمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايدا بىر قېتىممۇ يەڭگۈشلەنمىگەچكە كىر بېسىپ كەتكەن كىيىملەر ئۇنى تەبىئىي، ئاددى ھەم بەلەن قىلىپ كۆرسىتىشتە كەم بولسا بولمايدىغاندەك، گۈزەللىكىمۇ



دەل ئاددىلىقتا، تەبىئىلىكتە ئەڭ ياخشى ئىپادىلەنگەندەك، بۇ دەل شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈردەك تۇيۇلاتتى.

يەنە بىر يۈزنىڭ قارىماتاقلىقى ئۇنى كۈچتۈڭگۈر كۆرسىتىپ تۇرغاندەك، ساقاللىرىنىڭ كىرپە تىكىنىدەك يىرىك بولىشى يىگىتلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى بەلگىسىدەك بىلىنەتتى.

— ھەركۈنى كەلدىم، ئۇچرىتالمىدىم،— دېدى قىز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، بىراق يەنە ئوغرۇلۇقچە قاراشتىن ئۆزىنى تۇتالماي.

— مەنمۇ كەلدىم،— دەپ ھىجىيىپ جاۋاب بەردى ماخمۇد.

— مەن كۆرمىدىمغۇ؟

— سىزنى كۆرسۇن دەپ كېلەمتىم، قاچان سۇ تۈگىسە شۇ چاغدا كېلىمەن - دە، ماخمۇد قاقۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئاخىرى بۈگۈن سىزنى كۆرسۇن دەپ ئۆگزىدە قاراپ تۇردۇم، ئاندىن كەلدىم، ياخشى سىزمۇ كەپسىز...— قىز نازنى بىلمەيدىغان گوللۇق بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى.

— ئۆگزىگە چىقىپ تۇردۇم دەمسىز؟ ھازىرمۇ؟ كۆرمەپتىمەن، ئۇستام سۇ ئەكەل دەۋېرىدۇ، دەۋېرىدۇ، ئاخىرى بوپتۇ دەپ كېلىشىم ئىدى.

قىزنىڭ ۋۇجۇدى شۇركىنىپ كەتتى، «ئۇ مېنى زادىلا ئويلاپ قويماپتۇ- دە؟...»

— كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەي... ئاجايىپ بولۇپ چىقتىم... تىت- تىت بولۇپ كەتتىم... دادام ئەتە كېلىدىكەن،... ئۇ كەلسە مېنى تالاغا چىقارمايدۇ...

بۇ گەپ ماخمۇدقا چاقماق چاققاندەك تۇيۇقسىز تەسىر قىلدى، بىراق ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي قاراپ تۇرىۋەردى.

قىز ئالدىنقى قېتىم يىگىت سۇ ئېلىپ قويغان چېلەكنى كۆرگەندە چەكسىز بەختىيارلىق ھېسسىغا چۆمگەنىدى. مۇشۇ ھاياجانلارغۇچى تۇيغۇنى قايتا باشتىن كەچۈرگۈسى كېلىپ:

— چېلىكىمگە سۇ ئېلىپ بەرسىڭىزچۇ،— دېدى.

پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان يىگىت سۇدىن ئاتلاپ ئۆتتى - دە، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىپ تۇز يەرگە توختىتىپ قويىۋىدى، قىزغا بۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك تاتلىق، مېھرىبان بىلىنمىدى. ئاددىلا بىر ئىشتەك تۇيۇلدى. ئۇ بۇ ئىش ھەققىدىكى

خىيالنى تۇگەتمەيلا يىگىتنىڭ ئوتلۇق قۇچىقىغا كىرىپ قالدى، ئالدىنقى قېتىمدا ئالدىراشچىلىق ۋە يەنە يېڭىلىقتا بولىدىغان مۇرەككەپ تۇيغۇلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ قېلىپ، دەل شۇ ئىش بولىۋاتقان ۋاقىتتا لەززەت ھېس قىلىش يادىغا كەلمەي، كېيىن ھاياجانلانغان قىز، ئەمدى سۆيۈشلەرنىڭ لەززىتىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— يۈرۈڭ، يۇلغۇن ئارىسىغا كىرىپ كېتەيلى، بىرسى كۆرۈپ قالمىسۇن،— ماخمۇدنىڭ ئوتلۇق نەپسى ئۇرۇلۇش بىلەن بىللە پىچىرلىغىنى ئاڭلاندى.

قىز ئۆز ئىختىيارىنى يوقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چىرمىشىلىق پېتى قويۇق يۇلغۇنلار ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى...

ماخمۇدنىڭ ئالدىدا ئىزا ئارىلاش خۇش كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىز، نەم توپا، لايلار يۇققان كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىزنىڭ كۈلۈمسىرىشى بەكمۇ سەت كۆرۈندى، سەپكۈن باسقان يۈزى تولىمۇ كۈرۈمسىز، كىيىملىرىمۇ زادىلا ياراشمىغان، ساغرىسى ۋە كۆكسىمۇ ھاياسىز بىلىنىپ كەتتى. توم كالپۇكلىرىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتكىنى يادىغا كەچكەن ھامان، ئۆز- ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسىدىن ئىزا تارتىپ كەتتى. ھەتتا ھۆ قىلغۇسى كەلدى.

قىز بولسا، تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇپ كەتكەندەك ئاجايىپ بىر خىل نازاكەت بىلەنئۇنىڭغا قارايتتى.

— ئەتە دادام كەلسە مەن تالاغا چىقالمايمەن، قورقمىسىڭىز كېچىسى ئۆيگە كېلىڭ. ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئېغىل بار، ئۆگزىسى پاكار، ئاسانلا چىققىلى بولىدۇ، مەنمۇ ھەمىشە ئوتۇن تاشلىغىلى چىقىمەن، ئۇ يەردىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقماق تېخىمۇ ئاسان، ئۆگزىدىن شوتا بىلەن ھويلىغا چۈشسىڭىز مەن ئۆزۈم يالغۇز بىر ئۆيدە ياتىمەن، ھوجرام ئايرىملا، بىلىنىپ تۇرىدۇ... ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئاچمىسىڭىز يامان سەت غىچىرلايدۇ، بېشىڭنى يەيدىغاننىڭ ئىشىكى!...

— ئېرىڭىزچۇ؟

— ئېرىم يوق، مەن تېخى ياتلىق بولمىدىم.

ماخمۇد بۇ سۆزلەرنى ئاللىقانداق بىر مەنىۋى قەررزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈنلا زورمۇ - زور ئاڭلاپ تۇراتتى. كۆڭلىدە چاپسانراق كەتكۈسى كېلەتتى. ئەمدى يەنە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش تەسەۋۋۇرىغا سىغمايتتى.



*****

ماخمۇدنىڭ قەلبىدە ئويغانغان چوڭچىلىق، ئۆزىنى پەسلىشىپ كەتكەندەك، ناچار نەرسىگە ئۆزىنى بۇزغاندەك ھېس قىلىش تۇيغۇسى چاپسانلا غايىپ بولۇپ، يەنە ئەسەبىي خىياللار، تەلۋىلەرچە ئىنتىلىش ئۇستۈنلۈككە چىقتى. ئۇ ئەمدى بۇۋىسارىنى تېخىمۇ قاتتىق سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سېغىنىشلىرى، ئىستەكلىرى ئەمدى كونكرت كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭدىكى ئەسەبىي ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتاتتى. ئۇ ھەرقېتىم سۇغا بارسا ھېلىقى يۇلغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ باقاتتى. گەرچە بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىسىمۇ قەدەملىرى ئىختىيارسىزلا شۇ تەرەپكە كېتەتتى.

ئەمدى ئۇ كېچىسى ياتالمىغان چاغلىرىدا بۇۋىسارىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى، ئۇنىڭ بىلەن رەسمى ئەر- خوتۇنلاردەك ئورۇنغا كىرىپ يېتىشنى، تولىمۇ ئالاھىدە بولغان كۆكسىنى ھېچقانداق توسالغۇ، پەردە بولمىغان ھالدا كۆكسىگە يېقىشنى ئويلاپ، ئېلىشىپ قالغۇدەك بولدى. ئۇنىڭغا بۇۋىسارىنىڭ كۆكسى ھەرقانداق شەھەر گۈزەللىرىنىڭكىدىن ياخشىراقتەك، ئۇلارنىڭ سۈنئىي چوخچايتىلغان بولسا، بۇنىڭ تەبئىي شۇنداقتەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ «ئالمىلىق باغ»دا چاپسانراق قېيىقتىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ كېچىلىرى نەچچە قېتىملاپ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ھازىرلا مېڭىش نىيىتىگە كېلەتتى- يۇ، نېمىدۇر بىر نەرسە — ۋەھىملىك بىر نەرسە، مەڭگۈ قاراڭغۇلۇقتىن بىشارەت بەرگۈچى بىر نەرسە ئۇنى چەكلەپ تۇراتتى. زادى نېمە شۇنداق ۋەھىملىك كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىۋاتقان؟ نېمە ئۇنىڭ كۆڭۈل خاھىشىنى بوغۇپ تۇرغان؟ نېمە ئۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان راھەت، شادلىقتىن چەكلەپ تۇرىۋاتقان؟ بۇ قانۇن، بۇ — ھەربىي ئىنتىزام ئىدى!

قانچە كېچىلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىنتىزام ۋە قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى، شان- شەرەپ، يۈز- ئابروي قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ باقتى. ئاخىرى شادلىق ئىزلەش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆڭۈلنىڭ خاھىشى ھەممىنى يەڭدى. ئۇ ئاۋال ئەڭ يامان ئاقىبەتلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدى.

غىپپىدىلا ياتاقتىن چىقتى ـ دە، ئاۋال ئاشخانىغا ماڭغانلىق بولۇپ، قاراۋۇلدىن يىراقلاشتى. ئاندىن ئېقىن تەرەپكە بارىدىغان يولغا كۆز يۇمۇپ ئاچقىچىلا چىقىپ بولدى ھەم پاتراق يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرىدى...

****

بۇۋىسارە دادىسىنىڭ دەھشەت يىغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، ئۇنىڭ قولىغا پىچاق ئېلىۋېلىپ ئۆزىگە دىۋەيلەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قانداق بىر يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۆلگۈرمەيلا ماخمۇد بىلەن تەنلىرىنىڭ قىزىقىنى سېزىشىپ ئىككى كېچە قوندى. ئۇ قانۇن دېگەن نەرسىنى بىلمەيتتى ياكى ئۇنىڭ شۇنداق ئوبدان ئىشلارنىمۇ چەكلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ۋەھىمىلىكى دادىسى، ئۇندىن قالسا ئاكىلىرى ھەم ئانىسى ئىدى. پەقەت شۇلارلا ئۇنىڭ خۇشال بولىشىنى خوپ كۆرمەيتتى.

«قورقىغان يەردە جىن بار» دېگەندەك بىر كۈنى ماخمۇد چىقىپ كېتىۋاتقاندا ھاجەتكە چىققان موماي ئۇنى كۆرۈپ قالدى، سۈتتەك ئايدىڭدا ئۇنى تازا تونىيالمىدى. بىراق، پاكار، دىقماق كەلگەن، قارىماتاق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ ھاڭقىيىپ تۇرغان پۇرسەتتىلا ماخمۇد شوتا بىلەن ئۆگزىگە يامىشىپ، كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. ئانا ۋارقىرىماقچى بولغانىدى. بىراق قىزنىڭ ھوجرىسىدىن چىقىۋاتقان ئادەمنى ئوغرى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلغاندا بوۋايدىن خاپىلىق ئىشتكەندىن باشقا خەقنىڭ ئالدىدىمۇ رەسۋاچىلىققا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، گەپ قىلمايلا قىزنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. بوۋاينىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قەھرى بىلەن ئەمما پىچىرلاپ:

— نېمىش قىلدىڭ، پاسكىنا شەقىقە؟! — دەپ سورىدى.

— نېمە دەيسىز؟ كىمگە دەۋاتىسىز؟ — ھازىر قىز جاھاننىڭ رەپتارىنى چۈشىنىپ خېلى قاقۋاش بولۇپ قالغانىدى.

— ھازىر قېشىڭدىن چىككەتكەن كىم؟

— مۇشۇ يەردىن بىرسى چىقتىما؟ كىم؟ نېمانداق ئادەمنى قورقۇتىسىز ئانا؟ ئۇششاق سۇرىلەرنى ئوقۇڭ، ئەمدى مېنى قارا باسىدىغان بولدى...



— راستلا كۆرمىدىڭمۇ قىزىم؟

— بىر ئادەمگە كۆرۈنگەن جىن قېشىدىكى ئادەمگە كۆرۈنمەيدۇ دەيدىكەنغۇ؟ ماڭا ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

— جىن ئەمەس، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، جىن ئەمەس، خۇدا ئۆزەڭگە ئامانەت، ئوغرى ئوخشايدۇ، ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىكەن، ھاجەتخانىدىن يانسام، ماڭا ئىچىدىن چىققاندەك بىلىندى. ئەسلىدە ئۇ تېخى ئىچكىرى كىرىشكە ئۈلگۈرمەپتىكەن ـ دە؟

— ۋاي تاڭ.

— خۇدا بىر ساقلاپتۇ! ئۇخلا قىزىم، مەن ئەمدى نامازغا تاھارەت ئالاي، تاڭ ئاتتى، قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، — ئەمما ئانا كۆڭلىدە ھەربىر ئۆيلۈكنىڭ ئەركىشىلىرىنى كۆڭۈل ئىكرانىدىكى كۆلەڭگۈگە بىرمۇ ـ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقتى. بۇ يەردە ئاساسەن قېرىلاردىن باشقا ئەرلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوي ـ تۇرقىمۇ ماس كەلمەيتتى...

****

ئانا ئەمدى ھېلىقى چاغدىكى كۆلەڭگۈنىڭ ئوغرى ئەمەسلىككە ئىشىنىشكە باشلىدى، چۈنكى قىزىدا ھامىلدارلىقنىڭ روشەن ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى.

ئۇ قىزىنى قورقۇتۇپ باقتى، ئالدىدى، ھېچ بولمىسا بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالسا، ئوغرۇلۇقچە نىكاھ ئوقۇتۇپ قويسىلا باشقا ئىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقى، قورقمىسىمۇ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتتى. دادىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ئويلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

قىز زۇۋان سۈرمىدى، ئۇ ئۆزىگە شادلىق ئاتا قىلغۇچىنى بالاغا قويۇشقا ئۇنىمايتتى، چۈنكى ماخمۇد ئۇنىڭغا كۆپ تاپىلىغان، بۇ ئىشنىڭ قانداق گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ھەربى دېگەننىڭ بۇنداق ئىشى بىلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى ئىزىپ ئىچۈرگەنىدى.

ئىلاجىسىز قالغان ئانا قىزى بىلەن ھەپىلىشىشنى قويۇپ، ئۆزى گۇمان قىلغان يەردىن سۈرۈشتۈرمەكچى بولدى. سۈرۈشتە قىلىپ بالىنىڭ «ئىگىسى» نى تاپماي بولمايتتى. بۇنى بوۋايمۇ بىلىپ قالغانىدى. ئۇ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولدى، پەيلى تازا تۇتتى. ھەتتا يىغلاپ كەتتى.

— ئەلھەكمۇلىللا، دادىسى، ئەلھەكمۇلىللا،— دەپ تەسەللى ئېيتاتتى مۇماي بىچارىلىك بىلەن يىلىنىپ،— شۈكرى دېمەي ئىلاجىمىز يوق.

****

ھايات — كۆلكە ۋە يىغىدىن تەركىب تاپقان، ئادەم بالىسى يىغىنى ئىزلىمەيدۇ، كۆلكە ئىزدەش يولىدا يىغلايدۇ. ماخمۇدنىڭ قىسمىتىمۇ شۇنداق بولدى.

ئۇ بۇۋىسارىنىڭ ئانىسى گەزەرمىگە كېلىپ كوماندىرنىڭ ئىشخانىسىنى سۈرۈشتۈرگىنىنى كۆرۈپلا يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى، موماي كوماندىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ ئۇزاق سۆزلەشتى. ماخمۇد تاكى موماي قايتىپ چىققىچە ئوچاق ئالدىدا تۇرىۋەردى.

— خۇدانىڭ قىسمىتىكەن، بۇنىڭغا نېمە دەيتتۇق،— دېدى موماي كوماندىرغا ئەھۋالنى ئېيتىپ،— پېشانىدىكىنى كۆرمەي چارە يوق، ھەممە ئىش لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتۈلگىنى بويىچە بولىدۇ، بىراق، بالا دادىسىز بولۇپ قالمىسۇن، خەقمۇ بىزنى باش كۆتەرگۈزمەيدىغان ئىش بولمىسۇن، پەقەت بالىغا ئىگە چىقسىلا، بىر ئاخشامدا نىكاھ ئوقۇتۇپ قويساق، بىزگە بالىنى رىل ئالدىغانلىقىدىن تىل خەت بېرىپ قويسىلا ھىساپ، باشقا دەۋا- دەستۇرىمىز يوق، بالام. سىز بىر سۈرۈشتە قىلىپ باقسىڭىز، پەممىچە جەزمەن مۇشۇ يىگىتلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى.

— قارىماقاتاق؟ پاكار، دىقماق؟... كوماندىر ئۆز- ئۆزىگە دەۋاتقانىدەك پىچىرلاپ، ئويلىنىپ قالدى، شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىدا «ماخمۇد!» دېگەن ئىسىم پەيدا بولۇشى بىلەنلا بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، «ئۇ ئەمەستۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ ئۇنداق قىلمىغاندۇ؟...» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق



ھەرقانچە ئويلىسىمۇ باشقا جەڭچىلەرنىڭ كېچىسى تالاغا چىقىش ئىمكانىيىتى يوقلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ماخمۇدنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ بەشتە ياخشى ئەسكەر، ۋىزۋودنىڭ ھەتتا پولكنىڭمۇ پەخرى، چىگرا رايون خەلقىگە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن، نۇرغۇن- نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئارمىيە — خەلق ئىتتىپاقىغا ھەسسە قوشقان ياخشى يولداش؛ ئۇنىمۇ ئىززەت ھۆرمەتكە مۇيەسسەر قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭغا روتا كوماندىرى، ھەتتا باتالىيون كوماندىرلىق مەنسەپنى ئېلىپ بېرىدىغان كوزىر ئىدى!...

ئۇ تولىمۇ تەستە ئېسىگە كېلىپ:

— نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇشقا بولماس، ئەسكەرلەرگە توي قىلىشقا رۇخسەت يوق، تىل خەت قانداق بولاركىن...؟— ئۇ مومايىنىڭ ئىشنى مەخپىي تۈگەتمەكچى بولغىنىدىن سەل ئۈمىدلىنىپ قالدى...

— مەيلى بولمىسا، ئىگە چىقسىلا بولدى، تىل خەت بولسىمۇ،... موماي نومۇسى تۈكۈلگەن كىشىلەرگە خاس ئەلەم بىلەن ياش تۆكەتتى،— كېيىن، ئەسكەرلىكتىن قايتقاندا توي قىلىشقا ئۇنىسىمۇ بولىدۇ.

— مەن بىر سۈرۈشتە قىلىپ باقاي، ئەگەر بىزنىڭ ئەسكەرلەردىن چىقىپ قالسىلا تىل خەتنى ئېلىپ، ئۆيىڭىزگە ئۆزۈم بارىمەن.

كوماندىر مومايىنى ئۇزىتىپ قويۇپ بىردەم چېكىسىنى تۇتۇپ ئويلاندى. «بىزنىڭ ئىچىمىزدە كېچىسى تالاغا چىقىدىغانلار يوق ئىكەن دەپ قۇتۇلمايمۇ؟ياق، مۇماي ھېلىقى بەلگىلەرنى دەپ ئۆزى چالۋاقاپ يۈرىدىغان بولسا مانا مەن دەپلا بىلىنىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا تۈگەشكىنىم شۇ! ئۇنىڭدىن كۆرە ئىشنى ھېلىقىدەك تۈگىتەي، ئۇنىڭغا ھەتتا ماخمۇدنىڭ ئۆزىنىمۇ باشلاپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق!»

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەشق قىلىۋاتقانلاردىن ئىككىنى چاقىردى.

— دوكلاپ كوماندىر! بۇيرىقىڭىز بويىچە يېتىپ كەلدۇق!

— دەرھال ماخمۇدنى ئىشخانىغا، مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار!— ئۇ ماخمۇدقا تازا بىر ئۆزىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولغانىدى.

1988 ـ يىل 9ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى

# «غايەت زور ئىلھام»

مۇشك[1] ـ خۇشپۇراق چاچقانلىقى ئۈچۈن مۇشك، ھەرگىزمۇ ئەتتارنىڭ[2] ماختىغىنى ئۈچۈن ئەمەس.

ــ سەئىدى «گۈلىستان» دىن

تومۇزنىڭ يىلىكلەرنى قورۇتقۇچى قاتتىق ئاپتىپى، سۇسىز جايلاردا، دەل-دەرەخسىز تاقىر داللاردا تېخىمۇ ئوتتەك يىلىنجاپ تۇراتتى. مۇشۇ ئىسسىق چۈش مەزگىلىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان، ئەمما ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن يېزا يولىدا بىر ئېشەك ھارۋىسى ئارقىسىدىن توپا توزۇتۇپ، قاغجىراپ ياتقان ئېتىزلار، پاخپاق-پاخپاق قاغا جىگدىلەر، يوپۇرماقلىرى ۋاقىتسىز سارغايغان شالاڭ تېرەكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، شەرق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

يول بويىدىكى ئېرىقلارنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە كۆكۈش رەڭلىك يىرىك قۇم دۆۋىلىشىپ تۇراتتى. سۇنىڭ قىسلىقى، بورانىنىڭ ھەمىشە كۆچمە قۇملارنى ئېلىپ كېلىپ ئېتىزلىقلارنى بېسىپ تۇرىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنەتتى. ئۈنىگسىزمۇ پات-پاتلا يوللار ئۈزۈلۈپ قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشىلىپ قالاتتى. دەرەخلەر شالاڭلاپ، سۇلغۇن ۋە بىچارە ھالدا شۈمشىيىپ قالغانىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردىلا قەۋرىلەردەك چوقچىيىپ قۇم دۆۋىلىرى ۋە ئۈستىگە ئاندا ـ ساندا قارا قۇمۇش ئۈنگەن، بىر قەۋەت قارا شور بىلەن قېتىشىپ تۇرغان دۆۋىلىكلەر گويا «بىز ئاپەتمىز، نامراتلىق تېرىيمىز...» دېيىشىۋاتقاندەك گىدەيگىنىچە ئارقىدا قالاتتى.

---

[1] بىر خىل خۇشپۇراقلىق ماددا ـ ئا.
[2] ئەتتار ـ خۇشپۇراق بۇيۇملارنى ساتىدىغان سودىگەر-ئا.



تاقىر داللار، شورلۇقلار، قۇم بارخانلىرى ۋە ئۈنۈمسىز يەرلەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يول خۇددى بارسا كەلمەس يولدەك، دۇنيانىڭ ئادەملەر ياشىمايدىغان باشقا بىر چېتىگە ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەتراپتىن يۈزلەرگە بىئارام قىلغۇچى ئىسسىق ئۇرۇپ تۇراتتى. يىراقلاردا ئالۋۇن ھوۋۇلداپ تېخىمۇ دىمىق ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇ يەر، بۇ يېرى قاڭشالتىر پارچىلىرى بىلەن چەمبەرلەنگەن، سۇنغان شوتىسى سىم بىلەن ماتالغان ئەسكى ھارۋىغا ئەرزان باھالىق قىرچاڭغۇ ئېشەك قوشۇلغان بولۇپ، بىچارە جانۋار بىر قولىقىنى سىڭا يوقۇرىغا بىرسىنى پەسكە سالپايتىپ، ئاۋارە قىلىۋاتقان ھاشاراتلارنى قورۇشقىمۇ ماجالى يوقتەك سەل-پەل تىترىتىپ قويۇپ، خۇددى ئوي-ئويلاپ كېتىۋاتقان غەمكىن بوۋايدەك يول يۈرەتتى. جابدۇقلىرى ئۇنى تېخىمۇ رەزگى كۆرسىتەتتى. توقاملىرى خۇددى ئەخلەتتىن تېرىۋالغان كىگىز پارچىلىرىدەك ئەسكى ۋە پارچە ـ پۇرات، لىڭگىچاق ۋە تاسمىلىرى نا ئۈستا ئويناشقاندەك قىيىپ يۈنىۋالغان بىر نېمىلەردەك ئەبجەق ئىدى.ھارۋا ئۈستىدە ياش ھارۋىكەشتىن باشقا ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. ھارۋىكەش بەزىدە شېرىن خىياللارغا بەند بولغاندەك جىم بولۇپ قالاتتى. بەزىدە ئاللىقانداق گۈزەل تەسەۋۋۇرلاردىن روھلانغاندەك شوخلىشىپ، خەلق ناخشىلىرىنى تۇۋلايتتى. ئىككى يولۇچىنىڭ بىرى تىنماي سۆزلەپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا كۆپرەك ماختىنىپ سۆزلەيدىغان 45 ياشلاردىكى كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدا كەم سۆز، تۇرقىدىن بۇنداق سەھرالارغا ئەمدىلا كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان كادىر سۈپەت قىرىق ياشلاردىكى كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ ھەمراھىنىڭ سۆزلىرىگە جىم قۇلاق سالاتتى.

ــ ئاكام دادۇدا كادىر،ــ دەيتتى ئۇ كۆرەڭلەپ،ــ دادۇجاڭ، شۇڭا ماڭا ھاشارمۇ يوق، ۋەزىپىمۇ يوق، خاتىرجەم شەھەردە يۈرىمەن....ــ ئۇ ھارۋىكەشنىڭ مۈرىسىنى نوقۇپ نارازى ھالدا گەپ يۆتكىدى،ــ ھوي ھابلەك، نىماندان ئىچىڭ پۇشمايدىغان نېمە سەن؟ «خىت» دېمەمسەن بۇ ھېجىقىزىڭنى، ئۆلىدىغاندەكلا سالپىيىپ كەتتا!؟

ــ ئېشەك ھاردى، ھابۇقكا، ئۆزى ئۇرۇق، ئاران تۇرغان جانۋار شۇنچىلىك ماڭسا بولمىدىمۇ؟

ــ خىت دە، ئۇر، سانچىمامسەن، ئاندىن ماڭمامدۇ.

— يولدا تونەپ قالمايمىز، بارساقلا بولمىدىمۇ، ئاران تۇرغان بىچارىنىڭ تاياق كۆتەرگۈچىلىكى بارمۇ؟

— تىلسىز هايۋاننى ئاياپ كەتكىنىنى، ئەخمەقنىڭ! يەتتە خۇپتەنگىچە تەمتىرەپ يۈرەمدۇق دەيمىنا.

— تىلسىز دەپ ئايىمىغان بىلەن، پۇلغا كېلىدىغان نەرسە تۇرسا...

— پۇل دەپ كەتكىنىنى، بۇنىڭ، سېنىڭ ئەبجىقىڭگە چىققاندىكىن ئۆزەمگە ئاز، بوپتۇ ماڭ، شوۋاگۇرۇچ،— هابۇق (بۇ ئىسمىنىڭ قايسى ئىسمىدىن بۇزۇپ ياسالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى) هارۋىكەش بىلەن هەزىللىشىشتىن توختاپ، ناتونۇش سۆهبەتدىشىغا بۇرالدى،— مانا شۇنداق، شەگە بىر بىرىۋالساق بەزىدە ئالتە ئايدا، بەزىدە بىر ئىككى ئايدا سەهراغا چىقىپ قويىمىز.

— شەهەردە نېمىش قىلىسىز؟

— هۈنەر قىلىمەن، يەنى مەسىلەن، شۇ پارچە ـ پۇرات تام، هېلىقىدەك ئۆي ـ پۆي رىمونت قىلىش، يەنە تېخى تام ئاقلاش دېگەندەك ئىشلارنى كۆتىرە ئېلىپ قىلىمەن، هەرقېتىم كەلگىنىمدە ئاكامغا، بالىلىرىغا ئانچە ـ مۇنچە سوغا ـ سالام ئالغاچ كېلىمەن، بىچارە خوش بولۇپ كېتىدۇ، قېرىنداشلىق ـ تە.

— دېمەك، تامچىكەنسىز ـ دە؟

— هە، قولۇمدا هۈنىرىم بار، شۇڭا بەگدەك ياشايمەن، ئۇنبەشىمىڭ كويغا كۆچۈم يېتىدۇ، ئەمما ـ زە، هۈنىرى بولسىلا هېساب ئەمەس جۇما...

مانا بۇ هابلەككە قارىسىلا، بۇلار كىراكەشلىك قىلىدۇ، ئەمما هاشارغا بارماي قوشۇمچە كىرىم قىلغىنى ئۈچۈن دادۇغا پۇل تۆلەيدۇ، شۇڭا يالچمايدۇ، مېنىڭ قولۇمدا ئىشلەيدىغان بىر مۇنچە ئادەم بار، ئۇستا، مەدىكار دېگەندەك، شۇلارمۇ شۇ، پىرسەن تۆلىمىسە كۆرگۈلىكى بار،... ئۇ رەهىمسىزلىك بىلەن هجييىپ، هارۋىكەشكە قاراپ قويدى.

— شۇ،— دېدى هابلەك غەمكىنلىك بىلەن،— زۇگۇلىمىز كىچىك ئۈزۈلۈپتىكەن،— هابۇقكا، قانداق قىلىمىز.

هابۇقنىڭ ئاپتاپتا پىشقان، ئىششىپ قالغاندەك سېمىز يۈزىدە ۋە يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان بىر خىل شوخلۇق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە بارلىق پۇللۇق كىشىلەردە بولىدىغان مەن ـ مەنلىك بىلىنىپ تۇراتتى.



— ئىككىڭلار بىر يېزىدىنمۇ؟ — سورىدى كادىر.

— بىر مەهەللىدىنمۇ دېمەملا،— دېدى هابۇق.

كادىر جاۋابەن كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

— بىزنىڭ سەهراسىمىزغىمۇ يېقىن كىلىپ قالدۇق،— دېدى هابۇق ئورنىدا ئېغىر بەستىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ،— سىلىنى خىزمەتكە چۈشكەن كادىر دەيدىغۇ؟ بىزنىڭ دادۇغا خىزمەتكەن چۈشكەن بولسىلا بىزنىڭ ئۆيگە بارسىلا، كادىر كەلسىلا هەممىسى ئاكامنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، بىزنىڭ ئۆيگە مېهمان بولۇپ كېلىدۇ، ئۇلارنى دائىم ئاكام ئۆزى باشلاپ پەتىگە ئەكىلىدىغان، سىلىمۇ...

— مەن شەخسى ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن...

— تۇققان يوقلاپما؟— دېدى هابۇق سىناش نەزىرىدە قاراپ، ئۇ كىنولاردىن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ خۇپسەنلىك بىلەن خەلق ئارىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئەهۋال ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرگەن، ئۆزىمۇ شەهەردە يۈرۈپ خېلى قۇۋلىشىپ قالغانىدى.

— ياق، مېنىڭ يۇرتۇم بۇ تەرەپلەردە بولمىسا، تۇققىنىم نېمىش قىلسۇن، باشقا ئىش.

— باشقا ئىش؟ تونۇشلىرى باركەن ـ دە؟

— تونۇشۇمغۇ يوق، بىرىپ تونىشىمەن ـ دە،— دېدى كادىر بىر ئاز ئوڭايسىزلىق بىلەن،— مانا مەسىلەن، هازىرنىڭ ئۆزىدە ئىككىڭلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىز دېگەن هەرقاچان كادىرلىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولىمىزغۇ، سىلى تونۇشلۇقى يوق، ياقا يۇرتقا... قانداق ئىشكى بۇ... ؟ بىلدىم، بىلدىم قىلدىغان خىزمەتلىرى ـ زە خۇپىيانە خىزمەت ئوخشايدۇ ـ دە، هە؟

— ياق، ياق، نېمە دېگىنىڭىز بۇ، خىزمەت بىلەن كەلسەم ماشىنىدا كەلمەمتىم، ئۆزەمنىڭ خۇسۇسىي ئىشى...

— مۇنداق دېسىلە، بىزنىڭ ئۇ يەردە مېهمانخانىمۇ يوق، نەدە تۇرىلىكى تاڭ...

— ...

— سىلى زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — ھابۇق كادىرنىڭ خىزمەتكە چۈشكەن كادىر ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن شۇنداق بولدىمۇ ياكى مەھەللىسىگە يېقىنلاشقانسېرى جىددىيلىشىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ياراتمىغاندەك بىر خىل پوزىتسىيە بىلەن سورىدى.

— مەن يازغۇچى، يېزىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، دېھقانلارنىڭ ھال- ئوقىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن.

— يازغۇچى ؟ نېمىنى يازىدىغان؟

— كىتاب يازىمەن.

— نېمە كىتاپ ئۇ؟ ئاندىن ئۇنى ساتامسىز؟ ئوبدان ئوقەتمۇ؟

— ئانچە ياخشى ئوقەت ئەمەس.

— ئوقەت ھۆددىگەرلىككە يەتمەيدۇ- دە،— ئۇ ئەمدى كادىرنى ئۆزىدىن تۆۋەنراق چاغلاپ قالدى ۋە ماختىنىشىنى يەنە باشلىدى،— بىرە ئۆيىمۇ، قورا تېمىمۇ ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ، مەدىكارلارنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ئىش كۆرسىتىپ بېرىپ تۇرىدىغان گەپ. پۇلى لوق - لوق،— ھابۇق يازغۇچى دېگەنمۇ چاغلىق نەرسىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەندەك قىلاتتى،— سىلى يازىدىغانغا بىر نېمە تاپقىلى مېڭىپىلا- دە؟

— ھە، بېيىغان، دېھقانلارنى زىيارەت قىلىمەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بېيىش جەريانىنى يازىمەن.

— ئۇنداق بولسا مانا بىزنى يازسىلا بولغۇدەك، سىلى ئۇنى يازسىلا بىزگە پايدىسى بولىدىغاندۇ؟ ئاكامنى يازسىلىمۇ بولىدۇ، بېيىغان دېھقانلارنى نەدىن تاپىلا؟ بىزنىڭ يۇرتتا بىزدىن باشقىسى بىكار!

— ئۇزۇن جاھان بوپتۇ، يېزىلارغا بېرىپ باقماپتىمەن، ئىلگىرى مەنمۇ بىر يېزىلىق ئىدىم، سەھرا دېگەننى مىڭ يىل كۆرمىسەم سېغىنماسمەن، دەپتىم، يېقىندىن بېرى گېزىت- ژۇرناللاردا دېھقانلارنى ئۇنداق باي بولۇپ كەتتى، مۇنداق چۈمۈچلىرى ماي بولۇپ كەتتى، دەپ داۋراڭلىرى بولىدۇ، شۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي دەيمەن.

— كۆرىلا، كۆرىلا، گېزىت دېگەنغۇ قاراپ تۇرۇپلا يالغان گەپ قىلىدىغان نېمىكەن. مانا ھابلەك دەپ باقسۇن، بىزنىڭ يۇرت بويىچە ئاكام ئىككەيلەننى شۇ



قاتاردا سانىسا بولىدۇ، يەنە سېكرېتارنىمۇ خېلى تۈزۈك دېسە بولىدۇ، باشقىلىرى.... قېنى، بارسىلا كۆرىلىغۇ...

— خۇداغا شۈكرى، دېسىلە، ھابۇقكا، يىگىلى نان تاپالماي يۈرگەن چاغلارمۇ بولغان، ھازىر نېمىلا بولسا قورسىقىمىز توق،— دېدى ھابلەك ئەمدىلا بىر ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ.

— ھابلەكچۇ؟— دەپ سورىدى يازغۇچى ۋە بۇ ئىسىم بىر قىسىملا تۇيۇلۇپ قوشۇپ قويدى،— ھابلەك دېگەن قانداق ئىسىم؟ ئەسلى ئىسمىڭىز ئۇنداق ئەمەستۇر؟

— ئەسلى ئىسمىم ھابلىكىم، بىزنىڭ سەھرادا ئاشۇنداق دەلىۋېرىمىز، مانا ھابۇقكامنىڭ ئېتى ئوبۇل، شۇنىڭغا ئوخشاش... كادىردىن باشقىسىنىڭ ئاتلىرى شۇ پەدىدە كېلىۋېرىدۇ.

— مەنمۇ سېنى بىر مەھەللىكىم دەپ، ئەركىلىگىنىڭنى كۆتىرىۋاتقان گەپ،— دېدى ھابۇق (ئوبۇل) بولمىسا باشقىلار ئوبۇلاخۇن دېمىسە چىشىنى چوقىۋەتمەمدىم، بۇرۇن كامىنا يىللىرىدا شۇنداق سىڭىپ قاپتىكەن.

ـ كەمبەغەل چاغلىرىدا خەقنىڭ چىشىنى چوقىۋەتمەي كۆنۈپتىكەنلا، ئەمدىزە، باي بولدۇم دەپ شۇندا يوغانچىلىق قىلىۋاتاملا؟

— ئەمسە:—ئوبۇل خىرىلداپ كۈلدى، ئاندىن يازغۇچىغا بۇرۇلۇپ، — سىلىنىڭ ئاتلىرىنىمۇ سوراپ قويىلى شۇ قاتادا، — دېدى.

— ئىسمىم قۇربان، — دېدى يازغۇچى ئاددىيلا، ئاندىن ئابلىكىمدىن سورىدى، — خوش سىلىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭلار قانداق؟

— باغاندا بىزنىڭكىگە پەتكە كىرسىلە كۆرىلا.

— بولىدۇ، مەن چوقۇم كىرىمەن.

ئەمدى شۇدېگەرلىكنىڭ چالمىسى بىلەن قوپۇرۇلغان پاكار ئۆيلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆگزىلىرىدە قوناق شاخلىرى ياكى قاغا چىگىدە شاخلىرى بېسىپ قويۇلغان بۇ ئۆيلەر مال قوتانلىرىغا ئوخشايتتى. كوچىلاردا توپىغا مىلىنىپ ئويناپ يۈرگەن يېرىم يالىڭاچ باللار يېزىغا تېخىمۇ مۇڭلۇق تۈس بېرەتتى. بۇ باللار يول بويلىرىغا- ھەربىر ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىغا دۆۋىلەنگەن قىغ دۆۋىسىدىن پەسكە دومىلاپ ئوينىشاتتى. بەزىلىرى قاغا جىگدىلەرنىڭ

شاخلىرىغا چىقىۋېلىشقان، يەنە بەزىلىرى ئاللىقانداق «ئويۇنچۇق» لارنى يېپقا چىگىپ سۆرىۋېلىپ، كوچىنى چاڭ كەلتۈرەتتى.

— مېنى ئىشكايلامغا ئاپىرىپ قويارسەن، هابلەك؟

— ئېشىكىمنىڭ هالى قالمىدى، هابۇقكا، ئىككى ماڭدام يەرگە مېڭىپ كەتسىلە هېچقىسى يوق.

— ساڭىمۇ ئىش تەگدى، دىگىنا، بازاردا هارۋىكەشلىك قىلىپ كۆزۈڭ تويۇپ قالدى، سەن پېتىلىقنىڭ، موتۇدىن بىرنى ئېلىۋالمىغىچە ـ زە...

هابلەك گەپ قىلمىدى، هارۋا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان هەگىنە دەۋرازىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختىدى، ئوبۇل هارۋىدىن ئىرغىپ چۈشتى. ئۇنىڭ چۈشۈشى بىلەنلا ئۈستىدىن مىڭ پاتمان يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك هارۋىمۇ يېنىكلەپ قالدى.

— ماقۇل ئەمسە،— دېدى ئوبۇل يازغۇچىقا قاراپ، ئۆيگە بارسىلا،— خىزمەتلىرىدە بولىمىز،— ئۇ يولىنى داۋام قىلدى.

— هوي، هابۇقكا، كىراسىنى بېرىۋەتسىلە!

— ماڭ، ماڭە، يۈزى يوق ئەبگا! بىر يۇرتلۇق تۇرۇپ مەندىنمۇ كىرا ئالساڭ تاپقىنىڭ هارام بولىدۇ! — ئوبۇل كېتىۋەردى.

ئابلىكىم ئاچچىقىدىن قىزىرىپ كەتتى، ئۇ بىر نېمە دەيدىغاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى ـ يۇ، سۆزلەشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئۇنىڭغا يازغۇچى پۇل تەڭلىدى:

— بوپتۇ، ئۇكام، ئۇنىڭكىنىمۇ مەن بېرىۋېتەي.

— ياقەي بولدى، سىلى دىگەن بىزگە مېهمان، ئاۋۇنىڭدەك توڭگۇزلاردىن پۇل ئالالمىغان يەردە سىلىدىن ئالامدىم، خۇدايىم بېرە،— ئۇ زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى ۋە يازغۇچىنى بۇ نىيىتىدىن يالتايتىش ئۈچۈن دەرهال گەپنى بۇراپ،— سىلى نەگە چۈشتىلە؟ دادۇغا بارىدىغان بولسىلا مەن ئاپىرىپ قوياي،— دېدى.

— مەن نەگە چۈشسەممۇ ئوخشاش، بەربىر هېچيەرنى بىلمەيمەن، تونۇشۇممۇ يوق، شۇڭا مۇشۇ يەردىلا چۈشۈپ قالساممۇ بولىدۇ، دادۇيدە ياتاق يوقتۇ؟

— يوق، ئۇنداق بولسا بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونسىلا، نەدە تېنەپ يۈرىلا، ئەتىگىچە خۇدايىم بىر نېمە دە.



— مەيلى ئەمسە، بىراق سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەرنى مالال قىلىپ قويارمەنمۇ دەيمەن.

— شەنىڭ ئادەملىرى ـ زە، بەك تۈزۈتلۈك ـ دە، مالال بولۇپ بولماي سىلىگە تۆگە سويۇپ بېرەمتۇق. ئۆيدە ئادەم تولا، بىر ئادەمنىڭ جىق ـ ئازلىقى بىلىنىپ كەتمەيدۇ.

يىگىت، هارۋىنى قىيسىيىپ قالغان دەرۋازىدىن ئاۋايلاپ كىرگۈزدى،

ئۇلار هويلىغا كىرگەندە ئابلىكىمنى دادىسى ئېغىل ئالدىدا قويلارغا هەلەپ ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، بوۋاينىڭ ساقاللىرى ئاقارغان بولسىمۇ، يۈزلىرىنىڭ قىزىللىقى پىشقان ئەمگەكچىلەرگە خاس ئىدى. ئۇ قوللىرىنى كىرلىشىپ كەتكەن يەكتىكىنىڭ پەشلىرىگە ئېرتىپ، مېهماننىڭ ئالدىغا ئالدىرىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— دېدى قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئوچۇق ـ يورۇق، مېهماندوستلۇق بىلەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشىمۇ سىز تاغا؟— دېدى قۇربان سەل قورۇنۇش بىلەن.

بوۋاي گويا كونا قەدىناس دوستى ياكى قېرىندىشى بىلەن قايتا دىدارلىشىۋاتقاندەك قايتا ـ قايتا ئەهۋال سوراپ، مېهماننى تېخىمۇ خىجىللىقتا قالدۇردى.

— قېنى، ئۆيگە چىرىلى،— دېدى بوۋاي ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال بولىۋاتقاندەك،— هاي ئانىسى، مېهمان كەلدى، كۆرپە سېلىڭلار،— دېدى تىپىك ئۇيغۇر دېهقىنىغا خاس ساددىلىق، دوستانىلىق بىلەن.

خۇددى ئوچاقنىڭ تۈتۈنى ياكى قارا چىراقنىڭ تۈتۈنى بىلەن ئىسلىنىپ كەتكەندەك قارا كۈيە رەڭ يۈزىگە قورۇق چۈشكەن ئايال خۇجايىن نامراتلىق ئىچىدە روزغار باشقۇرۇش بىلەن ۋاقىتسىز مۈكچىيىپ قالغان بەللىرىنى ئىگىپ مېهمانغا كۆرپە سالدى، ئەپسۇسكى، كۆرپىنىڭ ئاستىدىكى بىساتتىن ئانچە پەرقى يوق ئىدى. مەيلى يېڭىلىقى، يۇمشاقلىقى جەهەتتە بولمىسۇن ئوخشاشلا ئىدى. غۇربەتچىلىك سەۋەبىدىن پاختا ئاز سېلىنغاچقا هېچقانچە يۇمشاق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختىسى ئۇيەر ـ بۇيەرگە پوملىشىپ قالغاچقا ئولتۇرۇشقا تولىمۇ ئەپسىز ئىدى. ئۆي ئەگرى ـ دوناي ئۈچ تال ياغاچ سېلىپ، ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا، ئوت خەسلەر سېلىپ يېپىلغاچقا، تىنماي تازىلاپ تۇرۇلسىمۇ چاڭ ـ توزان، ئىس ـ

تۈتەك ئۈچۈپلا تۇراتتى. شۇڭا دىماققا كونا ئۆيلەرنىڭ پوستەك توپىسىدەك پۇراق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۆيلەر ھۆلى كۆتۈرۈلمەي سىيلىنغاچقا، گەمىدەك تەسىرات بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەي، قارىلاي پۇرىقىغا ئوخشاش پۇراق كېلەتتى.

لېكىن، مېھمان، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ مېھرى- مۇھەببىتىنىڭ قىممىتىنى، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر ئالىجاناپ، پاكلىقىنى چۈشەنگەچكە ئەمەلىي نەرسە بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، روھى نەرسىلەر بىلەن مەمنۇنلۇق رازىلىق ھېس قىلدى.

ئابلىكىم ئېشىكىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، جايلاشتۇرۇپ، ئوت سېلىپ بەرگەندىن كېيىن مېھمانغا ھەمرا بولغىلى قېشىغا كەلدى. ئارقىدىن شۇ يەرنىڭ ئۆرپە - ئادىتى بويىچە بۇۋاينىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى مېھمان ئالدىغا سالامغا كىردى. يېزىلاردا ئائىلە ئىشىنىڭ ئاساسى سالمىقى كېلىن ئۈستىدە بولغاچقا سالامدىن سۆڭرە كېلىنلەر ھويلا ئارامدىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ساھىپخان داستىخان كەلتۈرۈپ، مېھمان ئالدىغا ئاقتۇناق زاغرىسى بىلەن قېتىق قويدى.

قۇربان ساھىپخاننى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان مىشچانلىق قىلىپ سالماسلىققا بەكمۇ دىققەت قىلدى، ئۇ گويا كۆڭلىدىكى ئېسىل تاماق ئېلىپ كېلىنگەندەك زاغرىدىن يېرىمىدىن چوڭراقىنى ئۇۋۇاپ قېتىققا چىلىدى. ساھىپخان قۇيۇپ بەرگەن كۈپىنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىۋالدى. ساھىپخانلار بولسا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى باشتىن- ئاخىر سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۈزىتىپ ئولتۇرغاچ سۆھبەتتە بولدى. مېھمان قولىدىكى قاچىنى بىكارلاپ داستىخانغا قويغاندىن كېيىن ھەممەيلەن يىنىك تىن ئالدى. قۇربان دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى خېلى چۈشىنەتتى، ئۇمۇ يېزىدا ئۆسكەن گەرچە ئۇلارنىڭ يېزىسى بۇنداق چەت ياقىدىكى نامرات يېزا ئەمەس، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ مىجەزى ئادەتتە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇمۇمەن شەھەردىن چىققان كادىرلارنىڭ كىبىرلىك، ئاچچىقى يامان، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بەھۇزۇر تاماق يېمەيدىغانلىرىدىن دېھقانلار ئەيمىنەتتى، ئەمما ياخشى كۆرمەيتتى، ئەگەر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ، سىڭىشىپ كەتسە دېھقانلار ئۇنداق كادىردىن تارتىنمايتتى، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئۆز ئادىمىمىز دەپ قارايتتى.



قۇربان ئابلىكىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يېقىپلا قالدى، ھەممىسى ئۇنى گويا شەھەردە خىزمەت قىلىدىغان مۇشۇ ئائىلىنىڭ بالىسىدەك كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ قوۋناق تويىغا قوشۇپلا ئالدى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ ئائىلىنى ئۆگىنىپ بېقىش ئارقىلىق پۈتۈن يېزىغا ئۆرنەك قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئابلىكىم ئائىلىدە خېلى يۈز - ئابرۇيلۇق، گېپى ئۆتىدىغان يىگىت بولۇپ چىقتى. ئۇ ھارۋىدا كېلىۋاتقان چاغدىكىدەك ئانچىۋالا يۇۋاش ئەمەسكەن، ئەمما ھوقۇق ۋە پۇلنىڭ كۆرۈنمەس قۇدرىتىدىن قورقۇش قېنىغا سىڭىپ كەتكەچكىلا ئوبۇلنىڭ ئالدىدا يۇۋاشراق تۇرغانىكەن، بۇ ئائىلىدىكىلەر پەقەت ئابلىكىمنىڭ بازاردا كىراكەشلىك قىلىپ تېپىپ كېلىدىغان ئازغىنە پۇلىدىن باشقا پۇل كۆرمىگەچكە، ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئابلىكىمنى چوڭ بىلىشىدىكەن، ئەمدى بولسا ئۇلار مېھماننى ياقتۇرۇپ قېلىشقاچقا ئۆيدىكىلەر ئابلىكىم بۇ ئۆيگە خىزىر باشلاپ كەلگەندەك، ئۇنى تېخىمۇ ئىززەت قىلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ئىنىسى بارئىدى. ئۇ ئۆيلەنگىلى خېلى زامان بولغان بولسىمۇ، ئىككىلا كېلىن مۇشۇ چوڭ ئۆيدە بىرگە تۇرىشاتتى.

قۇربان سۆھبەتكە ئېپى بار، بولۇپمۇ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاپ سۆزلىشىشنى بىلىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ كەچلىرى بۇۋاي بىلەن قاتار يېتىپ سۆھبەتنى باشلىۋەتكەنىدى. بۇۋاي ئۇنىڭغا ئىگىلىك پىلانلىرىنى، ئارزۇ- ئارمانلىرىنى، ھەتتا ياشلىقتىكى شوخلۇقلىرىنى ھەممە- ھەممىنى سۆزلەپ بېرەتتى. گەرچە تەرتىپسىزرەك بولسىمۇ ھەرھالدا ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەيتتى.

— بىزنىڭ ياش چاغلىرىمىزدا نەچچە كېلىن بىر ھويلىغا پېتىشىپ، نەچچە كۈنە خوتۇنمۇ بىر ھويلىدا ياشاۋېرەتتى،— بۇۋاي خىرىلداپ كۈلۈپ داۋام قىلدى،— ئەمدى بۇ ئىشنى كۆرسىلە، بىر ھويلىغا ئىككى كېلىن تۇگۇل، بىر كېلىن بىلەن ئاتا- ئانىمۇ پاتمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، سىلىدىن يوشۇرمايمەن، ئابلىكىم بالام ئۆيمىزنىڭ شوتا ئېتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئاغچىسى، سەل ھال تارتىپمۇ قالىدۇ، خۇداغا شۈكرى ھېلى بىزنىغۇ قاتتىق ئالغىنى يوق، بىلىنىدۇرمەي كېتىپ بارىدۇ، كۆڭلىگە ئىنساپ بىرسۇن، ئەمما- زە، يەڭگىسى قۇرغۇرنى سەل پەس كۆرەمدىكىن ئېپى كەلسىلا چوقۇلاپ ئالىدۇ، قورسىقىغا

كىرىپ. چىقسام بۆلەك بولۇپ كەتكۈسى بار، لېكىن ئابلىكىمنى بۆلەك قىلىۋەتسەك، بىز نېمە قىلىمىز؟ تەس. تە! كېلىن كىچىك. چوڭنىڭ ئەلىمىگە چىدايدۇ.

— بالدۇر ئۆيلەپ قويۇپلا...

— نېمىشقا شۇنداق دەيلا؟ ئۇ كېلىننىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇنداق ئۆينى چۈشىدىمۇ كۆرمەيدۇ دېسىلە، توي قىلىۋالمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا سەھرا يەردە كۆڭۈل خوش بولغىدەك نېمە بار.

— ئەمما، ئىككى ئوغۇل بىلەن بىر ئۆيگە قاپلىشىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. دە، ھەرقايسىنىڭ ئۆز ئۆۋسى بولغىنى ياخشى، — دېدى قۇربان ئېغىز تاتىلاپ.

— ئۇغۇ راست، ئەمما قولىمىز قىسقا، ھازىرلا ئۇنى بۆلەك قىلىۋېتەلمەيمىز، شۇنداق بولسىمۇ، كۆڭلۈمدە بار. دادۇيجاڭ بىلەن سىكتارغا كىچىككىنە بىر نېمە شۇڭگۇتۇپ يۈرۈپ ئۇياقتا — قۇملۇق تەرەپتە بىر دۆڭلۈك بار ئىدى، شۇنى دەپ جاي سېلىۋېلىشقا رۇخسەت ئالدىم. ئاندىن. زە بۇ ئۆينىڭ ئارقا ئالدىدىكى كېرەككە كەلگەن بىر نېمىلەرنى — جىگدىمۇ، تېرەكمۇ، توغراقمۇ ئېلىپ ئولتۇرماي كېسىپ، قىلساق، ئىشقىلىق ھاجىزراق بولسىمۇ ئىككى ئۆيلۈك ياغاچ چىقتى. بادرا. پادرىلىرىمۇ، شاخ. شۇمبىلىرىمۇ ئۆزىگە يەتكىدەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ شۇدىگەر ئېتىزىدىن چالما قومۇرۇپ كېلىن باللىغا توشۇتۇپ قويغان، بىر تامچىنىلا قىچقىرتىپ، قالغان ئىشىغا ئۆزىمىز يېتىشكەندىن دەپ، تۆت ئېغىز ئۆينىڭ تېمىنى قوپۇرۇپ، ئىككىسىنى يېپىپ قويدۇق، قالغان ئىككىسىنى باللار ئۆزى قىلىۋالار، ئابلىكىم ھۇشى بار بالا، ھەنىمە قىلىپ تۆت تەڭگە تاپالايدۇ، چوڭ ئۆيدە سەككىز ئون جان ئادەم ئېغىزىمىزنى شۇنىڭغا سالىمىز، ئۇ بۆلەك بولۇپ چىقىپ كەتسە ئۆي. پۆيلىرىنىمۇ پاتلا جۆندىۋالىدۇ.

— ئۆي تېخى يېڭىلا پۈتۈپتىكەندە؟ — دېدى قۇربان

— ئۆينى بۇلتۇر پۈتكۈزگەن، ئەمما. زە، باللارنى چىقىرىۋېتەلمىدىم، خەۋەرلىرى بار ھازىرلا ئۇنىڭدىن ئايرىلساق، بىزنىڭ ئىشىمىز تەس بولىدۇ.... ئەمما كىچىككىنە ھايلى قالدى، خۇدا بۇيرىسا، — دېدى بوۋاي روھلىنىپ، سەلدىن كېيىن مۇڭلۇنۇپ ئىزاھات بەردى، — ھاشارغا بارماي پۇل تاپتىڭ دەپ



ئالدۇ، تىجارەتكە پىرسەن دەپ ئالدۇ، ئىئانە دەمدۇ، ياردەم دەمدۇ يەنە بىر نېمە دەپ ئالدۇ، جەرىمانە دەيدۇ، ئىشقىلىپ ئالاي دېسە باھانىمۇ تولىكەن، يالچىتمايدۇ، شۇڭا ھازىرغىچە ئۈزۈكلۈك قىلدۇق، بىچارە بالام مەدىكار ئىشلەپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئىشەك ھارۋىسىنى قىلىۋالغانىدى، ئەمدى، خۇدا بۇيرىسا، قولىمىزمۇ ئازدۇر. كۆپتۇر پۇل كۆرۈپ قېلىۋاتىدۇ، يەنە بىر ئىشەك بىلەن بىر ھارۋا ئېلىۋالساق، ئىنىسىمۇ «ياپىرىم» دەپ چىقىپ كەتسە، بولمىدى دېگەندىمۇ بازارلىقىنى تېپىپ يىگىدەك يول تېپىۋالغانىنىڭياقى ئاندىن ئابلىكىم باشقا بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى دەيمىز، خۇداغا شۈكرى، زامان ياخشى، ئانچە. مۇنچە پۇل تېپىشقا يول بار. ھە، مانا بىزمۇ ئۆزى بەك ئۈزۈك ئەمەس، شۈكرى قىلماق كېرەك، بالامنىڭ تاپقىنىدىن سىقىپ سۈيىنى ئىچىپ يۈرۈپ بىر مىليان (يۈز سوم) پۇل ئىقتىساد قىلىۋالدىم. بۇرۇنلىرىدا توقسەن كويغا ئىشەك ھارۋىسىنى بېرەتتى ـ يېڭىسىنى، ھازىر قانداقكىن، ئاۋال ئىشەك ئالساقمىكىن يا ھارۋىنى ئېلىپ، ياستىپ قويساقمىكىن، ئىشقىلىپ يەنە ئازراق تەخىر قىلساق ئىنىسىگە بىر تىرىكچىلىك يولى قىلىپ بېرىمىز، ئاندىن بىزنى شۇ باقىدۇ. ئابلىكىمنى «جۇگۇ، ئۆيۈڭنى تۇت بالام» دەيمىز، خۇدا بۇيرىسا.

قۇربان ھازىر مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى ھارۋىنى يۈز ئەللىك سومغىمۇ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن كەچۈردى، بىراق، بۇنى بوۋايغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى بەرباد قىلغۇسى كەلمىدى.

— شۇ يۈز سوم پۇلنى قانچىلىك ۋاقىتتا يىغدىڭىز؟

— بۇلتۇر ئىككى ئېغىز ئۆينى يېپىپلا مەن بايقۇش شۇ كويدا. نېمە ئىلاج، ھېلىقىدەك.... ئۇنىڭسىزمۇ بىر ئۆينىڭ سە. چېرىغى بولىدىكەن، تۇز. يېغى بولىدىكەن، «تۆگەڭ نەچچە، يېغىرى شۇنچە» دېگەندەك، سەككىز ـ ئون جان بار ئۆي دېگەندە كىراكەشلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنا پۇلغا بىر نېمە ئالىمىز دېگەن تەس گەپكەن، ئۇنىڭ ئەۋۋىلىدىغۇ نەچچە زامان شۇ پۇلنىمۇ كۆرمەي ئۆتتۇق. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، — بوۋاي كادىر بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ئۇچۇن ئۆزىنى ئاڭلىق كۆرسەتكىسى كېلىپ شۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — بەزىدە ئابلىكىمنىڭ تاپاۋىتى ياخشى بولۇپ قالسا تۆت سە، يېرىم جىڭ گۆش ئېلىپمۇ كېلىدۇ، ھەپتىسىگە يېرىم جىڭ گۆش يەپ تۇرىمىز، ئىلگىرى گۆشنىڭ تەمىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنتۇق، ئون. ئونبەش كوي ھەپتىگە

كېلىپلا تۇردۇ، ئەمما، خەجلىمىسە بولمايدىغان ئىشلارمۇ چىقىپلا تۇردۇ، مانا شۇنداق.

بۇۋاي سەل جىمىپ قېلىۋىدى، قۇربانمۇ شۈككىدە يېتىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، بۇنداق چاغلاردا بۇۋاي ئۆزىچە : «مەن ئالجىغان ھەدەپ ھال ئېيتىپ مېھماننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويدۇممۇ نېمە» دەپ ئويلاپ قالاتتى - دە، دەرھال تېمىنى يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ ياشلىقتىكى شوخلۇقلىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلايتتى.

— بىزنىڭ ياش چاغلىرىمىزدا ئادەملەر ساددا بولاتتىكىن، بىلمەيمەن، تويمۇ كۆچ ئەمەس ئىدى. مەن مانا ئانىسى بايقۇشنى بىر قوينىڭ پۇلىنى خەجلەپلا ئالغان، ئۆزىمىغۇ ماڭا مەيلى بولغاچقا قاچىمەن دەپلا تۇرغان، نېمىشقا دېسىلە، مەن دېگەن ناخشىنى، دۈڭ تووۋلاپ كېچىلىرى ئۇخلىماي، قىز باللىنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالىدىغان ساياق ئىدىم. ئۇنداق ياشتا قىز بالا دېگەننىمۇ تازا ساراڭ بولىدىكەن ئەمەسما. ئادەمنىڭ تۇرقىغا، شوخلىقىغا مەيلىنى بېرىدىكەن، نېمەڭ بار، نېمەڭ يوق دېگەننى ئويلىمايدىكەن، مەن تازا ساياق بولغاندىمۇ ئىلگىرىكىن ئەخمەقمىدىمكى، ئاغىنەممۇ تولىدى، تاپقىنىمنى شۇ كۈنىلا خەق بىلەن تەڭ - ئورتاق يەپ تۈگىتىپ قاراپ ئولتۇراتتىم. باينىڭ مېلىنى باقاتتىم، گۆش يىگىم كەلدىمۇ، بولدى، بىرەر قوينى «يۈتۈپ كەتتى» قىلاتتىم - دە، ئۆزەمدەك ئالىقاناتلارنىڭ بىرسىگە «بۇنى ئاپىرىپ پۇشۇر كەچتە ھەممەيلەن بىللە يېۋېتىمىز» دەيتتىم، بايلارنى ئۇراتتى، دەپ دەرتمۇ تۆكتۈق، مەن دەيمەن ئۇ چاغلاردا تاياقمۇ يەيتتۇق، گۆشىنمۇ يەيتتۇق، ھەرھالدا، باي قول كۆتەرسە، قول قۇۋۇشتۇرۇپ ياۋاش تۇرىۋالاتتۇق - تە، قۇتۇلاتتۇق، سالا قىلغۇچىلارمۇ كۆپ بولاتتى، «مېلى بارنىڭ مېلىغا كەپتۇ، مېلى يوقنىڭ جېنىغا» دەپ، بۇمۇ كەلگەن يېرى، باش كۆزلىرىنىڭ سەدىقىسى، دېيىشەتتى، بايمۇ بىرەنى ئۇرۇپ، توختاپ قالاتتى. مانا سىز مېنى ئوننى ئۇرىۋېلىڭ، قورسىقىمنى بىر قېتىم گۆشكە تويغۇزۇڭ، قانداق؟ ھېچكىم قىل ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، ھى ھى...،— بۇۋاي خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى،— ھەرھالدا كۆڭۈللۈك ئىدى،— داۋام قىلدى ئۇ،— مەن ماۋۇ ئايالنى ئالغان قوينىمۇ ھېلىقىدەك قىلىپلا سويۇپ سېتىۋەتكەنىدىم. شۇنىڭ پۇلىغا مەسە - كالاچ، شاتىۋا كۆينەكلىك، خام ئەتلەس دېگەندەك ئازغىنا بىر نېمىلەرنى ئالدىم، شۇ... شۇنداق خاپا قىلىپ تۇرىدىغان بولسامۇ، ھېلىقى



باي يۈرتتىن نۇمۇس قىلىپ يېڭى ئائىلەمنى مەرەكىلەپ ئۇبدان قويدىن بىرنى بەرگەنىدى...

سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن بۇۋاي سوراپ قويدى:

— ئۇيقۇلىرىنى ھارام قىلىۋاتامدىمەن، قانداق؟ بىزغۇ قېرىغاندا شۇن جاھاننى سورۇپ ئۇنى ئۇنداق، بۇنى بۇنداق قىلىپ بېقىپ، تۈن تەڭگىچە ئۇخلىيالمايمىز، بالا غېمى،...

— مېنىڭمۇ ئۇيقۇم كەلمىدى.

— جىم بولۇپلا كەتلە، شۇڭا دەيمەن.

*****

قۇربان ھەركۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يېزا ئارىلاپ چىقىپ كېتەتتى، بەزىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپمۇ بېرەتتى، ئۇلارنىڭ ئېتىزلىقىمۇ ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ قالدى، باشقا دېھقانلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. قوشنىلار ئادەت بويىچە ئۇنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆيىگە چاقىرىۋالدى، ئۇ بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەسرالىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ياشلار ئۇنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالغانىدى. دېھقانلار بىلەن قىردىلا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشەتتى...

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۆيدىكىلەر سەھەردىلا ھەربىرى ئۆزى ئىشىغا مېڭىشاتتى. ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىللىلا چىقىپ ئۆزىنىڭ مەشغۇلاتىنى باشلايتتى.

ئۇ مەھەللە ئارىلاپ كەنت مەھكىمىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھابۇق (ھېلىقى ئوبۇل) نى بىر توپ ئادەملەر ئارىسىدا كۆرۈپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى بۇ كىشى ھېچيەردە ئۇچراشمىغانىدى. ئۇ بەلكىم قۇرباننىڭ يوقۇرىدىن كەلگەن كادىر ئەمەس، ئۆزىچە ئارىلاپ يۈرگەن يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا ئانچىۋالا ئىلتىپاتلىق بولۇپ كەتمىسەممۇ بولىدۇ دەپ ئويلىدىمىكىن، ھەرھالدا ئۆزىنى قاچۇرغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ مانا ئەمدى توپ ئارىسىدىن چىقىپ قۇرباننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئاينا، ئاۋۇشۇ بىزنىڭ دادۇيجاڭ، ھازىرغۇ سوگجاڭ دەيدىغان بولدۇق،— دېدى ماختىنىپ تۇرۇپ ئاكىسىنى قۇربانغا كۆرسىتىپ،— ئۆزلىرى شۇ يېتى

كۆرۈنمىدىلە، ھابلەكىنىڭ ئۆيىدىلىمۇ؟ بالا بولۇپلا- دە؟— دېدى مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىپ.- قىز، كېلىن دېگەندەكلەر بولۇپ خوتۇن خەق تولا ئۆي، ئىشقىلىپ، تۇرۇپ قالغۇچىلىقى بار...

قۇربان ئۇنى تىللىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ، كېتىپ قالدى.

— يازغۇچى دېگەنمۇ شۇ خوتۇن ماراپ يۈرىدىغان خەقكەن،— دېدى ئوبۇل ئەتراپىدىكىلەرگە.

قۇربان بۇ يېزىنىڭ دائىرىسىنى مۇمكىن قەدەر تولۇق ئايلىنىپ چىقىشقا، كۆپرەك دېھقان بىلەن ھال- مۇڭ بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ روھى دۇنياسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا تىرىشتى.

يېزا ھەقىقەتەن نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالاقلىق بۇ زامانغا زادىلا ماس كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدى كىچىككىنە نەرسىدە بولۇپ، ئىقتىسادى قىممىتى ئانچە يوقۇرى بولمىغان ئەرزىمەس بىر نەرسىگە يېتىشەلمەستىن تىرىشىپ ۋە ئۈمىدسىزلەنمەستىن پالاقشىپ كۈن ئۆتكۈزىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتقا- تۇرمۇشقا قويىدىغان تەلىۋى شۇنچە تۆۋەن بولىشىغا قارىماي، شۇنچىلىك مۇددىئاغىمۇ يېتەلمەي تېپىرلىشاتتى.

شۇڭلاشقىمۇ، قۇربان بۇ يەردە كۆپرەك تۇرۇپ، ئۆزىگە ئاشۇلارنىڭ تارتىۋاتقان جاپانىمۇ تېتىپ كۆرۈش ئىمتىھانى قويماقچى بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلەتتى. «قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش» بىر قارىسا قالتىس ياخشى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق تۆۋەن تەلەپ ئىدى، يەنە قورساقنىڭ نېمىگە، قانداق تائامغا تويىۋاتقانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ ئىدى.

ئۇ كەچتە «ئۆيگە» قايتىپ كەلدى، ساھىپخان بوۋاي ئۇنى يېڭىۋاشتىن، ھەركۈنى بىر خىل يېڭى، قىزغىن خۇلق بىلەن كۈتىۋالغاندەك قارشى ئالدى.

— ھاۋانىڭ قىزىقىدا نەلەردە يۈرگەنلا؟ سەھرا دېگەندە شۇ...— ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەھرانىڭ جاپالىق شارائىتى، ناچار مۇھىتىغا ئۆزى سەۋەبكاردەك بىر خىل ئىلاجىسىزلىق، خىجىللىق، ساددا ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتىن چىققان ئۆزرە بىلىنىپ تۇراتتى.



بوۋاي ھەركۈنكىگە ئوخشاشلا بالىلارچە خوشلۇق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا قىلغانلىرى ۋە قىلماقچى بولغانلىرى،... نى ئەڭ ئاخىرىدا گەژخا قىلىپ ئۆي ياساشقىچە سۆزلەپ بەردى، قۇربان ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرى ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، گېلى بوغۇلغاندەك بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

بوۋاينىڭ «ئاجايىپ پىلانلىرى» دا ئادەملەرگە خاس بولغان گۈزەللىككە ئىنتىلىش — ئۆز شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاش ئىستىكى يالتىراپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ھالىغا باقماي بەك چوڭ گەپ قىلىۋاتىمەنمىكىن دېگەن ئوي ئارىلاش سۆزلەۋاتقان ئارزۇلىرى بۈگۈنكى مۇشۇ ئەسىر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەرزىمىگەنلا بىر نەرسە ئىدى. بوۋاينىڭ پات - پاتلا ھازىر يۈز سوم پۇلى بارلىقىنى ماختىنىش ئاھاڭىدا تەكىتلەپ تۇرۇشى كىشىنى ئاچچىق تەسىرلەندۈرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ جىمىكى ئارزۇلىرىنىڭ ھۇلى، پىلانلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى — خېمىر تۇرۇچى ئەنە شۇ يۈز سوم ئىدى...

******

ئۇلار كوچىدىكى ۋارقىراشلاردىن نېمىشلىكىنى ئاڭقىرالماي، تۇرۇشقىنىدا ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى زەرب بىلەن ئېچىلىپ ئەترەت باشلىقى ئەلپازىدىكى بىرسى بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە چاپسان تۇرۇپ، ئۆيلۈڭلارنىڭ يول تەرىپىنى سۈۋاڭلار، ھەم ھاك چېچىپ ئاقارتىڭلار، بولمىسا جەرىمانە، بىر مىليان جەرىمانە!

— ھوي، تۇرسۇناخۇن، ئىنىم، توختىسىلا،— دېدى بوۋاي داستىخاندىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ،— نېمە گەپ ئۆزى؟ داستىخانغا كەلسىلە، بىر قوشۇق چاي ئىچكەچ...

— چايغا چولام يوق، گەپ شۇ، يول تەرەپنى دېگىنى، ھېچ بولمىغاندا يول تەرەپنى سۇۋاپ ئاقارتىڭلار بولمىسا بىر مىليان جەرىمانە، بۇنىڭ تاشايىنىدا دادۇيغا ئاپىرىپ قىش قۇيدۇرىمەن! — ئەترەت باشلىقى دەرۋازىنى ياپمايلا چىقىپ كەتتى.

— توختاڭلار، ئۆزەم چىقىپ ئۇقۇپ چىرەي،— بۇۋاي ئۆز ئالدىغا دۇئا قىلىپلا چىقىپ كەتتى.

قۇربان تۇگەل ئايالالار بىلەن قالدى، ھابلەك تاڭ سەھەردە كىراكەشلىككە، ئىنىسى جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتكەنىدى.

— نېمە دەيدىغاندۇ، بېشىنى يەيدىغانلا! — دېدى مۇماي ئىچىگە ئاللىقانداق ئەنسىزلىك كىرىۋالغان ئادەمدەك ھولۇقۇپ.

— ئالايلا دېسە باھانىمۇ تولىكەن ـ دە!،— دېدى چوڭ كېلىن.

— يەنە نېمە ئالۋاڭ بۇ؟! ئۆيدە ئەركىشى بولمىسا لايچىلىقنى قانداق قىلغۇلۇق؟ تام دېگەننى سۇۋاشقا ئۇستا بولمىسا ئۆزىمىز قىلالامدۇق؟ تامنى نېمىدە ئاقلايتىكىن..؟ كىچىك كېلىنمۇ ئۇن قاتتى.

— ئۇستا قىچقارسا پۇل دەيدۇ، شۇ!... ھاكنى بازاردىن پۇلغا ئالىدىغان گەپ!

— ۋاتىلداشمىغىنا، بېشىنى يەيدىغانلا، داداڭ بىلىپ چىسۇن، نېمە گەپكى، ئاندىن مېڭەمنى يېيىشسەڭمۇ ئۆلگۈرىشسەن تېخى!

قۇربان ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ:

— مەن تام سۇۋىيالمىساممۇ ھەرھالدا لاي ئېتىپ بېرىشكە يارايمەن،— دېدى.

— قويسىلا...

ئاڭغىچە ئۆڭسىلى ئۆچكەن بۇۋاي قايتىپ كىردى.

— راست شۇنداق گەپكەن، بىر مۇنچە خەقلەر تەۋرەپ كېتىپتۇ، بۇرۇن سۇۋاقلىق تاملارنى ئوبۇل دېگەن توڭگۇز ئاقلىغىلى تۇرۇپتۇ، گايلار لاي چىلاپ، ئۇستا ئاڭلىشىپ يۈرىدۇ...

— نېمە گەپ بۇ؟— دېدى قۇربان بى ئىلاجىلىق بىلەن پۈچۈلۈنۈپ، گويا تازا ئوبدان چۈشىنىپ باقسا ئۆزى ھەل قىلىشىتەلىگىدەك يوچۇق چىقىپ قالىدىغاندەك كوچىلاپ،— بۇ نېمىگە شۇنچە زۇرۇر بولۇپ قاپتۇ؟

— دادۇيكى كالتە- كۇسەيلەرنىڭ يىگىسى كەپ قىلىپ تاپقان باھانىسىدۇ ـ يا! — دېدى موماي زەردە بىلەن بوۋاي ئېغىز ئاچقىچىلا.

— گېپىم بار دەپ دەۋېرىدىكەنسەن،— دېدى بۇۋاي ھەمرىيىغا ئاچچىقلاپ، — يۇقۇرىدىن چوڭ كاتتىدىن بىرسى كېلىمىش، شۇ كىشى ئۆتىدىغان



يوللارنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى ئۆيلەرنى بايقىدەك، ياساپ- جابدۇيدىغان گەپكەن...

قۇربانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇنچە ئالۋاڭغا بىزنى قويۇپ، بۇ كوچىدىن ئۆتمىسە ئۇ غوجامغا باشقا يول يوقمىكەنمىش!... — غۇدىردى موماي.

— سەن تولا قالايمىقان سۆزلىمە، دەيمەن!

— راست، بۇ كوچا بىلەن قاياقىقا باراتتىكىنە؟— دېدى قۇربان ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك گۈڭۈلداپ، گەرچە بۇ بىمەنىلىكنى ئىچىپ تاشلاش تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ بۇ يەردە ھېچكىم قۇربانىنىڭ سۆزىنى بىر تىيىنگە ئالمايتتى. ئۇ بىچارە دېھقانلارغا ھېچقانداق ياردەم كۆرسىتەلمىگىنىدىن يۈرىگى ئېچىشىپ ئاستا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاللا كىم بىلەن ئۇرۇشقىسى، تىللاپ رەسۋا قىلغۇسى، قورسىقىنى بوشىتىۋالغۇسى كېلەتتى. ئەنسىزلىككە تولغان يېزىنىڭ توپىلىق كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ھېسسىيات ئېتىغا يۈگەن سېلىپ رېئالراق بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدى: «بۇ ئالدامچىلىقلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىكى بىيوكرات ئەمەلدارلارنىڭ ئويلاپ تاپقان كۆز بوياماچىلىقى، ئۇلار مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق يۇقۇرىنى ئالدايدۇ، يالغان دوكلات يوللايدۇ، ساختا جەدۋەل تۈزىدۇ، ئەگەر شۇ تاپ غەزەپكە كېلىۋاتقان دېھقانلارغا بۇ ئىشلارنى ئېچىپ چۈشەندۈرىدىغان بولسام ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ غەزىپىگە پىلتە بولىدۇ،...— بىراق ھېلىقى ساختىپەز ئەمەلدارلار مېنىڭ بېشىمغا يوغان قالپاقنى كەيدۈرۈپ، ئاممىنى قۇتراتتىپ... غا قارشى چىقىشقا، ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان،... كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئىنقىلابى كادىرلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۆرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ خەۋپلىك سۇيىقەست، ۋاقتىدا پاش قىلىندى... دېگەندەك دوكلاتتىن بىرنى يوللايدۇ- دە، يەنە تېخى ئۇستىلەپ مۇكاپات ئالىدۇ، مەرتىۋىسىمۇ ئۆسىشى مۇمكىن!... قۇربان شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، ئاچچىقىغا ھاي بەردى، «ھەقىقە يەتكىچە بىلىڭ ئۇشتۇلار» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان «زاكوننىڭ تازىسى — كۆت قىسقان» دەپتىكەن . ئۇ «ئۆيگە» قايتىپ قارىشىپ بېرىش، ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ يۈكىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئۇستىگە ئېلىش نىيىتىدە ئارقىسىغا ياندى.

بوغۇنۇقۇپ كەتكەن بۇۋاي نېمە قىلارنى بىلمەي دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ قۇربانىنى كۆرۈپلا:

— ھەيدەپ كەتتى،... — دېدى ھەممىدىن تۈگەشكەندەك ھەسرەتلىك ئاۋازدا.

— كىمنى كىم ھەيدەپ كەتتى؟

— ئۆيدىكىلەرنى، كېلىن- قىزلىرىمنى بولمامدۇ! ئۆيدە ئەركىشى بولمىغاندىكىن شۇلارنى ئېلىپ كەتمەي قانداق قىلىدۇ؟— بۇۋاينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدە ئۇمۇمەن باشلىق بولغۇچىلار توغرا قىلىدۇ، دېگەندەك قارىغۇلۇق، بوزەكلىك ۋە ھەممىگە كۆنۈكۈپ كەتكەنلىك بىلىنىپ تۇراتتى،— بۇيۇنتاۋلىق قىلغانلارنى داۋىغا يىغىۋېلىپ قىش قويدۇرىۋاتىدۇ، بىزنىڭكىلەرمۇ ئىككى كۈن قىش قويىدىغانغا ماڭدى.

— تامىنچۇ ؟ سۇۋاپ ئاقارتمامدۇق؟— دېدى قۇربان راستىنلا مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغاندەك ئەنسىرەش بىلەن،— مەن سۇۋاشنى ئەپلەشتۈرىمەن، سىلى لاي سۈنۈپ بەرسىلە،— دېدى ئۇ بۇۋاينى قانداق خۇشال قىلسام بولىدىكىن دېگەندەك ئالدىراپ،— توختىسىلا، ئاۋال مەن لاي ئېتەي، نەدىن ئېتىمەن؟ سامان قەيەردە؟ سىلى كۆرسىتىپ بەرسىلە بولىدى، ئۆزەم قىلىمەن...

موماي ھويلىدا ۋايساپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ۋايساشلىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، گويا ئېيتقۇسىز بالايى - ئاپەتكە دۇچار بولغاندەك ئۈمىدسىزلىك بىلەن نالە قىلاتتى.

— مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ غەلۋىسى- زە! — دېدى بۇۋاي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ قويۇپ، ئارقىدىنلا قۇربانغا ئۆمچەيگىنىچە تىكىلىپ:— رەخمەت بالام، شۇنچىلىك دېگەنلىرىگە رەخمەت... بۇ ئىشنى بىزگە قىلدۇرمايدىغان بولىدى. داۋىدىكىلەر ئۆزلىرى ئۇستا سېلىپ قىلدۇرىدىكەن، بىز پۇل چىقىرىدىكەنمىز، ھەممەيلەنگە شۇنداق... — دېدى.

— قانچە پۇلغا قىلدۇرۇپ بېرىدىكەن؟— قۇربان كۆڭلىدە مەلۇم سان چېكىنى ئويلاپ، بۇلار ئۈچۈن ئۆزى تۆلەپ قويۇش نىيىتىدە سورىدى.

— بىر مىليان.



— ھە!؟— قۇربان بۇنى تۆلىيەلمەيتتى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭمۇ ھال- كۈنى ئارانلا ئىدى. ئۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بوۋاينىڭ قېشىدىن تۇرۇپ كەنت مەھكىمىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

يول بويىدا، ئالدىكىمنىڭ ئۆيى يېنىدا تام ئاقلاشقا «يولىيۇرۇق» كۆرسىتىپ، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ يۈرگەن ئوبۇل قوربانىنى كۆرۈپ دەرھال گېپىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— كۆرمەملا ئامەت دېگەن مۇشۇنداق نېمە، مەركەزدىن نېمە بىر نېمە دەيدىغان، دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىسى باي بولغان يېزىلارنى كۆرگىلى كېلىدىكەنمىش، دېھقان بېچارىگە بۇ ئالۋاڭ چىقتى، قارىسام ماڭا باب ئىش، ئاكامغا دېدىم: ئاكا، سەن ئۆزەڭلا بۇ ئىشنى ماڭا كەلتۈرۈپ بەرسەڭ پايدىسىنىڭ بىر ئۈلۈشى ساڭا، «ھەممە ئادەم ئۆزى بىلگەنچە، ھەرقىسىما قىلسا بولمايدۇ، بىر تۈتاش قىلىمىز، شۇڭا ئۆزەڭلا ئاۋارە بولماي پۇل چىقارساڭلا بولدى» دەپ پەتىۋا چىقارمامسەن، دەپتىم بۇ ئىش تاپقا چۈشۈپ قالدى. ھەرئائىلىنىڭ يول تەرەپتىكى بىر تېمى قارا - قويۇق يۈز كويدىن كۆترە بولدى، ئۆزەم كۆترە ئالدىم. ئانچە- مۇنچە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئۇستىلارنى يالىلىدىم - دە، ھە، مانا ئىشقا سېلىۋەتتىم...— ئوبۇل ھەممە نەرسىنى — ھاياتنىڭ قىممىتى، ئىنسان تەبئىتى، ۋىجدان ھەممىسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان بايلار تائىپىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بۇ ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيىتىدىن ماختىنىۋېلىشنى، «بېچارە يازغۇچى»غا كۆز - كۆز قىلىۋېلىشنى قولدىن بەرمىدى.

بىراق قۇربان ئۇنىڭ ماختىنىشلىرىغا داۋاملىق قۇلاق سېلىشنى خالىماي ئىختىيارسىز ھالدا توختۇق بىلەن:

— سېنىڭ شۇ ئاكاڭ قېنى؟— دەپ سورىدى.

— ئاكام؟ بىزنىڭ سوڭجاڭ؟ ئاكام دېگەن نەگە بارىمەن دېسە ئۆز ئىشى، رۇخسەت سوراپ ئولتۇرامتى؟ ھە،— بەلكىم داۋىگە، قىشچىلارنىڭ بېشىدا بولسا كېرەك...

قۇربان يولىنى داۋام قىلدى.

كەنت مەھكىمىسىدە كەنت باشلىقى بىر نەچچە دېھقانغا قولىلىرىنى شىلتاپ ھەيۋە قىلىۋاتاتتى، ھەيۋىگە ئۈچرىغۇچىلار ئىچىدە تام ئاقلاشقا پۇل چىقىرالمىغانلار ۋە «قارشىلىق كۆرسەتكەن» لەر بارئىدى. ئۇلار گۇناھىنىڭ ئېغىر

- يېنىكلىكىگە قاراپ ئىككى كۈنلۈكتىن ئون بەش كۈنلۈككىچە «قۇش قويۇش جازاسى» غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

— پۇلۇڭ بولمىغاندىن كېيىن قۇش قوي، ھە، يەنە نېمە دەيتتىڭ؟ قۇش قويۇشقىمۇ قارشى چىقىپ باققىنا قېنى، يۈرىكىڭنى تۇتۇپ بېقىپ قارشى چىق، بېشىڭ ئون بولسا مەن بىر كۆرۈپ باقاي، شۇ چاغدا ئاندىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، مانا! ئوغلۇڭ قېنى؟ ئۇ تالادا پۇل تاپقىلى كەتسە، ساڭا مەن قۇش قويۇپ بېرەمتىم؟ تاپقان پۇلىنى مۇشۇنداق يېرىگە ئىشلەت! تۆت پۇلنى كۆرۈپ يوغىناپ كەتكىنىنى، دېۋانىلارنىڭ!...

قۇربان چەتتە بىر دەم قاراپ تۇرۇپ، ۋارقىراشلار، يالۋۇرۇشلارغا قۇلاق سالدى، ئاندىن كەنت باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ، دېھقانلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا شىكايىتىنى باشلاپ كەتتى:

— قارىماملا، بالىلىرىنى، ئەرلىرىنى تالادا پۇل تېپىشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ھاشا چىقسا گۈشۈيۈپ تۇرىۋالىدۇ، ھېلىقى نېمىلىرى پۇل تاپقىلى كېتىۋاتقىچە جاھاننىڭ ئىگىسى كىم، دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، كەلسىمۇ سالامنىڭ تايىنى يوق، بۇ خەقچۇ، قورسىقى تويسىلا ھۆركىرەيدۇ، تاپقان پۇلىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىۋەتسە ئاندىن غوجامنىڭ غۇجىسى باركەن دېمىسە...

قۇربان ئۇنىڭ ئاڭ - پىكرىنىڭ قايسى زاماندا توختاپ قالغىنىنى چۈشىنىپ بولغانىدى، بۇنداق ئادەملەرگە بىر نېمىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك ئاجىز ۋە ناتىۋانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەم بۇنىڭدىن چەكسىز خورلۇق ھېس قىلدى.

ئۇ كەنت باشلىقىنىڭ يەنە نېمىلەرنى بىلجىرلىشىغا قۇلاق سالماي، ئاستا ئارقىسىغا قايتتى. يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمى تەۋرەش، قىيا - چىيا، ئىش تەييارلىقى، لايچىلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ «قىزغىن» كەيپىيات ئىچىدە مۇماي بوۋايلارنىڭ ھەسرەتلىك ۋايساشلىرى ۋە كۆز يېشى، ئوبۇلنىڭ ھۆكۈمرانلەرچە گىدىيىپ تۇرۇپ، رەھىمسىز ماستىرلاردەك ۋارقىراپ - جارقىرىشى ئارىلىشىپ كېتەتتى.

قۇربان نېمىشىكىدۇر «ئۆيگە» قايتىشقا خىجىل بولغاندەك بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ئەيىپلىكتەك بىر خىل ئوڭايسىزلىق بىلەن بىر ئېرىقنىڭ



بويىغا كېلىپ، سۆگەت سايىسىدا كەچكىچە ئولتۇردى، ئۇ كۆزىنى نەمخۇش قىردا ئۆمىلۈشۈپ يۈرگەن ھاشاراتلارغا تىككەن بولسىمۇ خىيالى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ بۇنداق روھى ھالىتى بىر نەچچە كۈنگىچىمۇ ئۆزگەرمىدى، نالە - زارلار قۇلىقىدىن كەتمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ھېلىقى كاتتىنىڭ كېلىشى بىلەن باشلانغان داغدۇغا گويا زالىم باينىڭ قېرىغاندا قىز ئالغان تويىدەك تۇيۇلۇپ، ئۆچلىكى كەلدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك پەرىشان قىلغىنى ماۋۇ خەلقنىڭ — نەچچە كۈنلەردىن بېرى نالە - زار قىلىشقان، تىللاپ قاغاشقان، بار يوقىنى تام ئاقلاشقا بېرىۋېتىپ، چۆنتىكى قۇرۇقدىلىپ قالغىنىدىن ھەسرەت چەككەن كىشىلەرنىڭ ھەدىسىنىڭ تويى بولغاندەك خۇشال - خۇرام ھالدا ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ كوچىلارغا چىقىپ كاتتىۋاشلارنى كۈتىۋالغىنى بولدى، ئۇلار ساددا دىللىق بىلەن ياكى «گول چامغۇر» دەك ئاخماقلىق بىلەن تېخى تۈنۈگۈنلا تارتقان دىل ئازارىنى ئۇنتۇپ، خۇددى ئۇزلىرى ئۈچۈن ئاسماندىن تاۋار ياققاندەك ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا خېلى ئوبدان ئەمەك تېپىۋالغان بالىدەك بىر كۈن خوشال بولۇپ قېلىشتى. گەرچە ماشىنىلارنىڭ ئۇلارغا قالدۇرۇپ كەتكىنى ئەڭ ئەتىۋار كىيىملىرىنى پاسكىنىلاشتۇرغان ئاچچىق بوز توپىنىڭ توزىنى بولسىمۇ. قۇربان بۇ ئادەملەرنىڭ نادانلىقتا قەيەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

قۇربان ئەنە شۇ خىل مەيۈسلۈك ئىچىدە غەمكىن سەھرادىن ئايرىلدى. ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى مېھمانخانىغا كېلىپ چۈشكەندە بۇ يەرگە يېڭىلا يېتىپ كەلگەن ۋىلايەت گېزىتلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە قېنىق قارا خەت بىلەن:

«غايەت زور ئىلھام، چەكسىز مەنىۋى قۇۋۋەت» دېگەن ماۋزۇدا ئالاھىدە خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، ماۋزۇ ئاستىدىكى كىچىك خەتلىك سەرلەۋھىدە: « xxx مىنىستىرنىڭ ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى xxx يېزىسىنى كۆزدىن كۆچۈرگەنلىكى توغرىسىدا» دېگەن سۆزلەر تۇراتتى. قۇربان بۇلارنى كۆرۈپلا تاتىرىپ كەتتى، ئىلگىرىغۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگەن، بىراق ھازىر بولسا ئۇنىڭ خىيال ئىكرانىدا : «غايەت زور ئىلھام» نىڭ جانلىق كارتىنىلىرى ئۆتمەكتە ئىدى.

ئابلىكىمنىڭ ئاقكۆڭۈل ئاتىسى «يەنە بىر مىليان پۇل يىغساق بالىمىزدىن بىرنى بۆلەك قىلىۋېتەتتۇق، ئىككىسى ھارۋا بىلەن پۇل تاپاتتى، ھال كۈنىمىز خېلى ئۆڭشىلىپ قالاتتى» دەپ كۈن بويى غۇدۇڭشۇپ يۈرەتتى.

ئوبۇل نالە- زار قىلىۋاتقان بوۋاي- مۇمايلار ئارىسىدا ماستىرلاردەك ۋارقىراپ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ يۈرەتتى.

بويىنىنى قىسىپ مەيۈس كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئابلىكىم، زۇۋۇلىمىز كىچىك ئۆزۈلۈپتىكەن، قانداق قىلىمىز، يىقىلغان تاممۇ يىتىمنى باسىدىكەن... » دەۋاتاتتى.

كەنت باشلىقى بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ:

«بۇ خەقنىڭ قورسىقى تويسىلا ئادەم تونىمايدۇ، تاپقان پۇلنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىۋېتىش كېرەك!...» دەپ ۋارقىرايتتى.

1988- يىل 8- ئاۋغۇست

1993- يىل 4- دىكابىر ئاتۇش، شورۇق



# بېزەلگەن قەبرە

كۈز.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ مەنىسىز، يۈرەكنى تاتىلايدىغان جىمجىتلىق يەنە باشلاندى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى نازۇك تۇيغۇلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتى ئۆتكەن، ئەمدى ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدىكى قىزغىن سۆھبەتلەرمۇ پۈتۈنلەي توختاپ قالغانىدى، ھازىر بۇنداق پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا ئېغىزمۇ بارمايتتى.

بۇنداق جىم - جىتلىق ئۇلار توي قىلىپ ئىككىنچى يىلى بىلىنمەستىن باشلانغان بولۇپ 20 يىلغىچە تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە بارغانىدى، دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇلار ئادەتتىكىچە بىر- ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ قويۇپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا زادىلا ئېغىز ئېچىشمايتتى. ئەڭ زۆرۈر سۆزلەرنىمۇ گويا جىمجىتلىققا تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمىغاندەك پەس ئاۋازدا- پىچىرلاپ دېگۈدەك قىلىشاتتى. ئارىدىكى سۆز ئازايغانسېرى ئايال شۇنچە زىل ۋە سەزگۈر بولۇپ كەتكەندەك بولدى. ئەر كۆڭۈلدىكىنى ئېيتماي تۇرۇپلا ئويلىغىنىغا ئېرىشەلەيتتى. بۇ ئۆيىنىڭ جىمجىتلىقىنى پەقەت تام قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى، ئەر- خوتۇننىڭ ئانىدا- ساندا ۋارقىرىشى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ياخشى سەرەمجانلانغان، ھازىرقى ئەڭ يېڭى مودىدا تۈزەشتۈرۈلگەن ئۆيىدىن تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغان، ئىشچان ئايال ھېچقانداق كۆرسەتمىسىزلا ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

كىيىم شىكاپىنىڭ يوغان ئەينىكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان ئەرنىڭ پەرىشان ئەكسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەش ئېغىزلىق شىكاپىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ سىرلانغان پاقىراق يۈزىدە سۈپىنىڭ يەنە بىر چېتىدە گۇناھكارلارچە بۇيۇن قىسىپ، خۇددى ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم بالىدەك ئولتۇرغان ئايالنىڭ تارتىنچاق مېھماندەك مەزگىلسىز قىمىرلىشى بىلىنىپ تۇراتتى.

قوشنا ئۆيدىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى، ئارقىدىن غەزەپلەنگەن ئاتىنىڭ ۋارقىرىشى، ئانىنىڭ تۈرلۈك شىرىن سۆزلەر بىلەن بالىنى ئەركىلىتىپ بەزلىشى ئاڭلاندى.

ئۇلار ئولتۇرغان ئۆينىڭ تاملىرىغا چوغدەك قىزىل ئىران نۇسقا گېلەم ئېسىلغان بولۇپ، چىراقنىڭ شولىسىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى... ئەر دەسلەپكى يىللىرى يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىپ ئۆي ياسىغانلىرىنى ئويلاپ ئۆكۈنمەكتە ئىدى، ھەم ئۆز- ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتتى، ئەمدى ئۇ ئىشلار — تىرىشىشىپ - تىرمىشىپ روزغار تۇپلاشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە بىمەنە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلماقتا ئىدى. «ئەجەبا، كىم ئۈچۈن...؟» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!- دېگەن ئاۋاز بىلەن ئەر- خوتۇن ئىككىسى ئىشىك تەرەپكە قارىدى، بوسۇغىدا ئەرنىڭ ساۋاقدىشى ۋە دوستى تۇراتتى.

ساھىپخانلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرغان بولسىمۇ، جىمجىتلىقنى يەنىلا مېھمان بۇزدى:

— پاھ، نېمە دېگەن جىم - جىت، ئازادىلىك بۇ! — دېدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن ھەۋەسلىنىپ،— ئارامىڭلارنى بۇزۇپ قويمىغاندىمەن؟ قاراڭلار، ھەتتا تېلېۋىزورنىمۇ قويماي ئولتۇرۇپتىكەنسىلەر...

— بۇنداق جىم - جىتلىقتىن شۇ...،— دېدى ئەر ۋە خوتۇنىغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويدى، خوتۇنى دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

— مۇنداق گەپ،— دېدى مېھمان ساھىپخانىنىڭ تەكەللۇپلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ،— ئۆگۈنلۈككە سۈننەت تويىغا قوپۇپ قالدىم. تۇيۇقسىزلا قوپۇپ قالدۇق، ئەتە تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەمدىكىن دەپ كېلىۋىدىم. سىلىدىن باشقا ھال ئېيتقۇدەك كىمىم بار؟ مۇشۇ ئىش بىلەن ئالدىراشمەن، ھەمرا بولالمىدىم، رەنجىمەيسىلەر.



ئەر- خوتۇننىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، ئۇلار بۇ دوستىنىڭ ئۆيىدىكى تويلارغا قانچىنچى قېتىم قارىشىپ بېرىۋاتىدىكىن؟ دوستى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلۈك- كىچىك تىنىپ قويدى، بىزەلگەن ئۆي، تەل بولغان بىساتلار ئۇنىڭغا ئەرزىمەس بىر نەرسىدەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

خۇددى پىسى كېسەللىگە گىرىپتار بولغان كىشى باشقىلار ئالدىدا خۇدۇكسىرىگەندەك تەمتىرەپ تۇرغان ئايال، ئېرى ئېغىر تىنىپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇرىشى بىلەنلا قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك، (ئارتۇقچە بولسىمۇ) قېنىق دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە قويۇپ كېلىپ ئېرىگە سۇندى.

— چاي ئىچەمسىز؟...

...قوشنا ئۆيدىن بالىنىڭ قەغىشلىك يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى...

1984- يىل 3— نۇيابىر ئاتۇش، شورۇق.

# قان ئىچىدىكى بوۋاق

## (بارىن ئىنقىلابىنىڭ 20 يىللىقىغا)

— بىزگە سىڭدۈرۈلگەن مەپكۇرە تۈپەيلى شۇنداق بىر خىل كەسكىن ئىشەنچ ۋە يا قاراشقا كەلگەنمىزكى، ئەر- ئايال، ياش قېرى، بوۋاق ياكى ئۆي هايۋانلىرىنى ئايرىپ ئولتۇرماستىن قارا- قويۇق ئېتىۋېرىشتىن ئىبارەت ۋەھشىيلىك پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا، جاهانگىرلارغا ۋە فاشىستلارغىلا خاس تەبىئەت بولۇپ، بۇنى «ئازادلىق ئارمىيە» نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتۇق...

— (جاڭ جۇنتاۋ[1]نىڭ ئادۋۇكاتىغا دېگەنلىرىدىن)

خىتايلاردا كەم بولىۋاتقىنى ۋىجدان ۋە ئادالەت تۇيغۇسى.

— جاڭ جۇنتاۋنىڭ ئادۋۇكاتىنىڭ سۆزىدىن

—ھە،... كەلدىڭمۇ؟ ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، — دېدى ئايال خۇپتەندىن قايتىپ كەلگەن ئېرى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، — بۇ كېچە نېم بولۇۋاتىدۇ، مەخەتقارى، تېنچ ئۆتەمۇ، يا...؟ — دەپ سورىدى ئارقىدىنلا.

تالادا ھېچقانداق ئۈن-تىنىش يوق ئىدى. بۇ جىملىق نورمال زامانلاردىمۇ مانا شۇنداقمىدى؟ ياكى كىشىلەر بولغۇسى بۈيۈك بىر غەۋغانى كۈتۈۋاتقاندا مانا شۇنداق تۇيۇلامدۇ، بىلىپ بولمايتى. ئىشقىلىپ بۇ جىملىق شۇنچىلىك يۈرەكنى سىقاتتىكى، ئۇندىن كۆرە ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈدەك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن بولسا، دېگۈسى كېلەتتى. تېخى باهارنىڭ باشلىرى بولغاچقا

[1] جاڭ جۇنتاۋ — بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان سابىق خىتاي ئەسكىرى بولۇپ، كېيىن ئامېرىكىغا سېغىنغان، — ئا.



كۆللەردە پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىمۇ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ ئاڭلانمايتى، بۇ ھال بۇ جىم-جىت كېچىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىنى قورقۇتقۇدەك سۈرلۈك قىلىۋەتكەن ئىدى.

مورا بېشىدا ئىس چىقىرىپ يېنىپ تۇرغان جىن چىراق ئۆينى بەك غۇۋا يورۇتقاچقا، سىرتتىن كىرگەن ئادەمگە دەرمەھەل بىرنېمە كۆرۈنمەيتى. مەخەتقارى شۇڭلاشقا دەرھال جاۋاپ بەرمىدىمۇ، ياكى دەيدىغانلارنى ئوبدانراق ئويلىنىۋالماقچى بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىشىكتىلا تۇرۇپ، بىر-ئىككى مىنۇتچە غۇۋا قاراڭغۇلۇقتىكى كىچىككىنە ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قاراپ تۇردى، كېيىن ئاستا سۇپا تەرەپكە سىلجىپ:

— ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ — دېدى مەخەتقارى چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغان ئاۋازدا، — سادىسەن-دە، زىبىخان، سادىسەن،... زەيدىنقارىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇدۇڭما؟ شۇ خىتايلار يۇرتىمىزدا بولغان مۇددەتتە بىز خەققە تېچلىق بومامايدۇ، دېمەپمىدى؟ — جىن چىراقنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى تۈزۈكرەك كۆرۈشكە ئىمكان يوقىدى. پەقەت ئاۋازلىرىدىنلا ياش ئەر-خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۆيمۇ چىراقنىڭ ئىسى ياكى ھەمىشەمكى سامان ئوتىنىڭ تۈتەشلىرىدىن قارىداپ كەتكەندەك، تورۇستىكى ۋاسا بورىلىرى قارىداپ كەتكەن، ئىستىن ھاسىل بولۇدۇغان قارا تور ھەر يەردە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۆي پاكار، شۇدىگەرلىكنىڭ چالمىسىدىنلا قوپۇرۇلغان تامدىن ئىبارەت ئىدى. ھەر نەرسىدىن نامراتچىلىقنىڭ ئىزناسى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاڭغىچە تەم-تىم ماڭغان ئوغلى سۇپىنى تۇتۇپ مېڭىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ پاچىقىغا ئېسىلدى.

مەخەتقارى بالىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن سۇپىغا ئاۋايلاپقىنا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنى تىزلىرى ئۈستىگە دەسسىتىپ تۇرۇپ، باغرىغا چىڭ باستى. شۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزدىن كېيىن ئارىغا چۆككەن جىملىقنى بالىنىڭ ئۆزىگە خاس چۈشىنىكسىز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئەمما مەخەتقارى بۇلارنى ئاڭلىمايتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاللىنېمە مۇجۇپ تۇراتتى. خىياللىرى قالايمىقان، تەرتىپسىز ئويلار كاللىسىنى چولغىۋالغان ئىدى. بالىنىڭ كۈچۈنۈپ تېپىرلىشى ۋە نارازىلىققا ھېساپ قىلىشقا بولۇدۇغان ۋارقىرىشى بىلەنلا ئاندىن

بالىنى باغرىغا باسقاندا بەك چىڭ سىقىۋەتكىنىنى بىلدى. بۇ مەھكەم قۇچاغلاشتا ئاتىلىق سۆيگۈسى ئۈستۈن كېلەتتىمۇ ياكى قورقۇش ھېسسىمۇ؟ بىلىپ بولمايتى. ئاشۇ بۇدرۇق كىچىككىنە جاننىڭ نېمە بولۇشى ھەققىدىكى قورقۇنۇچلۇق خىيال ئۈستۈنلۈكتەمىدى؟ ياكى ئاشۇ سۇنئىي ۋە ئەنسىز جىملىقنىڭ سەۋەپچىسى بولغان ھادىسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسى ئۈستۈنلۈكتىمىدى؟ بۇنىمۇ ئىلغا قىلىش تەس ئىدى.

ئۇ مەخەتقارى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قارى ئەمەس ئىدى. ئۇنى قارى قىلىش دادىسىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئوقۇش يىللىرىدا دىن بەكمۇ قاتتىق چەكلەنگەن زامانلار بولغاچقا، قارى بولماق تۈگۈل، ناماز ئوقۇغۇدەكمۇ ئىمكانى قالمىغان كىشىلەردىن كىم ئۇنىڭغا دەرس بېرىشكە پېتىنسۇن؟ ئۇ كىچىك چاغدىلا دادىسى ناھىيە بازىرىدا شېھىت بولدى. بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن شېھىت ئائىلىلىرى قەدىرلىنەتتى. گەرچە كوممۇنىست خىتايلار، ئۆتمۈشتىكى خىتايلاردىنمۇ ۋەھشىي، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھاياتلاردىن، ئۆلگەنلەرنىڭ بالىلىرىدىن ھېساپ ئالىدىغان دەرىجىدە شۈمپەن بولسىمۇ، شېھىتلەرنى «خەلق دۈشمىنى، ۋەتەن ساتقۇچ، بۇزۇق ئۇنسۇر،... » دەپ قارىلاپ، خەلققە يامان كۆرسۈتۈشكە تىرىشسىمۇ، قېنى پاكىز بۇ يېزا خەلقى يەنىلا شېھىتلەرنى بېشىدا كۆتۈرەتتى. شۇڭا كىچىك يېتىم قالغان مەخەتقارى يۇرتنىڭ بالىسى بولۇپ، كۆپنىڭ كۆيۈنۈشى ئاستىدا ئۆستى.

مەكتەپتە چالا-پۇلا ئوقۇدى، خەت-ساۋادى چىققاندەكمۇ بولدى، ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئوقۇغىنى خىتايلار چىقىرىپ بەرگەن يېڭى ئېلىپبە بولغاچقا، كېيىن يەنە ساۋاتسىز بولۇپ قالغان ئىدى.

سىياسەت بىرئاز ياخشىلاندى دېيىلگەن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئىشتىن كېيىن كەچلىرى قارىلارغا بېرىپ، بىرئاز قۇرئان ساۋادىنى چىقاردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى زەيدىنقارىنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ۋەزلىرىگە ھېرىسمەن بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىلەيلەن سادىق مۇرتلارغا ئايلاندى. دىننى خېلى تۈزۈك چۈشىنىپ قالدى. ئېتىقادى رۇسلاندى. ئاللاھنىڭ بۇنچىلىك ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگىنى ئۈچۈن شۈكرانىلىرى ھېساپسىز ئىدى. ئىلگىرىكى غەپلەتلىك كۈنلىرىگە نىسبەتەن كۆڭلى يورۇغان، نېمىشكە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قىلىدىغان بولغان ئىدى. زەيدىنقارىنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى



تەسىرلىك ھېكايىلىرىدىن يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلگەن ياش ئەر ـ خوتۇنلار جىمىكى ئۈمىد ئارزۇلىرىنى مۇجەسسەملىگەن ھالدا تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلىشى ھامان مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭغا خالىد دېگەن ئىسىمنى قويۇشنى مۇۋاپىق تاپقان ئىدى. بەلكىم ئۇلار ئوغلىنىڭ ئاشۇ يېڭىلمەس ئىسلام سەركەردىسى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە ئوخشاش يۇرتنىڭ بېشى، ئازاتلىق قوشۇنىمىزنىڭ سەردارى بولۇشىنى ئۈمىت قىلىشقاندۇر.

زەيدىنقارىمۇ ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى، جاپاغا چىداملىقلىقنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا خېلى موھىم ئىشلارغا ئۇنى بۇيرۇيتى. زەيدىن يۈسۈپ سىياسىۋىلىكى كۈچلۈك ۋەزلىرىنى باشلىغىلى بىر يىلدىن ئاشقان، ئەڭ يېقىنلىرى ئىچىدە جىددىي قوزغۇلاڭ ھازىرلىقى ۋە پىلانى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە ئىدى. مەخەتقارى مانا شۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە بولغىنىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنى قەشقەرگە بومبا ئۈچۈن چۆيۈندىن قاپاق شەكىللىك نەرسىلەرنى قۇيدۇرۇش، ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغاندا، ئۇمۇ ئۇستازنىڭ جامائەت فوندىنى ئاسراش روھىنى دوراپ، قەشقەرگە پىيادە بېرىپ، پىيادە كەلگەن، ھەتتا كۆتۈرەلمىگۈدەك يۈك بولمىسىلا، يېنىكرەك يۈكلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ پىيادە يۈرگەن ئىدى.

كېيىن ئىشەنچلىك ئائىلىلەردە پوروخ ئۈچۈن «شورى[1]» ئايرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، مەخەتقارى ۋە ئايالى ئەڭ ئەۋەل ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىشتىن كېلىپ، كېچىلىرى چىرىمدان قايناتىپ، شورى ئايرىدى. شورى پوروخنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ماددىسى ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتى، پەقەت پىشقەدەم ئوۋچىلار ئۆزىگە لازىملىق ئوقلىرىنى ئۆزلىرى ياسايدىغان بولغاچقا، قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر رېتسىپ باردى. رېتسىپقا كۆرە يۇلغۇن تۈۋىگە چۈشكەن چىرىمدان توپلىنىپ قازاندا قايناتىلاتتى، ياكى قوينىڭ قىغىنى كەتمەندە يوغان- يوغان قومۇرغاندا ئاستى قەۋەتلىرىدە ئاق چېچەكلىگەن يەرلىرى بولاتتى، مانا شۇ ئاق نەرسىلەر توپلانسىمۇ بولاتتى. ئاندىن ئەخلەت چاۋىرى سۈزۈۋېتىلىپ، ئاستىدىكى لايمۇ ئايرىۋېتىلىپ، سۈيى داۋاملىق قايناتىلسا ئاق كىرىستال ھاسىل بولاتتى. مۇشۇسى شورى ياكى شور

[1] يەرلىكتە خەلقىمىز «شورى » دەپ ئاتىغان بۇ نەرسە خېمىيىلىك بىرىكمە، بىر خىل تۇز بولۇپ، ئىلمىي ئاتىلىشى كالىي نىترات ($KNO_3$)، ــ ئا.

دىيىلەتتى. ئاندىن بۇنى تارشا گۈگۈت ياسايدىغانلار ئىشلىتىدىغان گۈگۈت پوقى (گۈڭگۈرت) بىلەن ياغاچ كېپىكى (ھەرە كېپىكى ــ پوزەك)كە ئارىلاشتۇرسا پوروخ بولاتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى بىلمىسىمۇ، بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئادەت بويىچە ئىشلەيتى. ھەر ئاخشىمى بىر قازان قاينىتىپ تۇراتتى. ئوتۇن قىس ئىدى، سامان، كۆتىچەك،... دېگەندەك تېۋى يوق يېقىلغۇلار بىلەن بىر قازان قاينىتىپ، كىرىستال تۇتتۇرماق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن! » دەپلا قىلاتتى.

ئۇلاردا زەيدىنقارىغا ئاجايىپ ئىخلاس باردى. بۇ پەزىلەتلىك ئادەمگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇلار ھەرگىز ساختا بىلىمدانلارچە «مۇشۇنچىلىك ئىشلار بىلەن خىتايدەك بۈيۈك كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ سوراپ ئولتۇرمايتى. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن دەپ يولغا ئاتلاندۇقمۇ، بولدى. ماڭغىنىمىزمۇ، ياتقىنىمىزمۇ ساۋاپ، جەڭدە ئۆلسەكمۇ، ئۈيقۇدا ئۆلسەكمۇ ئوخلاشلا ساۋاپ. چۈنكى ئاللاھ ئىشىمىزنىڭ مېۋىسىگە قاراپ ئەمەس، نىيىتىمىزگە كۆرە ئەجىر بېرىدۇ، دېگەنگە شەكسىز ئىشىنەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىر پىلان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتە بىر ھەركەت ئورتاقلىقى، ئىدىيە ئورتاقلىقى ئۈچۈن خىزمەتلەر كېتىۋاتاتتى. بەزىدە تۇرپاندىن قەمەرىدددىن دېگەن بىرى كېلەتتى. كۇچادىن كېلىشەتتى. پىچاندىن كېلەتتى، خوتەندىن كېلەتتى. مەملىكەت مىقياسىدا بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈدىغان بۇ ئىنقىلاپنىڭ رەھبىرى بولسا ئاشۇ ئاددىي-سادده دىھقان زەيدىقارى ئىدى. ئۇمۇ قارى ئاتالغىنى بىلەن قارى ئەمەس، نە پەننىي مەكتەپتە، نە دىنىي ئوقۇشتا تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان بولۇشىغا قارىماي، ئاللاھ سۆيگۈسى، ئاللاھنىڭ مۆمىن قۇللىرى بولغان مىللىتىگە، مۆمىنلەرگە تەۋە زېمىن بولغان ۋەتىنىگە مۇھەببىتىنىڭ ماگمىدەك ھارارىتىدىن ئەنە شۇنداق بۈيۈك ئىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقان بىر ئىنسان ئىدى. تەشكىللەش تالانتى، جەزىبىدار نۇتۇق قابىلىيىتى، لىدىرغا خاس روھىي ئۈستۈنلۈك بىلەن كىشىلەرنى ھېيىقتۇرۇش كۈچى، نىيىتىگە كۆرە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىلتىپات قىلىنغان تەبىئىي تالانت ئىدى دېيىشلا مۇمكىن.

ئىش تېخى خام ئىدى. يەنە نەچچە يىللىق تەييارلىق دەۋرى بار ئىدى. ئەمما، دانىش موللامدەك ئىمانى زەرگە ساتىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئىش پاش بولۇپ قالغاچقا، قولقوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن



كۆرە، «يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال »نى تاللىغان زەيدىنقارى، مەغلۇبىيەتلىك بۇ تاللاشتا ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەتراپىدىكىلەر، دانىش موللام بىۋاسىتە بىلىدىغانلار بىلەنلا قارشىلىق كۆرسىتىپ شېھىت بولۇشقا قارار قىلغان، باشقا كۈچلەرنى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، ئىلاجى بار ساقلىنىپ قېلىشقا، كەلگۈسى ئىسيانلارنىڭ ئۇرۇقى بولۇشقا بۇيرىغان ئىدى.

مەخەتقارىلارنىڭ ئۆيى تۆۋەن ھويلا مەھەللىسىدە بولغاچقا يېزا مەركىزىگە يېقىن ئىدى. كۈندۈزى ئادەملەر ئارىسىدا ئۈچۈرلار شىۋىر-شىۋىر يەكۈزۈلۈپ تۇراتتى. خىتاي ساقچىلىرى مۇجاھىتلارنى قورشىۋالغان بولسا، كېيىن سىرتقى بىر ھالقا بىلەن مۇجاھىتلار خىتاي ساقچىلىرىنى قورشىۋالغان ئىدى. ئىچىدىكى مۇجاھىتلار قولدا ياسالغان بومبىلىرىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىپ، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ سىرتقا ئاتاتتى. «گۇم!» قىلغان ھەيۋەتلىك پارتلىغان ئاۋاز چىقاتتىيۇ، ئەمما ئۆلۈۋاتقان خىتايلارنىڭ «ئەيىيا- ئەيىيا»لىرى تۈيۈلمايتى؛ گۈمبۈرلەش ساداسى بىلەنلا بىر نەرسە ھۇشقۇيتۇپ ھاۋاغا ئۇچقانلىقى بىلىنەتتى.

مەخەتقارى ئۆزىنىڭ ئاشۇ قورشاۋدىكىلەر ئىچىدە بولمىغىنىغا، شۇلار بىلەن بىللە شېھىت بولمىغىنىغا ئىچى پۇشاتتى. ئەمما بۇ زەيدىنقارىنىڭ بۇيرۇقى ئىدى. ئۇنىڭ ھايات قېلىشىمۇ ئوخشاشلا موھىم ئىدى. ئەگەر ھايات قالالىسا،... بىرمۇنچە ئادەم تونۇگۇن ۋە بۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىدا شېھىت بولغانىدى. بۇلارنىڭ شېھىت بولىشى ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. قاچانلا بولمىسۇن شېھىت بولىشى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئوق ئالىلىقاچان يايدىن چىققان ئىدى.

ئۇلارنىڭ شېھىت بولۇشتىن بىر قورقۇنچىسى يوق ئىدى. چۈنكى زەيدىن قارىنىڭ تەبلىغلىرىدىن شۇنى بىلەتتىكى، مۆمىن ئەگەر جىھات قىلىپ ئۆلسە سوئال-سوراقسىز جەننەتكە كىرەتتى، مەڭگۈلۈك نىمەتلەردىن بەھرىمەن بولاتتى، ئۇ ئاللاھ نەزىرىدە شۇنچىلىك ئەتىۋارلىق بولاتتىكى، خالىغان كىشىلىرىدىن 70نى جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە ھوقۇقلۇق بولاتتى. شۇڭا ئۆلۈمنىڭ قورقىدەك نېمىسى بار؟ ئۆلسە تېخى ياخشى، ھايات قالسا تېخىمۇ كۆپ ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

يېڭىدىن توي قىلىپ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرگىدەكمۇ بولماي ئىككى

يىل ئۆتكەن، يەنە ئۇزۇن- ئۇزۇن شېرىن كۈنلەر ئالدىدا بولىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. پەقەت بىر تاللا ئوغلى باردى، ئەمدىلا تەم-تىم ماڭغان بۇ بودرۇق بوۋاقنىڭ نېمە بولىشى ئەندىشىگە سالاتتى. ئەمما دەرھاللا يەنە بۇنداق بىھۇدە پىكىرلەرنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. چۈنكى ياراتقان ئاللاھ بار، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئۆلمىسە چوڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇلارمۇ شېھىتلەرنىڭ يېتىم قالغان بالىسى ئىدى، ئۆلمەي چوڭ بولىدىغۇ؟ بىرەر مۆمىننىڭ كۆڭلىگە سالسا بېقىۋالار... ھەدىسلەردە: «بىر ئوبدان ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ، دېگەن پىتنىلەرگە قۇلاق سالماڭلار،... » دېيىلمىگەنمىدى؟

— بىردەم يامباشلىۋالامال، مەخەتقارى؟ — سادىق ھەمراھىنىڭ پىچىرلىغاندەك ئۈندىشى بىلەن ئېسىگە كەلگەن مەخەتقارى، ئايالىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنۇچ سالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسۈتۈشكە تىرىشىپ:

— شۇنداق قىلماي، ئەمىسە، —دېدى، — ئۇخلايمىز، ئانىسى، ئۇخلىماي نېمە بوپتىكەن؟

ئەمما ئۇنىڭ غەشلىكى قورقۇنۇچتىن ئەمەس، بەلكى يېزا مەركىزىدىكى ئىشلارنىڭ ئۆيلىغاندەك بولمىشىدىن ئىدى. بۇ غەشلىكتە ئۇزۇن زامان پەرۋىش قىلغان بىر ئىشنىڭ ئاز قالغاندا بەرباد بولىشىدا پەيدا بولىدىغان ئېچى ئېچىشىش ھىسسى ياتاتتى؛ ھەممە ئىش جايىدا بولىدىغىنىغا ئىشىنىلگەن بىر ئىشنىڭ ئۆيلىمىغانلا بىر چاتاق بىلەن كۈتمىگەن نەتىجە بەرگىنىدە تۇغۇلىدىغان ئاچچىق باردى. ئەخەتقارى ئايالى بىلەن كېچىلىرى ئۇخلىماي شورى قايىنتىپ ھازىرلىغان، كېيىن قەشقەردە مەشچىلەرگە قويىدۇرۇپ كەلگەن چۆيۈن «قاپاق»لارغا قاچىلىغان ياكى كالتە-كالتە كېسىلگەن تۇربىلارغا قاچىلاپ، ئېغىزىغا ياغاچ قېقىپ ھازىرلانغان بومبىلىرىنىڭ پەقەتلا ئاۋاز چىقىرىشتىن باشقىغا يارىمىشى يۈرەكنى مۇجاتتى. ئۇلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەسكەرلىك تەربىيىسى ئېلىشقا پۇرسىتى بولمىغان ساددا دېھقانلار تۇرسا، پوروخ بىلەن پارتىلىتىش قورالى ياسىسا بولمىشىنى، پوروخنىڭ پەقەت ئوق ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ كاشكى بۇ مىللەتنىڭ بىلەرمەنلىرىدە ئاشۇنچىلىك جۈرئەت، ئاشۇنچىلىك روھ بولغان بولسا، ئۇلارغا قېتىلىپ، بىرەر ئىلمىي مەسلىھەت بەرگەن بولسىچۇ؟ پوروخنىڭ بوشلۇقتا



ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى بولىشىنى، شۇنداق ئىكەن، چۆيۈن قاپاقنى يېرىش ئەمەس، پەقەتلا ئاغزىغا قېقىلغان ياغاچنىلا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن بولسا،...

مەخەتقارىنى غەش قىلىۋاتقىنى مانا شۇ ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە خىتاي جاللاتلىرىدىن بىر بۆلۈكنى ئۆلتۈرۈش ھىسابىغا ئاندىن شېھىت بولماي، بىكاردىن -بىكارغا، بىھۇدە قۇربان بولۇش ئىدى. گەرچە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە كۆرە ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئەجرى كېمەيمىسىمۇ، يەنىلا كىشى قىلغان ئەجرىنىڭ بوشقا كېتىۋاتقىنىنى، جېنىنىڭ ئەرزان قۇربانلىق بولۇشىنى كۆرسە چىدىيالمايدىغان گەپكەن!

***

گۈلدۈرمامىلىق شىددەتلىك يامغۇر ھارپىسىدا ھاۋا دىمىقلىشىپ، بوشلۇقنى نېمىدۇر قاماللىۋالغاندەك بىلىنىدىغۇ، بۇ كېچە پەۋقۇلئاددە بىر غەۋغاغا ھامىلىدەك، پۈتۈن جانلىقلار، دەريالار، سايلار، شۈدىگەرلىكنىڭ چالمىسىدىن ياسالغان ئەسكى ئۆيلەرمۇ، پۈتۈن جىسمى مىڭ كۆز ۋە قۇلاق بولۇپ، نىمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

يېڭىساردىن چىققان بىر قوشۇن ئاتۇشباغ كەنتىنى ئايلىنىپ، كۆسەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گۈلباغ ۋە تاشمىلىق تەرەپتىن يېيىلىپ، جەنۇپ ۋە غەربىي جەنۇپتىن شىمالغا سىلجىماقتا ئىدى. ئۇپال، بۆرىختاي تەرەپلەردىنمۇ قارا چۈمۈلىلەردەك قىمىلدىغان سانسىز ئەسكەرنىڭ شەپىسى كېلەتتى. ئەمما، ئۇلار ئۇزاقتا بولغاچ بارىندىكى سۈنئىي جىملىقنى بۇزالمايتى.

***

ئىككى كۈندىن بېرىكى پارتلاش ۋە ئېتىشما ئاۋازلىرىدىن كېيىن ئەتراپنى قاپلىغان قەۋرىستان جىملىقى كۆسەن ۋە گەز دەرياسى ئارىسىدىكى بۇ ۋادىنى قۇچىقىغا ئالغان ئىدى.. گەز دەرياسىنىڭ كەڭ يېيىقلىرىدا پاخپىيىپ ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە بالغۇنلار ئارىسىدا ئوۋ قىلىشقا كۆنگەن مۈشۈكياپىلاقنىڭ ھوقۇلدىشىمۇ ئاڭلانمايتى. ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسى بۇ جىملىققا ئىشىنەلمەيۋاتقان يەردە، تەبىئەتنىڭ بۇ تۇيغۇن جانۋىرى قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن؟ خۇددى كىشىلىك جەمىيەتتە ياخشى ئىش قىلىپمۇ ياخشى بولالمايدىغان ئادەملەردەك، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ

بېرىدىغان بۇ جانۋارنىڭ «شۇملۇقنىڭ سىمۋولى» دېيىلىپ، «ھۇقۇش» ئاتىلىشىمۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان سانسىز ناھەقچىلىكلەردىن بىرى ئىدى. ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇملۇقنىڭ سىمۋولى بولۇدۇغان بولسىدى، بۇگۈنكىدەك كېچىدە توختىماستىن ھۇۋلىغان بولاتتى. ئەمما بۇ تۈيغۇن مەخلۇق قان ھىدى ئېلىۋاتاتتى. ئىگىز كۆكتىن بېقىپ، كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئاشۇ توپا چىراي، يالاڭئاياق يېزا كىشىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئالدىن سېزىۋاتقاندەك، يا كۆسەن دەرياسىنىڭ يوقۇرى تەرەپلىرىگە، چاتقال، زىرىقلارنىڭ ئارىسىغا، يا گەز دەرياسىنىڭ يوقۇرىسىدىكى تاغ ئارىلىرىغا كەتكەن، شۇ يەرلەردە بىرەر قىيانىڭ يېرىقلىرىدا ئولتۇرۇپ، جىم-جىت، تېنچ ــ ئاسايىش كۈنلەرنى ئارزۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئېتىشىملار قىزىيدىغان بولسا ئۇنىڭ ئوۋ ئوۋېكتلىرى مۆكۈنۈۋالماي تۇراتتىمۇ؟

ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى بۇ ۋادا يېقىنقى يېرىم ئەسىر ئىچىدە قانچىلىغان جەڭگە-جېدەللەرگە سەھنە بولىدى؛ قانچە مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قەتلىئاملىرىغا شاھىت بولىدى؛ مىليون يىللاردىن بېرى توختىماي ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيىگە قانمىغاندەك، ئەنە شۇ گۇناھسىزلارنىڭ قانلىرىنىمۇ جىممىدە ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

40-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوپال، تاشمىلىق، بارىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئويتاغ ئىنقىلابى»نى باشتىن كەچۈرگەن بۇ تۇپراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئويۇنىغا قۇربان بولۇپ، مىڭلاپ شېھىت بەرگەنىدى. پۇتلىرى يالاڭئاياق، چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرۇدۇغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئانا تۇپراقتەكلا پاك، ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزغۇچ قارىتۇللاشقان بەدەنلەرنىڭ ئىچىدىكى تومۇرلاردا ئابىكەۋسەردەك ئېسىل قان ئېقىپ تۇرغاچقا، زاتىدىن قۇللۇقنى تەن ئالمايتى. مىڭلارنى قۇربان بېرەتتى-يۇ، ئۈستى- ئۈستىگە مەغلۇبىيەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ تۇرۇدۇغان ئىسيانلىرىنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

ئاشۇ يىللاردىكى شېھىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاققان پاك قانلاردىن يەنە يېڭى مۇجاھىدلار تۆرەلگەن ئىدى. كوممۇنىست ئىستىلاسىنىڭ دەسلىۋىدە، ئۆزىمىزدىن بولغان مۇناپىقلارنىڭ «كوممۇنىزىم»نى سۈپەتلەشلىرىدىن سۆكۈتكە پاتقان بۇ يۇرتلار، ئانچە ئۆتمەيلا ئالدانغانلىقلىرىنى بىلىپ، 50 يىللارنىڭ باشلىرىدا يەنە بىر قېتىم ئىسيان تۇغى كۆتۈرۈشكەن ئىدى. ئۇ



چاغلاردا جاللات ۋاڭ جىننىڭ چىقارغان پەرمانىغا كۆرە بىر خىتاي ئەسكىرىنىڭ جېنى ئۈچۈن بەش ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇنداق دېيىلگىنى بىلەن، ئۆلگەنلەرنىڭ ھېسابىنى ھېچكىم بىلمەيتى.

ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن جاننىڭ، ئاققۇزغان قاننىڭ خاسىيىتى شۇ بولۇدۇكى، ھاياتلارنىڭ قانلىرى پاكلىنىدۇ. شېھىتلەرنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن 70 يېقىننى جەننەتكە باشلىشىغا مەرھەمەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئاللاھ ئاشۇ يېقىنلارنى جەننەتكە لايىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى پاكلىغاچقا، يېڭى مۇجاھىتلار مەيدانغا كەلدى.

60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يۇرتنىڭ ئەركەكلىرى يەنە بىر قېتىم ئارا-كۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىسيان ئەتتى! ئاخىرى ئۇزۇلمىگەن يالغان ۋەدىلەر بىلەن بىللە ئاخىرى ئۇزۇلمىگەن زۇلۇمغا «تۇر!» دەپ ۋاقىراش ئۈچۈن، قورۇق قولى بىلەن مىلتىققا قارشى چىقىشقان ئىدى. ئۇلار ئاقتۇ ناھىيە بازىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قورالى بۇلۇم ئامبارلىرىدىن قوراللارنى تالاشقا، ئاندىن قوراللىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىشقا، تاجاۋۇزچى خىتايلارغا زەربە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ، خىتاي جاللاتلىرى دەرۋازىۋەن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە پىلىموت قۇرۇۋېلىپ، بۇ يالاڭتۆش دېھقانلارنى قارا-قويۇقلا ئوققا تۇتقان ئىدى. تۇپراق يەنە بىر قېتىم شېھىت قېنى بىلەن بويۇلۇپ، قىممىتى ئاشقان، شېھىت ئائىلىلىرى ۋە تىرىك قالغان غازىلارنىڭ قەلبىگە مىللىي نەپرەت تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى.

مەخەتقارىنىڭ دادىسى مانا شۇ قېتىمقى يۈزلىگەن شېھىتنىڭ بىرى ئىدى.

***

مانا شۇ زۇلمەتلىك كېچىدە بارىننىڭ مەركىزىنى نىشانلاپ ئوغرىلاردەك تىمىسقىلاپ كېتىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرى بارىن يېزىسىنىڭ چېگرىسىغا بارغانلىرىدا توختاشتى. ھۇجۇم مومېنتلىرى كۈتۈلەتتى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە خېنەننىڭ مەلۇم نامرات يېزىسىدىن كېلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بېرى دالا ئارمىيە گازارمىسى (36 مىڭ قانچىنچى قىسىم) ئىچىدە ئاق موما يەپ ياتقان جاڭ جۈنتاۋ دېگەن ئەسكەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە نامرات يېزىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر يولى بولۇپ قالار ھېچ بولمىغاندا

ئۈچ يىل ئىكارلىق موما يېۋالغىنىم قالار دېگەن ئۈمىتتە ئەسكەر بولغان ئىدى. بايراق جايلاردىن كەلگەن ئەسكەرلەر بۇنداق نامرات يېزىدىن كەلگەنلەرنى ياراتمايتتى. شۇڭا قوشۇن ئىچىدە ئۇنىڭ تۈزۈكرەك دوستلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ بىردىن بىر يېقىنى شياۋ جۇ ئىدى. ئۇ جاڭ جۈنتاۋدەك ساددا يېزىلىق مىجەز ئەمەس، تىپىك خىتاي خاراكتېرىدىكى بىرى بولۇپ، بەك ھىلىگەر، پۇرسەتپەرەست، ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، دائىم ئۆسۈشنى، ئەمەلدار بولۇشنىلا ئويلايدىغان بىرى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ جاڭ جۈنتاۋنى نېمىشكە ياقتۇرۇپ قالدىكىن، ئۇنىڭغا خېلى ئىچەكىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم ئۇ بۇ سادىدا خىتايدىن بەزى چاغلاردا قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى ئويلىغاندۇر. خىتاي دېگەننىڭ ھىلىسى تولا نېمە، بىلىپ بولمايتتى. شياۋجۇ بىر يىل ئىچىدىلا مۇئاۋىن ئۈنبېشى بولغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكي پىلانلىرىدىكى بىرىنچى قەدەم بولۇشى كېرەك.

جاڭ جۈنتاۋلارنىڭ قىسمى بارىن يېزىسى ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىنگەندە، ئۇلارغا پەقەت «جىددىي ۋەزىپە بار، تېز يىغىلىڭلار!» دېيىلگەن ئىدى. ئۇ كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش نىيىتىدە شياۋجۇدىن پىچىرلاپ سورىدى:

— نېمىشلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ بۇ تېنچ يەرلەردە نېمىمۇ بولاردى، دەيمەن.

— بەلكىم باردۇر، ياكى مانېۋىر بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۆزەڭگە پۇختا بول، خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئەگەر مەن ئۈنبېشى بولۇپ قالسام مۇئاۋىنلىققا سېنى كۆرسىتىمەن؛ سەندىن چاتاق چىقسا ماڭىمۇ گەپ كېلىدۇ، چۈنكى سەن دېگەن مېنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىمدا، — دېدى شياۋجۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى ئوخشۇتۇپ، — بەلكىم، — دېدى شياۋجۇ ئۆزىنىڭ ھەممىدىن خەۋەردار ئەرباپلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، — ماۋۇ ئايلامباش ئۇيغۇر خەق بەك يامان، چاتاق چىقارغان بولسا بەلكىم شۇلارنى تىنچىتقىلى بارامدۇق تېخى.

مانا ئەمدى ئۇلار بىر مەنزىلگە كېلىپ چېپپىدە توختىغانلىرىدا، نېمىشلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغانلارغا قوماندىرلار يۇزلۇك بىرلىكلەر بويىچە ۋەزىپە ھەققىدە ئېنىقراق ئىزاھات بېرىدىغان ۋاقىت بولغانىدى.



شياۋجاڭ ۋە شياۋجۇلارنىڭ يۈز بېشىسى سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— ئالدىمىزدىكى يېزىدا ئىنتايىن خەتەرلىك دۈشمەن بار، ھىلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان. شۇڭا بېسىپ كىرگەندە ئەر - ئايال، ياش - قېرى دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ رەھىمدىللىك قىلغۇچىلار دەرھال ئېتىپ تاشلىنىدۇ. جەسەتلەر ئارىسىدا ساق قالغانلار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر بىرەرسى ساق قالسا پىتنە تارقىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ياكى چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتسە، بۇ يەردە بولغانلارنى چەتئەل جاھانگىرلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، جاھانگىرلارنىڭ دۆلىتىمىزگە قارشى تەشۋىقاتى ئۈچۈن دەسمى تېپىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىرمۇ جاننىڭ ساق قېلىشىغا بولمايدۇ. قوماندىرلار مەسئۇل بولۇپ مەيداننى تەكشۈرىدۇ ۋە رەھىمدىللىك قىلىپ بىرەر جاننى ساق قالدۇرغانلار بولسا قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇ ھەركەت جەريانىدا ئاتقان ئوقنىڭ، ئۆلتۈرۈلگەن جاننىڭ ھېسابى قىلىنمايدۇ. ئوقنى سىلەرگە ئېتىش ئۈچۈن بېرىۋاتىمىز، يېيىش ئۈچۈن ئەمەس!...①

جاڭ جۈنتاۋنىڭ ۋۇجۇدى شۈررىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئىشىنەلمەيتتى. بۇ ئوتتۇرۇلۇقتىكى بىر يېزىغا نەدىن كېلىپ قالغان مۇنچە دۈشمەن؟ يا بۇ چېگرا بويى بولمىسا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېزىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بولسا باردۇر 10 مىڭ نوپۇس؛ ئەمما خىل قوراللانغان يۈزمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ بېرىشىمىزدىن قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك دۈشمەنمۇ نېمە؟ جاھانگىرلار تەرىپىدىن زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان، ئۈستۈن ھەربىي سەۋىيەدىكى بىر قوشۇن بارمۇ تېخى! ۋاي تەڭرىم، ساق-سالامەت چىقالارمەنمىكىنە!؟

ئۇلار ھەر بىر قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسىگە قورال بەتلەپ يېزا ئۆيلىرىگە يېقىنلاپ كېتىۋاتقاندا، جاڭ جۈنتاۋ يەنە بىر پۇرسەت تېپىپ، شياۋجۇدىن سورىدى:

---

① بۇ جۈملىلەر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىدە جاڭ جۈنتاۋ سۆزلەپ بەرگەن سۆزنىڭ تامامەن ئۆزى، ھېچ ئۆزگەرتىلمىدى، قوشۇلمىدى، — ئا.

— قانداق بىر ئىشتەك قىلىدۇ؟ مانېۋىرمىكەن؟

— ياق، پەرىزىم توغرىكەن، ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئايلامباشلار چاتاق چىقىرىپتۇ. ھەقىقىي جەڭ بولۇدۇ، بىزگە ياخشى پۇرسەت، دېگىنىمدەك قىل،...

— بۇ كېتىشىمىزدىن قارىغاندا ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بەك يامانىدەك قىلامدۇ، نېمە؟ ساق قالامدۇق يوق، شۇنى بى دېگىنە...

— ۋاي ئەخمەق، ئۇلاردا نېمە كۈچ بولاتتى؟ بولسا بىرى شۇ بىرنەچچە تال قورالى باردۇر، ساقچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئېلىۋاپتىكەن. ئۇنىدىن باشقا قولدا ياسالغان بومبىلىرى بارىمىش، ھاھا...

— ئەمىسە نىمانچىلا جىق قوشۇن بىلەن بۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن يۈرۈمەك؟

— ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۈر كۆرسەتمەي بولمايدۇ! بولدى، ئەمدى ئۇنۇڭنى ئۆچەر، ئالدىڭغا قارا، ھەر بىر ئۆينى بىر دۈشمەن قەلئەسى بىل!

جاڭ جۈنتاۋ ھەم قورقاتتى، ھەم ھاياجانلىناتتى. قورقۇشى خىتاي بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ئىچىدىن كېلىۋاتقان تۇغما سەزگۈ ئىدى؛ ھاياجىنى مەكتەپ دەرسلىكلىرى، جەمىيەتتىكى تەشۋىقات ۋە ئەسكەرلىكتىكى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، خەلق قەھرىمانى بولۇش، دوڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىزگۇاڭلاردەك ئۇلگە تىكلەش ئىستىكىنىڭ تېشىغا تېپىشى ئىدى. خەلقنىڭ بەخت-سائادەتلىك ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈشكە رازى بولۇش ھەققىدە ئۆگۈتۈلگەن ياكى شۇنىڭغا ۋەدە ئېلىنغان ئىدى.

ئۇ ئۇرۇش كىنولىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى شۇلاردىكى قەھرىمان ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە سېلىشتۇراتتى ۋە چوقۇم شۇلاردەك خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىشقا ئۆز-ئۆزىگە رىغبەت بېرەتتى. خەلق دۈشمەنلىرىگە رەھىمسىز بولۇش، خەلق مەنپەتىگە، ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە دەخلى تەرۇز قىلغان بۇ ئىسيانچىلارغا يۇمشاق بولماسلىققا ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇراتتى.

قىسىمنىڭ رەسمىي ھوجۇمغا ئۆتۈشى بىلەنلا قەيەردىدۇر يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ماتۇر ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. بۇ يا تانكىنىڭ ماتۇرى ياكى تىك ئۇچار ئايروپلانلارنىڭ ماتۇر ئاۋازى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئارقىدىن تۈنجى ئوقلارمۇ ئېتىلىشقا باشلىدى. كېچىنىڭ سۈرلۈك



جىملىقى تۇيۇقسىزلا بۇزۇلغان ئاشۇ بىرىنچى دەقىقىدە شۇنداق بولۇشىنى بىلىدىغان تۇرۇپمۇ بۇ ياقتىكى خىتاي ئەسكەرلىرى چۆچۈپ كېتىشتى ۋە يۈرەكلىرى شىددەت بىلەن سالغىلى تۇردى.

«ۋاي تووۋا، كىملەر بىلەن توقۇنۇشىتىكىنە؟ ئەڭ ئاۋالقى ئۆلۈم كىملەرنىڭ بېشىغا كەلدىكىنە؟» دېگەن خىياللارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان جاڭ جۈنتاۋ، ئۆلۈم قورقۇنچىسىدا باياتىنقى ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىغان خەلق قەھرىمانى بولۇش توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ تىترەشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ياقتا ئادەم قارىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن بىر نەرسىگە ئىختىيارسىز ھالدا بىر تالاي ئوق ئۈزۈپ، قولىدىكى قورالنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقىنى ھىس قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە مەدەت بەرمەكچى بولدى.

ئۇنىڭ تەرىپىدە ئۇزاق بولمىغان ئارىلىقتا كېتىۋاتقان شىياۋجۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ:

— بىرەر ئادەم كۆرگەنمىدىڭ؟ نىم بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۆز كوماندىرىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋەل دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولۇشىنى كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىدى.

— بىلمەيمەن، ئادەمگە ئوخشاپ كەتتى....

— شۇ تەرەپكە يېقىنلاش، دىققەتلىك بول، ئوقنى ئايىما، چالا بولۇپ قېلىپ سېنى ئېتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن جىقراق ئوق ئېتىپ ئاندىن يېقىنلاش، — دېدى مۇئاۋىن ئونبېشى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ.

جاڭ جۈنتاۋنىڭ جەنۇبىي سەپتە تۇنجى ئوقنى ئېتىشى بىلەن جاسارەتلەنگەن جۈرئەتسىز خىتاي لەشكەرلىرى ھەر كۆرۈنگەن قارىغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نورمالدا ئوقنىڭ ھىسابى قاتتىق تۇتۇلاتتى. ئۈچ يىل ئەسكەرلىك جەريانىدا ئۈچ ياكى بەش قېتىم رەسمىي ئېتىش مەشقى بولاتتى. بەزىدە ئۈچتالدىن، بەزىدە بەش تالدىن ئوق بېرىلەتتى. ئوق ئېتىش ھەركىم ئۈچۈن جەلپكار بىر مەشغۇلات بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم خۇماردىن چىقمايتى. سورىقى يوق ئوق بولسا راسا ئېتىش ئارزۇسى ھەر ئەسكەردىلا ئەمەس، قورالغا ئۆگەنگەن ھەر ئەركەكتە كۈچلۈك بولاتتى.

شۇنداق ئىكەن ئەمدى ھىسابى قىلىنمايدىغان ئوق، سورىقى يوق جاھان

بولسا كىممۇ ئاتمىسۇن؟ كوممۇنىستلارنىڭ ھېچ سۆزى راست چىقمايدىغانغا كۆنۈپ قېلىشقاچقا، تاكى يېڭىدىكىلەردىن بىرىنچى ئوقنى ئاتمىغۇچە يەنىلا كۆڭۈل توختىتالمىغاندەك بىر خىل روھىي ھالەت ھۆكۈمران ئىدى. ئەمدى كۆنۈۋېلىشتى. ئېتىش شاتىلىقىدىن مەست بولۇشقان خىتايلارنىڭ ياغدۇرغان ئوقلىرىنىڭ زىچلىقىدىن بەزىدە دەرەخ شاخلىرى ئۈشتۈلۈپ، قارسىلداپ چۈشەتتى. دەرەخ غوللىرىدا ساناقسىز ئوق ئىزلىرى قالماقتا ئىدى.

نامرات يېزىدىن كەلگەن جاڭ جۇنتاۋ نابۇت بولۇۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرگە قاراپ، ئەخمىقانە ھالدا كۆڭلىدىن شۇنداق كەچۈردى: «ئەگەر بۇ دەرەخلەردىن تاۋۇت ياسىماقچى بولسا ئىچىدە قالغان سانسىزلىغان مىتال پارچىلىرىغا پۇتلىشىپ، بىچارە ياغاچچىنىڭ تىغى كېرەكتىن چىقىدۇ-دە!» ئەسلىدە ئۇنىڭ يېزىسىدا قېرى خىتايلارنىڭ قايغۇسى تاۋۇت ھازىرلاشتا بولۇپ، ياغاچ بەك قىممەت، بەك قىس بولغاچقا، تاۋۇتنى ھازىرلاپ قويالىغان قېرى خىتاي، بەختلىك خىتاي ھېسابلىناتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ بوۋىسى ئۆلۈدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەچكە، ياغاچنىڭ قىممەتلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئارقىدىن زىچ ئېتىلغان ئۆلگۈچە ئوقلار دەستىدىن بەزى ئاران تۇرغان ئەسكى تاملار «گۇلدۇر-غالاپ» قىلىپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئوق تەككەن ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە جېنى چىڭراق بولغان كالا-بۇقىلارنىڭ ئېچىنىشلىق بۆقىرەشلىرى ئومۇمىي غەۋغا، قىقاس-سۈرەنلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. تېمى ئۆرۈلگەن كاتەكلەردىن ئۇچۇپ چىققان توخۇلار ئەنسىز ۋاقىلداپ، يېرىم ئۇچۇپ، يېرىم پالاقلاپ جان ھەلەكچىلىكىگە چۈشكەندە، بۇ ئەمدى يۈرەكلىرى بىرئاز توختىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئويۇن بولۇپ بەردى. ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالىدىغان بۇ كىچىك جانۋارنى سوقۇۋېلىش بويىچە ئۇنسىز مۇسابىقە باشلىغاندەك بىر كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بۇنچە ئەسكەرنىڭ بەس-بەستە ئاتقان ئوقلىرىدا ئۆلمەي ساق قۇتۇلۇش مۇمكىنمىدى؟

تۈنجى ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىشلەر، ئادەمگە قارىتىپ ئېتىشلارمۇ جاڭ جۇنتاۋنىڭ يېنىدىكىلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئومۇمىي شاۋقۇنغا ئەمدى بالىلارنىڭ چىرقىراشلىرى، ئاياللارنىڭ ئاھ-زارى، ئەركەكلەرنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى قوشۇلۇلغىلى تۇردى!



تۇنجى قېتىم ئوققا تۇتۇلۇپ، تاملىرى ھەرە كۆنۈكىدەك قىلىۋېتىلگەن ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردە ئۆلمەي چالا قالغان دۈشمەن بارمۇ يوق، تىنتىش باشلاندى. بىر ـ بىرلەپ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزگەندەك تەكشۈرۈش كېرەك ئىدى. بولمىسا بىرەرسى تىرىك قالسا، چەتئەلگە قېچىپ چىقىۋالسا بەختىيار سوتسىيالىستىك جەمىيەتكە قارا سۈۋايدىغان تەشۋىقاتلار ئۈچۈن شاھىت بولۇشاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ بىر ئۆينىڭ مىڭلارچە ئوق تەككەنلىكتىن ئۆلگۈچىكىدىن ئاجرىلىپ، ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان ئىشىكىنى قاتتىق تېپىپ ئېچىپ، ئۆيگە بىر دىسكا ئوقنى يەلپۈگۈچ شەكىللىك ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈر نۇرلۇق قول چىرىغىنى كىلاشنىكوفنىڭ ستۋولى بىلەن پاراللېل تۇتقان ھالدا سانتىمۇ-سانتى كۆزىتىشكە باشلىدى.

سۇپىدا يالاڭ تامبال كىيگەن ئۈستى ئوچۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر دېھقىنى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا قورال بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىگە بىرەرسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتكەن ھازىرلىقتىكى بىرىدەكمۇ قىلمايتى. ئەكسىچە ئۈستىنى سېلىۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ ئۇخلاۋاتقانلىقى، تالادىكى تۇنجى سادالاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان ئىچكىرىكى ئۆيدىن دالان ئۆيگە چىقىشىغىلا ئوق تېگىپ سۇپىغا يىقىلغانلىقى ئېنىق بىلىنەتتى. ئوق تېگىپمۇ ئاز دېگەندە ئوتتۇز پاي ئوق تەككەندەك قىلاتتى. ئالدى تەرىپى تامامەن تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكى ئەزالىرىنىڭمۇ پارچە-پارچە بولۇپ، ئەتراپقا چاچراپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

جاڭ جۇنتاۋ شۇنچە قىزىققان، قورقۇپ تۇرىۋاتسىمۇ قىزىقىشى گاھى-گاھى ئۈستۈن كېلىپ بىلىپ باققىسى كەلگەن دۈشمەن مۇشۇ بولغىيمىدى؟ ياكى بۇنىسى دۈشمەنلەر مەجبۇرىي تۈردە ئىشىكنى ئېچىشقا زورلاپ كىرىۋالغان مۇشۇ ئۆينىڭ بىگۇناھ ئىگىسىمىدى؟ ئۇنداقتا بۇ ئۆي ئىگىسىنى قورال كۈچى بىلەن زورلاپ، باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ ئۆينى ئۆزىگە دالدى قىلىۋالغان دۈشمەن نەدە؟

ئىككى تەرەپتە ئىككى ئىشىك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆيلەر تىپىك جەنۇبىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي پىچىمى بولۇپ، تالادىن دالان ئۆيگە كىرىلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىككى تەرەپتىكى ئىككى ئۆيگە كىرىلەتتى. بۇلاردىن بىرى

مېھمانخانا دېيىلىپ، قولىدا بارلار بىرئاز ياخشىراق ياساپ قويۇدىغان ئۆي، يەنە بىر تەرەپتىكىسى ئاشخانا دېيىلىدىغان ئۆي، ئۈنىسى بارلىق كۈندىلىك پائالىيەتلەرنىڭ بولۇدۇغان يېرى ئىدى. ھەم تاماق ئېتىش، تاماق يېيىش، ھەتتا ئۆيدىكى ئاساسلىق بولمىغان ئەزالار ياتىدىغانغىچە. ئەگەر ئۆيدە ئاتا-ئانا (قېرىلار) بولسا مېھمانخانا ئۆيدە، ئوغۇل-كېلىن ئاشخانا ئۆيدە يېتىشاتتى. قىش كۈنلىرى ھەممە ئۆيگە ئوت يېقىپ ئىسسىتىشقا چامى بولمىغاچقا ھەممەيلەن بىر ئۆيكە قاپلىشىپ ياتاتتى. ياز ئايلىرىدا ھويلىدا، ئۆگزىدە يېتىشقىمۇ بولاتتى.

جاڭ جۈنتاۋ دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىكى ئۆيدە دەپ پەرەز قىلدى. شۈغىنىسى ھېچ تاۋۇش، تىرىك جان بارلىقىنى دەلىللەيدىغان سادا يوق ئىدى. بەلكىم ئۆلگەندۇر، بۇنچە ئوقتا ساق قالسا مۆكەممەل بىر مۆجىزە بولمامدۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەچ، شۈندىمۇ ئېھتىيات بىلەن قورالىنى بەتلەپ، چىرىقىنى قورالىنىڭ ستۋولى بىلەن پاراللېل تۇتۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىدىن شىددەتلىك تېز ھەركەت بىلەن كىرىپ، چاققانلىق بىلەن ھەممە ئەتراپىنى يەلپۈگۈچ شەكىللىك كۈزۈتۈپ چىقتى. ئاندىن قارشىلىقىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، ئالدىرىمايراق، قايتىدىن تەپسىلىي تەكشۈردى. كۆردىكى، بۇ ئۆيدىمۇ ئۆلارغا تەسۋىرلەپ بېرىلگەن دۈشمەن يوق، ئەكسىچە بەش-ئالتە ياشلاردىكى نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىۋالغان بىر موماي قان ئىچىدە ياتاتتى. موماي ئۆز تېنى بىلەن نەۋرىسىنى قوغداشقا تىرىشىپ، ئۈنى دالدى قىلىپ تۇرىۋالغىنى بىلىنەتتى. لېكىن نورمىسىز ئېتىلغان ئوقلار ئۈنىڭ ۋۇجىك تېنىنى تىتما-تالاڭ قىلىۋېتىپ، ئۈنىڭدىن ئۆتكەنلىرى كىچىك قىزنىڭ بېشىنىڭ يېرىمىنى ئۇچۇرىۋەتكەن، مېڭىسىنىڭ قېتىقى يۈزى تەرەپكە ئېقىپ چۈشكەن ئىدى!

جاڭ جۈنتاۋ كۆڭلىنىڭ ئېلىشقىنىدىن بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق قەي قىلىپ، بېشى پىرىردە قېيىپ، تامغا يۆلىنىۋالدى. بۇ مەنزىرىگە تەكرار قاراشقا رەغىدىمۇ، جۈرئىتىمۇ يوق ئىدى. مەسلەردەك كالامپاي دەسسەپ، سەندىرەكلىگەنچە دالان ئۆيگە قايتىپ چىقتى. ئۇ ياقتىكى ئۆيدىمۇ مانا شۈنداق «خەتەرلىك دۈشمەن» بولۇش ئېھتىمالى ئېنىق تۇراتتى. شۈنداق بولسىمۇ بۇ بىر ئۇرۇش ئىدى، كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ياقتىكىسىدە راستىنلا بىرنەچچە دۈشمەن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا، ئارقامغا بۇرۇلۇشۇمغىلا بېشىمنى ئۇچۇرىۋەتسە،...



شۇلارنى ئويلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەن جاڭ خىتاي يەنىلا چىداپ، بۇ ئۆيگىمۇ قارىۋېتىشكە قارار قىلدى. ئەمما ئۈنىڭدا ھازىر ھايات قورقۇنچى تۈگىگەندەك، ئەقلى قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قەدەر جىددىي پوزىتسىيىدە بولۇپ كەتمەستىن ئىرەڭسىمەيرەك كىردى. قورالىمۇ بەك جىددىي بەتلەكلىك ھالدا ئەمەس، يېرىم چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئىدى. نېمە قىلىۋاتقىنىنى بەزەن ئاڭقىرىپ، بەزەن يەنە غەلىتە ئەقلىي تۇمان ئىچىدە يۈتتۈرۈپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. قورالنى جىددىيەت بىلەن بەتلىمىدى-يۇ، قول چىرىقىنى بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئەتراپقا تۇتتى.

ئۈنىڭ كۆرگىنى بۆشۈك ئۈستىگە ئارتىلغانچە ئۆلۈپ قالغان بىر ئانا ئىدى. ئۆينىڭ دەرىزىلىرىدىن ئوقلار ئۇچۇپ كىرىشكە باشلىغان ھامان، بۇ ئانا، ئانىلارغا بېغىشلانغان ئاشۇ چەكسىز پەرزەنت سۆيگۈسىدىن، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بالىسىنى قۇتقۇزۇش پىكرىگە كەلگىنى ۋە تېنى بىلەن بۆشۈكنى دالدا قىلىپ تۇرغاندا شېھىت بولغىنى بىر قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى. كاشكى ئۈنىڭ ئاشۇ پىداكارلىقىغا تەسىرلىنىپ بولسىمۇ، تەقدىر ئۈنىڭ بالىسىنى ئامان قالدۇرغان بولسىچۇ؟ بىر تەرىپى تىتىلىپ كەتكەن بۆشۈكنىڭ ئۆلتۈرۈپ قالغىنىغا قاراپلا بالىنىڭ ئانىسىدىنمۇ بالدۇر ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئۆلاشقىنىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى.

جاڭ جۈنتاۋ بۇھالنى، بۇ «دۈشمەنلەر»نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رېئاللىقتا ياشاۋاتقىنى ياكى چۈش كۆرۈۋاتقىنىنى پەرق قىلالماي قالدى. بۇ بولىۋاتقان ئىشلار ھېچ مۇمكىنسىز ئىشلار ئىدى. «خەلقىنىڭ پارتىيىسى» بولغان كوممۇنىستلار، خەلقىنىڭ قۇتقازغۇچىسى بولغان كوممۇنىستلار، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ غايىسى قىلغان كوممۇنىستلار بۇنداق قىلمايتى. شۇڭا بۇنى رېئاللىق دېيەلەمدۇ؟ بۇ چوقۇم قورقۇنۇچلۇق چۈش ئىدى. ئۈنىڭ ئالغان تەربىيىسىگە كۆرە پەقەت ياپون ئالۋاستىلىرى، جاھانگىرلارلا ئەنە شۈنداق ۋەھشىي ئىدى، ئەنە شۇلارلا ئەر-ئايال، قېرى - ياش، ھايۋان ياكى ئادەم دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي قىرغىن قىلاتتى. بۇنى قانداقمۇ «ئازاتلىق ئارمىيە» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ئەسكەرلىرى قىلسۇن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى....

ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا ھويلىدا تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۈنىڭ

ماجالى كەتكەن، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە ئەمدى تاقىتى يوق، ئەگەر يەنە مۇشۇنداق مەنزىرىنى كۆرسە ئېلىشىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى....

***

تۆۋەن هويلا مەركەزدە بولغاچقا ئەڭ سىرتتىكى قورشاۋ هالقىسىدا باشلانغان ئېتىشما ئاۋازلىرى خۇددى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئەمما ئۇيقۇدىن ياكى غەم ئىچىدە ئۇخلىيالمىغانلار مۆگدەشلىرىدىن چۆچۈپ باش كۆتۈرگەنلىرىدە ئۈنچىلىك يىراقتىن ئېتىلغاندەك ئاڭلانمىدى.

مەخەتقارى ئايالى بىلەن يا گەپلىشەلمىدى، يا ئۇخلىيالمىدى. هەر ئىككىسى بۇنداق تاتىسىز مىنۇتلاردا مىلىكە بولۇشقا ئاللاھ بەرگەن بۇدرۇق ئوغلى خالىد بىلەنلا هەپىلىشىپ يېتىشتى. سۆزلەشكۈدەك نېمە بار دەيسىز. بۇ شۇنداق مىنۇتلاردىكى، نېمە دەرىگىنى بىلمەيسەن. لەتىپە ئېيتىشاتتىمۇ؟ چاخچاقلىشاتتىمۇ؟ ئوينىشاتتىمۇ؟ هەر ئىككىسى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشنى ئەۋزەل كۆرگەندەك، بالىسىنى پەپىلىگەچ، ئېغىزلىرى شىۋىر-شىۋىر پىچىرلايتى.

ئۇلار ئويغاق بولغاچقا تۇنجى ئوق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ بىرتال ئوقنىڭ ئەمەس، ئۆلگۈچە ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازى بولغاچقا، يۈرەكلەرنى شۈركەندۈرىۋەتتى. مەخەتقارىنىڭ كۆڭلى دەرهال ئېغىر بىر مۇسىبەتنى تۇيغاندەك بولۇپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئوق ئاۋازى يېزا مەركىزىدىن ئەمەس، سىرتىدىن ئاڭلاندى. بۇ دېمەك، سىرتتىن يېزىغا قاراپ زور بىر قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئاخشامدىن بېرىقى جىمىلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ۋە ئىختىيارىدىن تاشقىرى دەهشەت بېسىپ كەتتى. ئەسلىدە خىتايلار زور كۈچ ئىشلىتىپ قىلىدىغان هۇجۇمى سەۋەبىدىن، يېزا مەركىزىنى قورشىۋالغان ساقچىلىرىنى چېكىنىدۈرىۋەتكەن، قارشى تەرەپتە هەركەت بولمىغاچقا مۇجاهىتلارمۇ بىكاردىن ئوق ئېتىپ يۈرمىگەن! جىمىلىقنىڭ سەۋەبى مانا بۇ ئىكەن ئەمەسمۇ!

بۇ قېتىمقىسى ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ تۇراتتى. خىتاي ئۇنداق مۆكۈشمەك ئويناشنى ئۇزاققا سوزمايتى. مىڭ پاتمان ئېغىرلىق



بىلەن بىرلا بېسىپ، مىجىقنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتمەكچى بولىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ئەمدى بۇ قۇربانلىقنىڭ چېكى زادى قانداق بولار؟ مانا شۇنداق ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتمەكتىنمۇ تەس ئىش يوق. ۋاقىتنىڭ ئاستىلىقى، گويا ئۆمۈر كېتىۋاتقاندەك. بالىنىڭ قەغىش قىلىپ ئۇخلىمىشى،... ئەر-خوتۇن ئارىسىدا خۇددى ئۇرۇشۇپ قالغاندەك گەپنىڭ قولاشمىشى،... بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراقى بولماس. كاشكى شۇ بولۇدۇغان ئىش بولۇپلا كەتسە، بىراقلا قۇتۇلسام دېگۈسى كېلەتتى.

مانا شۇنداق يۈرەكنى سىققۇچى كەيپىيات ئىچىدىكى كۈتۈشتە قانچىلىك ۋاقتى ئۆتتىكىن؟ بەلكىم تاڭ سەهەر بولۇپ قالغاندۇر، نېمىلىكى بولمىسۇن، مەخەتقارى ناماز ئوقۇش بىلەن بىرئاز ۋاقىت كەچۈرمەكچى بولدى. يېرىم كېچىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بامدات ۋاقتى بولغاندۇر بەلكىم، دەپ، بىرنەچچە رەكئەت نەفىل ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇدى ۋە تېخىچە بالا بىلەن هەپىلىشىپ ئولتۇرغان ئايالىغا:

— نېمىلا بولمىسۇن، نامازنى ئوقۇۋالىلى زىبىخان، ئوغاق ئوتتۇراپ ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمەيلى، يەنە. قويۇڭلا، بالىنى، بالا دېگەن بىردەم يىغلاپ تۇرسا هېچنېمە بومايدا، — دېدى.

ئايالى تاهارەت ئالغىلى هويلىغا چىقىپ كىرگەندە كالپۇكلىرى بەزگەكتەك تىترەپ تۇرۇپ:

— نىمىشتۇ بۇ، مەخەتقارى، قىيامەتمۇ بۇ؟ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان يورۇق شوينىلانى دەيمىنا؟ نىمانداق جىق!؟.... —دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى يىپتەك ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان سانسىز ئوقلار ئىدى. مەخەتقارى ئۇنىڭدىن جىقراق نەرسىنى بىلىپ تۇرىۋاتسا، بۇ گەپنىڭ يېڭى بىر تەسىرى بولارمىدى؟

— بىسمىللا دەپ نامىزىڭلانى ئوقۇڭلا، خوتۇن، ئاللاھ با... —دېدى ئۇ ۋەزىيەت هەققىدە ئىشەشسىزلىك بىلەن.

— بىر يەرگە قېچىپ كېتەملىيا؟...

— ساراڭمۇ سەن؟ قېچىپ نەگىمۇ بارامەن؟ قاچسام گۇنايىم با دېگىنىم بولۇدۇ شۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە تۇرۇۋەسەم ياخشىراق، ئاللاھ ساقلىسا هېچ ئىش بومايدا،....

— ئاللاھ ساقلا، ئەمما،... قاراپ تۇرۇپ ئۆلەمنى ساقلىغاندىن دەيمنا،...

— بولدى، نامىزىڭلىنى ئوقۇڭلا،...

ئەسلىدە، مەخەتقارىدا بامداتقىچە ساق قېلىشىغىمۇ ئىشەنچ تۇگەپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ مۇشۇنچىلىك چېغىمىزدا ئاخىرقى نامىزىمىزنى بولسىمۇ قازاسىز ئوقۇۋالىلى، دەپ ئويلاپ، نامازنى ئوقۇۋەرگەن ئىدى. بەلكىم بىرئاز بالدۇر بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئوقۇۋالغىنى ياخشى بولغان بولىشى مۇمكىن.

بۇ ۋاقىتتا ئۇق ئاۋازلىرى يېقىنلاپ قالدى. مەخەتقارى ئاۋازلاردىكى جىددىيلىك، پەسىيىش، يېقىنلاش قاتارلىقلارغا قاراپ، دېھقانلارچە «كۆزچەن»بىلەن ئۇلارنىڭ يېزا مەركىزىنى باسقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغان ئىدى. ئەمدى ئېتىشما تىنچىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەسكەرلەر يېزا مەركىزىدە قاپسىلىپ قالغانلارنى يوقاتماقچى، ئۇلارنى يوقاتقاندىكىن، ئىشى تۈگىشى كېرەك ئىدى. ئەمما قاتتىق جىددىيلەشكەن ئېتىشما ئاۋازلىرىدىن كېيىن ھەرخىل ئاۋازلار: ۋارقىراشلار، تەگبىر ئاۋازلىرى، قىقاسلار، نالە-پەريادلار پەلەككە يېتىپ جىمغاندىن كېيىنمۇ جىمجىتلىق باشلانمىدى. يەنە ئۆلگۈچە ئېتىشلار داۋام قىلىپ، مەخەتقارىلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى!

— نىم بولاپ كېتىۋاتقاندۇ، ما جاھان؟ — دەپ كۇسۇلدىدى، مەخەتقارى ئۆز-ئۆزىگە، بۇ يانغا كېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇغۇ؟ بىر كېچە ئېتىپمۇ تۈگىمىگەن قانچىلىك ئادەم باتىكى، مەن بىلمەيدىغان؟ ئەستاغ-...

— نىم دىلە؟

— ھە، ... ئۆزەمچە، ... باشقا ئىشمۇغۇ يوق....

قوشنىلارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ چۇل-چۇل بولغان ئاۋازى، تونۇش ئاۋازدىكى پەريادلار ئۇق ئاۋالىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەندىلا مەخەتقارى زەيدىنقارىنىڭ دېگەنلىرىنى دەرھال ئەقلىگە كەلتۈردى: «خىتاينىڭ مەخسىدى بىزنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش، ياۋاش بولساق چېقىلمايدۇ، دەپ خام خىيال قىلىپ قالماڭلار، ئۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىمىز، ئاللاھنىڭمۇ دۈشمىنى...!» دېگەن ئىدى. دېمەك، بۇ ئادەملەرنى تۈرگە ئايرىپ ئۆلتۈرۈدۇغان تىپتىكى ئۇرۇش ئەمەسكەن!

ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. خالىددىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك



ئىتتىك سۇپىغا چىقىپ، بالىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى...

****

— تۇرە يارىماس، ئۆلگۈر ئەبلەخ!

— ھە!؟... — جاڭ جۇنتاۋ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماستىن مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ تېپىشى بىلەن گاڭگىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— يارىلاندىڭمۇ؟ نېمىشكە ئۇق تەككەن تۇرنىدەك بوينۇڭنى پۈكۈپ مۈكچىيىۋالدىڭ، ھايۋان؟

جاڭ خىتاي ھېچنېمە دېيەلمەيتى، ئۇنى چىقماي، گېلىغا بىرنېمە كەپلىشىۋالغاندەك ئۆي ئىچىنى ئىشارە قىلاتتى.

— ھە، چۈشەندىم، دەسلەپتە كۆرۈپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرمەك نېرۋىغا ئېغىر كېلىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال، ئەمدى كۆنۈپ كېتىسەن، ھەتتا خۇمار بولۇپمۇ قالىسەن، تۇر، ماز پاينەك. لاپچىيىپ تۇرۇۋەرمەي، مارش! ۋەزىپە ئالدىمىزدا!

— ياق،... مەن ئەمەس،...

— گەپ سېتىپ تۇرۇدىغان ۋاقىت ئەمەس دېدىمىمۇ، تامام، مارش!

ئونبېشى ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كىرىپ چىققان ئۆيىدە چالا قالغان ئادەملەر بولسا تازىلىۋېتىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. بۇيرۇق شۇنداق ئىدى. كوماندىرلار ھەر ئۆينى تەكرار تەكشۈرۈشلىرى كېرەك ئىدى.

سەندىرەكلەپ يۈرۈپ كەتكەن جاڭ، سەھەرنىڭ نەمخۇش سوغۇق ھاۋاسىدىن كاللىسى بىر ئاز ئېچىلىپ، تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئاشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە يەنە بىر قېتىم قارا باسقاندەك تەرلەپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىشلىرى ئەسكەرلەردەك چەبدەس ئەمەس، مەسلەردەك كالامپاي ئىدى. خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆسۈش ھەلەكچىلىكىدە جان-پېنى بىلەن يۈگرەپمۇ كەتمەي، لوپۇلداپ مېڭىپ، يەنە بىر غېرىپ كەپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ۋەزىپىسىنى يادىغا ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆينى ئوققا تۇتمىدى. قورالىنىمۇ بەتلىمىدى. خۇددى گېلى قۇرۇپ، سۇ ئىچىۋالغىلى كىرىۋاتقاندەك، بولۇمسىز ھەركەتلەر بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

چۈنكى ئۇ ئەمدى بۇ ئەسكى غېرىۋانە ئۆيلەردە دۈشمەن بارلىقىغا ئىشەنمەيتى. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى فاشىستلارغا ئۆلگە بولالىغۇدەك ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئىدى. بۇلارنى قىرىپ كىمنى ئازات قىلاتتىكىنە؟ ئۇنىڭ بۇلار ھەققىدە كاللا قاتۇرغىدەكمۇ ھەپىلىسى قالمىغان ئىدى. ئۇ تامامەن جان ھەلەكچىلىكىدە قېلىش بىلەن، ساراڭ بولۇپ قالماستىن، كۆزگە يامان كۆرۈنۈپ، جازالىنىپ قېلىشتىن قانداق ساقلىنىش، قانداق قىلىپ تىرىك چىقىش ۋە ئەسكەرلىكنى تۈگىتىپ ئۆيىگە تېنچ ئامان بېرىۋېلىش كويىدىلا ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلار ئاللىقاچان باسقىن قىلىپ بولغان ئۆيلەرگە كىرىپ، يالغاندىن ۋەزىپە ئۆتەپ چىققاندەك بولۇۋېلىشنى كۆزلەيتى. چۈنكى، بۇ ئېتىشلاردا بۇ يېزىدا يەنە تىرىك جان قالدى دېسە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتى. ئۇنداقكەن، ئۇنىڭ «دۈشمەن» ۋەھىمىسىدە بولۇشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەپلەپ كۆز بوياپ، بۇ ئىشنى تۈگىتىۋالسىلا...

ئۇ ئەنە شۇنداق گاراڭ ھىسلار ئىسكەنجىسىدە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە دالان ئۆينىڭ سۇپىسىدا ئەر-خوتۇننىڭ تىتىلىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم قۇرۇق قەي قىلىپ، ئۈچەي-باغرى يېنىپ چىقىدىغاندەكلا قىينىلىپ كەتتى. بىردىنلا جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا مىدىرلىغان بىرنەرسىنىڭ ھەركىتى كۆزىگە چېلىقتى. دەسلەپ قورقۇپ كېتىپ قورالىنى بەتلەي دېدى-يۇ، كېيىن بۇنچە قان ئىچىدە ئۇنىڭغا زىيان سالالىغۇدەك جان قالمايدىغانلىقىنى ئەقلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ مىدىرلىغان بەلكىم ئۆينىڭ مۈشۈكىمىكىن، دەپ ئويلاپ، جەسەتتىن بىرىنى بىر تەرەپكە سىلجىتتى. قولى قانغا بۇلىنىپ كېتىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئەمما راست دېگەندەك، بىر ئاز كۆنۈكۈپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ھىس قىلىپ يەتتى.

ئىككى جەسەت ئارىلىقىغا قىسىلىۋالغىنى مۈشۈك ئەمەس، تەم-تىم ماڭغان بىر ئوغۇل بوۋاق ئىدى! بالىنىڭ ئۈستى بېشى قان ئىدىيۇ، ئەمما بۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ قېنى ئىدى. بالا، ئەسكەرگە چەكچىيىپ قارىدى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ ئەقلى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك، ياكى چالا ئۇيقۇلۇق ھالىتىدىن ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قان ئىچىدىن ئاستا ھەركەتلەر بىلەن نەچچە مۇدۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسكەر تەرەپكە ئۇمتۇلدى. بالا ئاللاھ ئاتا قىلغان تۇغما سەزگۈسى بىلەن، ئەسكەرنىڭ زىيانداش ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندەك،



كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئەسلىدىمۇ ئارقىمۇ-ئارقا روھىي زەربىلەردىن لەرزىگە كېلىپ، پۈتۈن مەنىۋىيىتى يېمىرىلىپ كەتكەن جاڭ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى، بالىنىڭ كىملىكىنى بىردەمگە ئۇنۇتۇپ، خاس ئادىمىيلىك ھىسسى ئىچىدە بالىنىڭ مەسۇمانە ئىنتىلىشىگە چىداپ تۇرالماي، قولىغا ئالدى. بالا ئۇنىڭ بويىنىغا مەھكەم يېپىشىۋالدى. سەبى جان، پەرىشتىدەك پاك بوۋاق، كۆز ئالدىدىكىنىڭمۇ ئاشۇ ۋەھشىي ئەسكەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەرمىدى؟

جاڭ ئاڭسىز ھالدا قولىغا ئېلىۋالغان بالىنىڭ خۇددى دادىسىغا تىۋىنغاندەك مەسۇمانە يېپىشىشى، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن دېگەندەك سەبىي مۆلدۈرلىشىگە بەرداشلىق بەرگۈدەك ھالى قالمىدى. ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. بالا بۇ قورقۇنۇچلۇق ئۆيدىن كېتىشنى، پاتراق تاشقىرىدىكى ساپ ھاۋاغا، سەھەرنىڭ سالقىن ساپ ھاۋاسىغا ئۇلۇشۇۋېلىشنى ئىستىگەندەك، كىچىك پۇتلىرى بىلەن تىپچەكلەيتى. خۇددى چەۋەندازنىڭ شىپۇر قېقىلغان ئۆتۈكلىرى بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىنى ئۆكچىلىگىنىگە ئوخشاش ئۇنى مېڭىشقا ئۈندەيتى. جاڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ تاشقىرى چىقالارمىدى؟ بۇ ئۆلۈم دېمەك بولاتتى! ۋەھشىيلەرنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىدى. بالىنى قويۇپ قويۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا تاغدەك جاسارەت، مىڭ پاتمانلىق كۈچ بولۇشى كېرەك ئىدى. سەبى بوۋاقنىڭ مەسۇمانە ھەركەتلىرى يوغان قوي كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يېشى، ئۆمچۈيۈپ يىغلىشى ئۇنىڭ جاسارىتىنى قۇرۇتۇۋەتكەن، قويۇپ قويۇش قولىدىن كەلمەسلا بولغان ئىدى.

ئۇ چۈش ۋە رىئاللىق ئارىسىدىكى ئاشۇ تۇمانلىق تۇيغۇلار ئەسىرلىكىدە، بالىنى بويىنىغا گېرە سالدۇرغان پېتى قاقىقان قوزۇقتەك پەگادا قېتىپ قالغان ئاشۇ مىنۇتتا تاشقىرىدىن تومۇزدىكى ئىتتەك ھاسىراپ كىرگەن بىرى بۇ ھالنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! — دېگەن ئاۋاز ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. بۇ مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ، ئاتالمىش دوستىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — نېمە قىلىۋاتىسەن ھاماقەت!

جاڭ ھىچنەرسىگە تىلى كەلمەي ساراڭلاردەك چەكچىيىپ قالغان ئىدى.

ئونبېشىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنى ئۇزاقتىچە كاللىسىغا ئولتۇرمىدى. ئۇ خۇددى مىڭلارچە كىلومېتىر ئۇزاقتا سۆزلەيتى، ئاغزىنىڭ مىدىرلىغىنى

كۆرۈنەتتى، ئاۋازى ئۇقۇلمايتى. خۇددى بىرسى چۈشىدە، كويىقاپتىن گەپ قىلاتتى؛ ئەمما بۇ تىلسىملانغان يەردە ئاۋازلار بەھەيۋەت مەخلۇقلار تەرىپىدىن شورۇلۇپ كېتىلگەچكە مەۋھۇملىشاتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە قەھىرلىك بىر شاپىلاق تەككەندە ئاندىن ئۇ ئۆزىگە كەلدى.

— ھۇ، يارىماس ئۆلۈك! نىم قىلىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ ئۆزەڭنىڭ جېنى تاتلىقمۇ ياكى بۇ كىچىك ئايلامباشىنىڭمۇ؟ ئۆزەڭ تاللا! تېز! — دېگەن ۋارقىراش ئەمدىلا ئېنىق ئاڭلاندى، — ياخشىكى مەن كۆرۈپ قالدىم، باشقا بىرسى بولۇدۇغان بولسا سېنى دەرھال ئېتىپ تاشلىسا ھوقۇقى بار ئىدى. بۇيرۇق يادىڭدا باردۇ؟ ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسى بولسۇن، مەن بىلمىگەن بولاي، دەرھال سەپكە يېتىش! — دېدى ۋە بالىنى تارتقۇشلىدى.

جاڭ ئاڭسىز بىر ھەركەت بىلەن بالىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويۇپ، بالىنىڭ مەھكەم پاچىقىنى سىقىمدىۋالغان كىچىك قوللىرىنى ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ئاجرىتىۋېتىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. تەبىئىيكى، ئۆزىنىڭ جېنى تېخىمۇ تاتلىق ئىدى!

ئون بېشى ئۆي ئىچىدە قالدى. جاڭ «ئۇ نېمىشقا چىقمايدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا بۇرۇلغان چېغىدا، ئۆي ئىچىدىن «گۇم!» قىلغان بىر پاي ئوق ئېنىق ئاڭلاندى!

جاڭ جۈنتاۋ ئەمدىلا چىققان ھويلا سىرتىدا دەم كۆتە بولغاندەك ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۆي ئىچىدىن خۇددى بۈيۈك بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىۋەتكەندەك، غالىپلىق مەغرۇرلىقى بىلەن چىقىۋاتقان مۇئاۋىن ئونبېشىنىڭ تاپانچىسىنى غىلابىغا سالغاچ بۇ تەرەپكە كېلىشىگە نەپرەت بىلەن قاراپ، كۆڭلى ئاينىپلا كەتتى. مۇزدەك بىرنەرسە ئىچىنى مۇزلاتقانچە مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇنىڭ ئاشۇ سانسىزلىغان ئوق ئاۋالىرى ئىچىدىن ئالاھىدە بىلىنگەن، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلانغان بىر تال ئوق ئاۋازى تۇيەيلىدىن ياكى سەھەرنىڭ سوغ ھاۋاسىدىن بولغىنىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتى. ئۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ھاراق ئىچكەن پىيەنچۇكتەك، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق قەي قىلاتتى. كۆچىنىۋېرىپ ھالى كەتكەن ئىدى. ئاخىرى شاقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى!

— ۋاي مازىپاينەك، بوپتۇ، بىرئاز ئېسىڭگە كېلىۋېلىپ ئارقىمىزدىن يەت،



سېنى مىجەزى يوق بولۇپ قالدى دەرمەن، ئەمما بۇ ياخشىلىقىمغا چوقۇم جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەك!... — شۇنداق دېگەنچە ئۆز سېپىي تەرەپكە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىشى بىلەن، شەرقنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا قاندەك قىزىللىق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. خۇددى قان كەلكۈنى ئالەمنى باسىدىغاندەكلا سۈرلۈك، مەھزۇن كۆرۈنەتتى. يەنە جاننى قىينىغۇچى جىمجىتلىق يۇرتقا ئېتەك يېيىپ، يۈرەكلەرنى مۇجۇماقتا ئىدى. ئەگەر سوقۇۋاتقان يۈرەك قالغان بولسا....

2010-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى

2002 -يىلى 10- ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى «ئەركىن ئاسىيا» رادىيوسىنىڭ پروگراممىسىدا بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان سابىق خىتاي ئەسكىرى جاڭ جۈنتاۋ ۋە ئۇنىڭ سېغىنما ئادۋۇكاتى زىيارەت قىلىنغان ئىدى. بۇ ھىكايە ئەنە شۇ زىيارەتتە جاڭجۈنتاۋنىڭ دېگەنلىرىنى ئاساسي مەنبە قىلغان بولسىمۇ يېزىش ئىشى بۇگۈنگىچە كېچىككەن ئىدى.